# شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى

(22)

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى
ش ئۇ ئا ر كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى
تەتقىقات ھەيئىتى

6269

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: خالىق ساقى
ئابلىز مۇھەممەت سايرامى

**شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى (22)**

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى تەتقىقات ھەيئىتى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جىيەنجۇڭ كوچىسى № 54)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 3 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 787 × 1092 مم 1/32
باسما تاۋىقى: 8.625
1988 - يىل 9 - ئاي 1 - نەشرى
1988 - يىل 9 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 —— 5,700
ISBN 7—228—00724—7/K·61
باھاسى: 1.15 يۈەن
(ئىچكى جەھەتتە تارقىتىلىدۇ)

## مۇندەرىجە

شىنجاڭنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھەربىي - مەمۇرىي ۋالىيسى يۈەن داخۇا ...... ۋاڭ داخېڭ 1
ياڭ زېڭشىننىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش ئۇسۇللىرى ...... بو شىڭ 12
ياڭ فېيشيانىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى ...... جىن گۇجىن رەتلىگەن 40
جىن شۇرېننىڭ نەنجىڭدا قاماقتا ئېلىنىشى ...... چېڭ فىڭ 72
ماكىنانىڭ ئازادلىق ھارپىسىدىكى بەزى ئەھۋاللىرى توغرىسىدا ...... 99
شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى ھەققىدە بايان ...... ليۇ دېخې 104
شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ قىسقىچە تارىخى ...... خې گېڭگۇاڭ 122
1939 - يىلدىن 1942 - يىلغىچە بولغان «شىنجاڭ گېزىتى» ...... جاۋ شىنيا 139
جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتىن بۇرۇنقى سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق بەش كونسۇلخانىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ...... سەي خېڭسىڭ 156
شېڭ شىسەينىڭ ئۆزىنى گومىنداڭ قوينىغا ئېتىش جەريانى ...... لى فەنچۈن 174
شىنجاڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئوفىتسېرلار مەكتىپى ھەققىدە قىسقىچە تونۇشتۇرۇش ...... جىن گوشياڭ 246

# شىنجاڭنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھەربىي - مەمۇرىي ۋالىيسى يۈەن دا خۇا

ۋاڭ داخېڭ

يۈەن داخۇا (1851 — 1935)، تەخەللۇسى شىڭ نەن، ئەنخۇي ئۆلكىسى گۇيياڭ ناھىيىسىنىڭ دايۈەنجۇاڭ مەھەللىسىدە پومېشچىك ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. شيۇسەيلىك ئىمتىھانىدىن ئۆتكەندىن كېيىن دۆلەت تەمىناتىغا ئېلىنىپ، مۇدەررىس (ناھىيلىك باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى) بولغان. كېيىن دوگېيغا بېرىپ موخې ئالتۇن كېنىنىڭ باش ئەمەلدارى بولغان، ئۇندىن كېيىن دوگېيەن، گۇەنچۇەنجۇڭ، شۇيجۇلارغا ئامبال، شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ ئامانلىق تەپتىشى ۋە ھەربىي - مەمۇرىي ۋالىيسى (قارىلىق بولۇپ قېلىپ خىزمىتىگە بارمىغان)، شىنجاڭنىڭ ھەربىي - مەمۇرىي ۋالىيسى بولغان، چوڭ بوۋىسى مېيەن، بوۋىسى جىڭ شىن، دادىسى چۈن تيەنلەر ئۇنىڭ نام - شۆھرىتى تۆپەيلىدىن «يارقىن مۇشاۋىر» لىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن، ئۇنىڭ چوڭ مومىسى ساۋشى خېنىم، مومىسى سۇنشى خېنىم، ئانىسى ۋاڭ شى خېنىملار بولسا بىرىنچى دەرىجىلىك مەنسەپدار خانىمى دېگەن نامغا ئېرىشىپ، بىر مەھەل راسا كۆرەڭلىگەن، ئۇ، ئۆمۈر بويى چىڭ خانداندىلىقى

غا ساداقەتمەنلىك بىلەن ئىشلىگەن ئىدى. يۈەن داخۇا گۇ-
دەك چاغلىرىدىلا نەزمە - نامىلەرنى ئوقۇغان، ئىمتىھاندىن
ئۆتۈپ ھۆكۈمەت تەمىناتىغا ئېلىنغاندىن كېيىن ئۆز يۇرتى-
دا مۇدەررىسلىك قىلغان. ئۆز ئارزۇ - ئارمىنىغا يېتەلمەي،
يۇقىرىغا يامىشىش كويىغا چۈشۈپ، جىلىندا ئەسكەر بول-
غان بولسىمۇ، ئەمما بىرەر مەنسەپكە ئېرىشەلمىگەن. 1881-
يىلى شۇ چاغدىكى ھەربىي ئىشلار ۋەزىرى لى خۇڭجاڭ
ۋۇ فامىلىلىك بىر چوڭ ئەمەلدارنى چار پادىشا روسىيە-
سى بىلەن بولغان خارجى ئىشلارنى بېجىرىش ئۈچۈن خېيى-
لۇڭجياڭ ئۆلكىسىنىڭ بايەن دېگەن يېرىگە ئەۋەتكەندە،
يۈەن داخۇا ۋۇ فامىلىلىك ھېلىقى ئەمەلدارنىڭ خىزمىتى-
دە بولغان. كېيىن بۇيرۇققا بىنائەن جىلىن، خېيلۇڭجياڭ
ئۆلكىلىرىنىڭ روسىيە بىلەن چېگرىلىنىدىغان يولى، ۋىلا-
دىۋوستوك ۋە شۇاڭچېڭزى قاتارلىق جايلاردا روسىيە-
نىڭ ھەربىي ئەھۋاللىرىنى رازۋېت قىلىپ، خەرىتە سىزىش
بىلەن مەشغۇل بولۇپ ئىككى يىلدىن ئارتۇق تۇرغان. شۇ-
نىڭدىن كېيىن يەنە چوڭ ھىنگان تاغلىرى ۋە ئامۇ دەر-
ياسىنىڭ بويلىرىدا لاۋجىنگو بىلەن موخې دەرياسى بويى-
دىكى ئالتۇن كان رايونلىرىنى قىدىرىپ تەكشۈرگەن. شۇنى-
دىن ئېتىبارەن لى خۇڭجاڭغا يېقىلىپ قالغان ھەمدە لى
خۇڭجاڭ تەرىپىدىن موخې ئالتۇن كانىنىڭ باش ئەمەل-
دارلىقىغا كۆرسىتىلگەن. يۈەن داخۇا بۇرۇن تەلىم - تەربى-
يە يېتەكچىسى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بۇ ۋەزىپىگە
تەيىنلىنىشى سالاھىيىتىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن قائىدىگە ئۇيغۇن
كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ پۇل خەجلەپ ناھىيە ئامباللىقىنى
سېتىۋېلىپ، ئاندىن كېيىن ئالتۇن كانىنىڭ باش ئەمەلدار-



لىقىغا تەيىنلەنگەنىدى. بۇنداق دەرىجە ئاتلىتىپ مەن-
سەپكە تەيىنلەش يۈەن داخۇانى ھەم شادلاندۇرغان، ھەم
ھاڭ - تاڭ قالدۇرغان ۋە چىڭ خاندانلىقى ئوردىسى بى-
لەن لى خۇڭجاڭنىڭ شەپقەت - شاپائىتىدىن قاتتىق تە-
سىرلەنگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ ھىممىتىگە جاۋاب ياندۇرۇش
نىيىتىدە ساداقەتمەنلىك بىلەن سەككىز يىل ئىشلەپ بۇ
كاننىڭ يىللىق ئالتۇن مەھسۇلات مىقدارىنى بىر قانچە
ئون مىڭ سەرگە يەتكۈزگەن. موخې دەرياسى خېيلوڭجياڭ
ئۆلكىسىنىڭ ئەڭ چەت ياقىسىغا جايلاشقان، ئادىمىزات ئا-
ياغ باسمايدىغان قاقاسلىق بولۇپ، چار روسىيە دائىم
چېگرىدىن ئۆتۈپ پاراكەندىچىلىك سېلىپ تۇراتتى، شۇن-
داقلا باندىتلار ئەنسىزلىك تۇغدۇرۇۋاتىدۇ دېگەن باھانە بى-
لەن بۇ جاينى ئۇزاققىچە بېسىپ يېتىش غەرىزىدە بولدى.
يۈەن داخۇا بۇنداق ۋەقەلەر يۈز بەرگەندە يوللۇق تۈردە
ئۇلارغا رەددىيە بېرەتتى، چار روسىيە ئوفىتسېرلىرى باندىت
لىن چى ۋە تيەن لىبىن قاتارلىقلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈش
ئارقىلىق ئۇلارنى چار روسىيە ئوفىتسېرى قىياپىتىدە ياساپ،
ئوننەچچە نەپەر چار روسىيە ئوفىتسېرلىرىنىڭ ھەمكارلىقىدا
جاي - جايلاردا پاراكەندىچىلىك ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ
بارغان. يۈەن داخۇا ئۇلارنىڭ تەرجىمانى جاڭ فىڭچى ئا-
تا - بالا ئىككىسىنى پەم بىلەن قولغا چۈشۈرۈپ ئۆلتۈرۈپ
قالغان ئادەملىرىنىمۇ يوقىتىۋەتكەن. يۈەن داخۇا روسىيە
ئوفىتسېرى مادارىدوۋنىڭ يەر ئىجارە بېرىش، سودىگەرچى-
لىك قىلىشقا يول قويۇشىنى ئىلتىماس قىلىشتەك يولسىز
تەلەپلىرىنى رەت قىلغان. يۈەن داخۇا بۇرۇن روسىيە قو-
شۇنلىرىنىڭ ئەھۋالىنى رازۋېت قىلىپ كۆرگەن ۋە چار رو-

سىيە بىلەن مۇناسىۋەتمۇ قىلىپ كۆرگەچكە تاشقى ئىشلارنى
ئەپلەپ - سەپلەپ بىر تەرەپ قىلىپ ئاز - تولا نەتىجە
ياراتقانىدى. چىرىكلىكتە پەللىسىگە يەتكەن چىڭ سۇلا-
لىسى زامانىدا ئۇنىڭ بۇ نەتىجىلىرىنى قالتىس ئىش دېيىشكە بو-
لىدۇ، ئەلۋەتتە. شۇڭا ئۇ لى خۇڭجاڭنىڭ قول ئاستىدىكى
قابىل بىر چاپارمەن بولۇپ قالغان ۋە شۇ ۋەجىدىن پا-
دىشاھنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولۇپ، پەي بىلەن
بېزەلگەن مەنسەپدارلىق تاجىسى ئىنئام قىلىنىپ، 2 - دەرى-
جىلىك ۋالىيلىققا ئۆستۈرۈلگەن. لى خۇڭجاڭ ئىچكىرىگە
يۆتكەلگەندىن كېيىن دېھقانچىلىق ئەمەلدارى ۋېڭ تۇڭخې
بىلەن چىقىشالماي، ئاستىرتىن پۇت تېپىشىپ تۇرىدۇ، ۋېڭ
تۇڭخې يۈەن داخۇانى خىيانەتچى دەپ ئەيىپلەپ، لى
خۇڭجاڭنى مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلدى، دەپ ئەيىپلەيدۇ.
چىڭ خاندانلىقى ئوردىسى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدار
يەن ماۋنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا ئەۋەتىپ، يۈەن
داخۇانى پەي بىلەن بېزەلگەن مەنسەپدارلىق تاجىسىدىن
ۋە 2 - دەرىجىلىك ۋالىيلىق ۋەزىپىسىدىن مەھرۇم قىلىدۇ.
كېيىنچە خېبېي ئۆلكىسىنىڭ باش ۋالىيسى ۋاڭ رېنخېنىڭ
ئارىغا چۈشۈشى بىلەن ئۇنىڭ ئەسلى مەنسىپى ئورنىغا
كەلتۈرۈلۈپ، خىزمىتى خېبېي ئۆلكىسىگە يۆتكەلدى.

1898 - يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 24 - يىلى) يۈەن داخۇا
لى خۇڭجاڭنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن شەندۇڭ ئۆلكىسىگە بې-
رىپ، خۇاڭخې دەرياسىنى چاڭچىڭغا باشلاش قۇرۇلۇشىنى
قېدىرىپ تەكشۈرۈپ، ھاشار ھېسابىغا قۇتقۇزۇش بېرىشتەك
قۇرۇلۇش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي،
ئۆز يۇرتىدا ئاچارچىلىق دەستىدىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەن-



لىكىنى ئاڭلاپ روخسەت سوراپ يۇرتىغا قايتىدۇ. 1 - ئاي-
نىڭ 8 - كۈنى سۇجۇ (ھازىرقى سۇشيەن ناھىيىسى) ناھى-
يىسىنىڭ لىن خۇەن بازىرىغا بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئائىلىسى
تۇرۇشلۇق داچۇەنجۇاڭ مەھەللىسىنىڭ قوزغىلاڭچىلار تەرىپى-
دىن قامال قىلىنغىنىغا 14 كۈن بولغانلىقىدىن خەۋەر تا-
پىدۇ. ئۇ چاغدا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى چىرىكلىشىپ،
خەلقنىڭ ئۆلۈش - تىرىلىشى بىلەن كارى بولمىغان، ھەر
يىلى كەلكۈن ئاپىتى ۋە قۇرغاقچىلىق ئاپىتى بولۇۋەرگەن،
«گۇخې دەرياسى ۋادىسىدىكى ئاھالىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ
قىسمى ئاچ قالغان» (يۈەن داخۇانىڭ سۆزى). يەرلىك
ئەمەلدارلار يۇقىرىغا يالغان مەلۇماتنامە يوللاپ ئۆزلىرىنى
پەدەزلىگەن. ئامبال ئوۋ ياڭگى پۇقرالارنىڭ دەرد - قاي-
غۇسى بىلەن ھېسابلاشماي، ئالۋاڭ - ياساقنى سېلىۋەر-
گەن، خەلق ئاچ - زارلىق، بالايىئاپەت ئىچىدە قالغان-
شۇنىڭ بىلەن خەلق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە مەجبۇر بولغان.

1898 - يىلى قەمەرىيە 11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى لىۇ
چاۋدۇڭ (لەقىمى لىۇگېدا)، نىيۇرۇشىيۇ، ۋېي دېچېڭ ئۈچەي-
لەن باش قوشۇشۇپ ئاچ قالغان پۇقرادىن 200 دىن ئارتۇق
ئادەمنى باشلاپ، 19 - كۈنى ساۋشى بازىرىنىڭ تۇز دۇكىنىنى
ئىگىلىۋالغان. بۇ ئىشتىن كېيىن تېخىمۇ كۆپ ئاماقوزغىلىپ
ئاۋاز قوشقان، بەش - ئالتە يۈزدەك ئادەم يىغىلىپ دا-
يۇەنجۇاڭ مەھەللىسىدىكى يۈەن داخۇا ئائىلىسىگە بېرىپ مىل-
تىق، ئات - ئۇلاق بېرىشنى تەلەپ قىلغان. ئۇلار يۈەن
داخۇانىڭ ئىنىسىنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ ھېچنېمىگە ئېگە
بولالمىغان. ئۇ يەردىن شاۋشى بازىرىنىڭ مەرھۇم باشلىقى نىي-
ۋشىخەن ئائىلىسىگە بېرىپ ئۇلاردىن 30 باغلامدىن ئارتۇق نەيزە

بىر قانچە ئون تال بەتلەنمە مىلتىق ئالغان. يېقىن ئەتراپتىكىلەرمۇ ئۇلارغا ماسلىشىپ قوزغالغان. شىنگوڭسەن تېغىدىكى تۇزچىلىق دۇكىنىمۇ يەرلىك يوقسۇللار تەرىپىدىن پاچاقلىۋېتىلگەن. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى لۇڭشەن بازىرىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن مىڭبېشى ۋويېۋمۇ قولغا چۈشۈپ ئۆلتۈرۈلگەن. بازار بېگى جاڭ دېشۇ قاتتىق يارىلىنىپ ئۆلگەن. چىڭ سۇلالىسى ئارمىيىسىدىن بىر قانچە ئون ئادەم، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىدىن 100 دىن ئارتۇق ئادەم جەڭدە ئۆلگەن. ناھىيىنىڭ شىمالىدىكى شىنشىڭ بازىرى، لىمىن بازىرى، لىنخۇ بازىرى، جاڭسۇن بازىرىدىكى ئاچ - يالىڭاچ پۇقرالارمۇ تۈركۈملەپ قوزغىلىپ يېمىن بازىرى بىلەن جىڭجيا مەھەللىسىگە ھۇجۇم قىلىپ ئۇ جايلارنى ئىشغال قىلغان. ئىككى-ئۈچ كۈن ئىچىدىلا قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى كېڭىيىپ 10 مىڭ كىشىدىن ئېشىپ ھەيۋەتلىك بىر قوشۇنغا ئايلانغان. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ فۇياڭ ناھىيىسى تەۋەسىگە يۈرۈش قىلىپ، بىر بۆلۈم قوزغىلاڭچىلار خېنەن ئۆلكىسىنىڭ گۇيدې بازىرىغا كىرگەن. 8 - كۈنى، يەنى قوزغىلاڭچىلار تۇن قاراڭغۇسىدا لىنخۇەنگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلماقچى بولغان كۈنى، دەل يۈەن داخۇانىڭ لىنخۇەنگە يېتىپ بارغان ۋاقتى ئىدى. شۇ كۈنى شۈيجۇۋدا تۇرۇشلۇق لەشكەر بېشى ليۇچىڭشى جياڭنەن باش ۋالىيسى ليۇكۇنىنىڭ تېلېگراممىسى بۇيرۇقىغا بىنائەن قوشۇنلىرىنى باشلاپ لىنخۇەنگە يېتىپ كېلىدۇ. يۈەن داخۇا ليۇچىڭشىغا ئەقىل كۆرسىتىپ، جەڭ قىلىش، قوغدىنىش ئىشلىرىنى پىلانلايدۇ. 9 - كۈنى تاڭ سەھەردە قوزغىلاڭچىلار داۋجۇ كۆۋرۈكىگە توپلىنىپ لىنخۇەنگە ھۇجۇم قىلماقچى بولۇپ تۇرغاندا



ليۇ چىڭشى بىلەن يۈەن داخۇا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنى باشلاپ بۇ يەرگە كېلىدۇ. ئىككى تەرەپ قاتتىق ئېلىشىدۇ. چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرىنىڭ قولىدىكى قوراللار خىل بولغانلىقى، قوزغىلاڭچىلارنىڭ كۆپىنچىسى نەيزە بىلەن جەڭ قىلغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قوزغىلاڭچى قوشۇن ئۇدا بىر قانچە كۈن يۈرۈش قىلىپ، ناھايىتى قاتتىق چارچىغانلىقى ۋە چىڭ سۇلالىسى ئارمىيىسىنىڭ جاسۇسلىرى قوزغىلاڭچىلار ئارىسىغا كىرىۋېلىپ پاراكەندىچىلىك سالغانلىقى ئۈچۈن ئىلاجىسىزلىقتىن مەغلۇپ بولۇپ چېكىنىدۇ. بۇ ئۇرۇشتا ھەر ئىككى تەرەپ ئېغىر چىقىم تارتىدۇ. لەشكەر بېشى ليۇ چىڭشىنىڭ ئاكىسىنىڭ ئوغلى ۋە ئاچىسىنىڭ ئوغلى قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. 100 دىن ئارتۇق چىڭ لەشكەرلىرى ئۆلىدۇ ۋە يارىلىنىدۇ. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى چىڭدىڭ بازىرىدىكى دۆڭجايىغىچە چېكىنىدۇ. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى قوغلاپ بېرىپ ئىككى تەرەپ ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىدۇ. قورال - ياراق پەرقى زور بولغانلىقى تۈپەيلىدىن قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى تىرىپىرەڭ بولۇپ، دۆڭجايىغدىن ئوگشەن بازىرىغىچە بولغان بىر قانچە ئون چاقىرىم يول بويلىرىدا ھەممىلا يەرنى جەسەت قاپلاپ بەكمۇ پاجىئەلىك مەنزىرە پەيدا بولىدۇ. قوزغىلاڭچىلارنىڭ سەردارلىرىدىن ليۇچاۋدۇڭ چېكىنگەندىكى ليۇچاڭتەيىنىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇنۇۋالغان بولۇپ، ليۇچاڭتەيىنىڭ ساتقىنلىق قىلىشى نەتىجىسىدە مەردلەرچە قۇربان بولىدۇ. يۈەن داخۇا لى خۇڭجاڭغا غەلىبە خەۋىرىنى يەتكۈزۈپ يۇرتنى تىنچلاندۇرۇش ئىشلىرى توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىدۇ. بۇ ئىشلاردىن كېيىن يۈەن داخۇا لى خۇڭجاڭغا يېقىپ قالىدۇ. ئوردىغىمۇ تونۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىل-

گىرى كېيىن بولۇپ شىۋېجۇ ۋىلايىتىنىڭ دوتىيى، شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ ئامانلىق تەپتىشى، خېنەن ئۆلكىسىنىڭ غەللە- پاراق بېگى قىلىپ تەيىنلىنىدۇ. كېيىن يەنە شەندۇڭ ئۆلكە- سىنىڭ ھەربىي - مەمۇرىي ۋالىيلىقىغا تەيىنلىنىدۇ. لېكىن قا- رىلىق سەۋەبىدىن (چىڭ سۇلالىسىنىڭ بەلگىلىمىسىدە مەنسەپ- دارنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۆلسە ئۈچ يىلغىچە ۋەزىپىگە ئولتۇرۇشقا بولمايتتى، بۇ «قارا تۇتۇش» دېيىلەتتى) خىزمەت ئورنىغا با- رالمىغان. 1911 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ھەربىي - مە- مۇرىي ۋالىيلىقىغا تەيىنلىنىدۇ. ئۇنىڭ تەلىم - تەربىيە يېتەك- چىلىكىدىن چېگرا رايوننى سورايدىغان كاتتا ئەمەلدارلىققا ئۆستۈرۈلۈشى بەكمۇ ئوڭاي بولدى. شۇڭا ئۇنىڭ چىڭ سۇ- لالىسى پادىشاھىنىڭ شەپقەت - شاپائىتىدىن مىڭ مەرتىۋە رازى بولۇپ ساداقەتمەنلىك بىلەن ئىشلەشنى چۈشىنىشلىك ئىدى. يۈەن داخۇا 1911 - يىل 1 - ئاينىڭ 28 - كۈنى يولغا چىقىپ، دىخۇا (ھازىرقى ئۈرۈمچى) گە يېتىپ كې- لىپ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ھەربىي مەمۇرىي ۋالىيلىق خىز- مىتىگە ئولتۇردى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا ۋۇچاڭدا شىنخەي ئىنقى- لابى پارتلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن جايلاردىكى ئىنقىلابچىلار ئارقا- ئارقىدىن قوزغىلاڭ كۆتۈرىدۇ. ئىنقىلاب دولقۇنى شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ. نەتىجىدە 11 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئىنقىلابچى لىيۇشيەنجۈن ئادەم باشلاپ ۋالىي يامۇلىغا ھۇجۇم قىلىدۇ. يۈەن داخۇا ئىشتىن ئا- ۋال ۋوقەدىنىش تەييارلىقىنى كۆرۈپ قويغانلىقتىن ھۇجۇم قىلىپ كىرەلمەي، كىچىك توپچىلار ئەترىتى بىلەن ساقچى مەھكىمىسىنى بېسىۋالىدۇ. ئەمما قوزغىلاڭچىلار تەييارلىقسىزلا كۆتۈرۈلگەنلىكتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈەن داخۇا قوزغىلاڭ-



دىن ئالدىن خەۋەر تېپىپ تەييارلىق كۆرۈۋالغانلىقتىن، بۇ قېتىمقى دىخۇا (ئۈرۈمچى) قوزغىلىڭى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ.

11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئىلىدا مۇستەقىللىق ئىنقىلا- بى ئېلىپ بېرىلىپ ئىنقىلابىي ئارمىيە چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوماندانى جىرۇينى ئۆلتۈرۈپ سابىق دۇدۇ گۇاڭفۇنى مۇس- تەقىل بولغاندىن كېيىنكى شىنجاڭنىڭ ھەربىي ۋالىيسى قى- لىپ تىكلەيدۇ ھەمدە پۈتۈن مەملىكەتكە تېلېگرامما يوللاپ مۇستەقىللىق جاكالايدۇ. يۈەن داخۇا بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپ- قاندىن كېيىن بىر تەرەپتىن جازا يۈرۈشى قىلىش ھەققىدە خان ئوردىسىدىن يوليورۇق سورايدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن جەڭ تەييارلىقىنى كۆرىدۇ. 12 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئىلى قوزغى- لاڭچى قوشۇنلىرىنىڭ باش قوماندانى ياڭ زەنشۈي كەگساي، داخېيەنگە ھۇجۇم قىلىپ غەلىبە قازىنىدۇ. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى تۈتئاغاچقا چېكىنىدۇ. ئىككى تەرەپ شىددەتلىك جەڭ قىلىدۇ. دەل شۇ چاغدا يۈەن داخۇا بېيجىڭدىن كەل- گەن پادىشاھنىڭ تەختتىن چۈشۈپ جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغانلى- قى توغرىسىدىكى جىددىي تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋالىدۇ. تە- لىيى ئوڭدىن كېلىۋاتقان يۈەن داخۇاغا نىسبەتەن بۇ خەۋەر قاتتىق بىر زەربە بولىدۇ - دە، كېسەلىم بار دەپ خىزمى- تىدىن ئىستىپا بېرىدۇ. ئەمما باش ۋەزىر يۈەن شىكەي ئۇ- نىڭغا خىزمىتىدە قېلىۋېرىشى، ئومۇمىي ۋەزىيەتكە ئېتىبار بېرىشى توغرىسىدا ھال سوراپ تېلېگرامما بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ يۈەن داخۇا قايتا ئەسكەر توپلاپ، قوزغىلاڭچى قوشۇن بى- لەن داۋاملىق ئۇرۇش قىلىدۇ ھەمدە قوزغىلاڭچى قوشۇن قو- ماندانلىرىنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇشنى پىلانلايدۇ، لىيۇزى- مياۋ بۇتخانىسى، قاراتاغ، قۇمبۇلاق، دۆڭ كۆۋرۈك قاتارلىق

بىر قانچە جايدىكى جەڭلەردە چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى زور دەرىجىدە چىقىم تارتىدۇ. 3 - ئاينىڭ 9 - كۈنى شۇ چاغدىكى مەركىزىي ھۆكۈمەتتىن ئىككى تەرەپنىڭ جەڭنى توختىتىپ سۈلھ قىلىشى توغرىسىدا تېلېگرامما بۇيرۇقى چۈشـكەندىن كېيىن يۈەن داخۇا ئۇرۇش توختىتىدۇ.

ئىلى تەرەپ بىلەن بولغان جەڭ توختىغاندىن كېيىن يۈەن داخۇا قارا شەھەر، كۇچا، بۈگۈردىكى قوزغىلاڭچىلار ئەمەلدارلارنى ئۆلتۈردى، دېگەن باھانە بىلەن ئۇلارنى باسـتۇرۇش ئۈچۈن ئەسكەر ئەۋەتىپ، ئۆزى بۈگۈردە تۇرۇپ جەڭـگە قوماندانلىق قىلىدۇ. ئەمما ئۇ شۇنچىلىك بىلەن ئىنقىلاب دولقۇنىنى توسۇۋالالمايدۇ. ئىنقىلاب ئوتى پۈتۈن شىنجاڭـنىڭ ھەممىلا يېرىگە تۇتىشىپ ئارقا - ئارقىدىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلىدۇ. قۇمۇلدىكى ئۇيغۇرلار تۆمۈر خەلپەتنىڭ رەھبەرـلىكىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ يەرلىك ئەمەلدارلارنى ئۆلتۈرىدۇ. يۈەن داخۇا ئۇلارنى باستۇرۇشقا ئەسكەر ئەۋەتكەن بولسىمۇ ئەمما شىددەتلىك ئىنقىلاب دولقۇنى ئالدىدا يۈەن داخۇا پۈتى كۆيگەن توخۇدەك نېمە قىلارىنى بىلمەي قالىدۇ. 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى يۈەن داخۇا قۇمۇلغا بېرىپ جەڭگە قوماندانلىق قىلىپمۇ تارىخنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىنى توسۇپ قالالمايدۇ. ئىنقىلابىي ئارمىيە دىخۇاغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىـلىپ كىرگەن پەيتتە يۈەن داخۇا ھولۇقۇپ - تېنەپ ھەتتا يۈك - تاقلىرىنى ئېلىۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي يېرىم كېچىـدە قېچىپ كېتىدۇ.

شىنخەي ئىنقىلابى مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندىن كېيىن، مەنچىڭ خاندانلىقىنىڭ پېشقەدەملىرىدىن بولۇپ قالغان يۈەن داخۇا تيەنجىندە سالدۇرغان «غەربىي تيەنجىن داچىـ



K 45/ ٤٧

سى» دا ئۆزىنىڭ بىكار تەلەپ ھاياتىنى ئۆتكۈزىدۇ. شۇندىـمۇ ئۇ مەنچىڭ خاندانلىقىغا يەنىلا ساداقەتمەن ئىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پادىشاھسى پۇيى تيەنجىنـدىكى جاڭ يۈەن ھويلىسىدا تۇرغاندا، يۈەن داخۇا پۇيىنىڭ تۇغۇلغان كۈنلىرىنى باشقا چىڭ ئاقساقاللىرى بىلەن بىرـلىكتە بېرىپ مۇبارەكلەپ، ئۇنىڭغا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەپ تۇرۇشاتتى. ئۇ 85 يېشىدا تيەنجىندە ئۆلدى.

مەجىت سېيتنىياز تەرجىمىسى

# ياڭ زېڭشىننىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش ئۇسۇللىرى

بوشىڭ

ياڭ زېڭشىننىڭ شىنجاڭدىكى 17 يىللىق ھۆكۈمرانلىق
تارىخىدا ئۇنىڭ سىياسىي ئىدىيىسى باشتىن - ئاخىر «كىـ
چىك دائىرىلەرگە بۆلۈپ ئىدارە قىلىش»، «خەلقنى بولۇشـ
شىغا قويۇۋېتىش» تىن ئىبارەت بولدى. ئېسىمدە قېلىشىچە
دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىگە سېلىنغان ئىـ
مارەت پۈتكەندە، ئۇ قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلارغا بېغىشلىـ
ما نەزمە يازدۇرغانىدى. يېزىلغان بېغىشلىمىلار ئىچىدە خىزـ
مەتدىشى ۋاڭ شۇنەننىڭ:

«جۇمھۇرىيەت قۇتۇلماقتا نادانلىقتىن ئەمدىلا،
دورىمايمەن مۇشتۇم زورلۇقنى ئەسلا.
ئارىلاشمايمەن جۇڭيۈەندىكى ماجرالارغا،
چېگرا ئۆلكەم خۇددى ئوخشاش جەننەتۇل مەئىۋاغا؛
باشلىغايمەن جەنۇب مۇسۇلمانلىرى بىلەن شىمال
جۇڭغارلىرىنى،
كۆندۈرىمە ئۇلارنى يۇۋاش مۆمىن بولۇشقا.»

دېگەن نەزمىسى ئۇنىڭغا بەكمۇ يارىغان.
ياڭ زېڭشىننىڭ ھاياتىغا نەزەر سالساق، ئۇنىڭ



سىياسىي پوزىتسىيىسىنىڭ ئەزەلدىنلا «ساداقەتلىك بىلەن
ئىشلەپ، سەۋەنلىكتىن خالى بولۇپ تۆھپە كۆرسىتىش»نى
ئەقىدە قىلىش ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. شۇڭا ئۇ ئۆز
جەمەتى تۇرۇشلۇق سارايغا «چىيەندىتاڭ» (دىيانەتلىك ھو-
زورى) دەپ نام قويغان، ئۆزىنىڭ كىتاب بۆلۈمىگە «سەھـ
ۋەنلىك ھۇجرىسى» دەپ نام بەرگەن. كېيىنكى كۈنلەردە
ئۇ ھەتتا ئۆزىنىڭ بەزى مەكتۇپ، تېلېگرامما، ئېلانلىرىنى
ۋە كىتاب ئوقۇشتىن ئالغان تەسىراتلىرىنى «سەۋەنلىكلەر-
دىن ساۋاقلار» بىلەن «سەۋەنلىكلەردىن خاتىرىلەر» گە
كىرگۈزگەن.

## 1. مەمۇرىيەت ئىشلىرىدىن بىر كۆرۈنۈش

ئۇ چاغلاردا مەن تېخى ياش ئىدىم، دۇبەن مەھكىـ
مىسىگە كىرىپ - چىقىپ تۇراتتىم. ئۇ بىزگە قىزغىن مۇ-
ئامىلە قىلاتتى. ئۇنىڭدىن مەن مۇنداق تەسىراتلارغا ئىگە
بولدۇم: ئۇ قول ئاستىدىكىلەرنى تىزگىنلەپ تۇراتتى ۋە
كەڭ قويۇۋېتەتتى. ئۇلارنىڭ خىيانەت قىلىشىغا يول قوياتـ
تى. لېكىن قالايمىقانچىلىق چىقىرىشىغا يول قويمايتتى،
ئۇ تەكەببۇر ئەمەلدارلارغا ياكى ئاچ كۆز تۆرىلەرگە «جانـ
دىن كەچمىگىچە جانىڭغا يەتكىلى بولماس» دېگەن چاـ
رىنى قوللىناتتى. ئۇنداقلارنى يوقىتىش ئۈچۈن، ئۇ ئالدى
بىلەن ئۇلارنىڭ مەنسىپىنى ئۆستۈرۈپ كۆككە كۆتۈرەتتى،
پۇرسەت پېشىپ يېتىلىشى بىلەنلا دەرھال كۆزدىن يوقىتاتـ
تى. ئۇ ئەنزىلەرلى ناھايىتى ئەستايىدىل بېجىرەتتى. ئەيـ
نى چاغلاردا جامائەت ئىچىدە «چوڭ ئەنزىلەر يىلدىن

ئۆتمەيدۇ، كىچىك ئەنزىلەر پەسلىدىن» دېگەن گەپلەر تار-
قالغانىدى. دېمەك، ئۇنى - بۇنى ئوغرىلىغانلار، ئات -
كالا ئوغرىلىغانلار پەسىل ئىچىدە تۇتۇلۇشى شەرت ئىدى.
ئۈچ ئاي ئىچىدە تۇتۇلسا گەپ يوق، ئەگەر تۇتۇلمىسا، ئەن-
زە بېجىرگۈچى ئەمەلدارنىڭ چۆنتىكى كولىناتتى. ئوغرىلىن-
غان مال تۆلەنسىلا ئەنزە بېجىرىلسىمۇ، بېجىرىلمىسىمۇ
ئۆزىنىڭ ئىختىيارى ئىدى. چوڭراق ئەنزىلەر بولسا، مەسى-
لەن: تام تەشكەن، ئادەم بۇلىغان بولۇپ، قاتىللىق ئەنزى-
سى بولمىسىلا يىلدىن ئۆتمەيتتى، بۇنداق ئەنزىلەر يىلدىن
ئېشىپ كەتسە، بېجىرگۈچى ئۆز يېنىدىن تۆلەپ بېرەتتى.
ئەگەر زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى رازى قىلىنمىسا، ئەنزە
بېجىرىلسىمۇ ئۇنىڭ كارى بولمايتتى. ياڭ زېڭشىن مانا
مۇشۇنداق چارە بىلەن يەرلىك ئەمەلدارلارنى ئىدارە قىلات-
تى. ئۇنىڭ بۇ چارىسى ناھايىتى ئۈنۈملۈك بولۇپ، يەرلىك
ئەمەلدارلار ئاساسىي جەھەتتىن ئىدارە قىلىنغانىدى. جەم-
ئىيەت ئامانلىقىمۇ تىنچ ئۆتكەنىدى. ئۇ چاغلاردا شىنجاڭدا
ئوغرى - يالغاندىن خالى بولۇشنىڭ ئىشقا ئاشۇرۇلۇشى
يەرلىك ئەمەلدارلار ئۈنۈملۈك ھالدا ئىدارە قىلىنغانلىقتىن
بولغان.

ئۇنداقتا بىر ھاكىمنىڭ مائاشى قانچىلىك بولاتتى،
بۇ چارە ھاكىملارغا ئېغىر كەلمەمدۇ؟ ياق، ئۇلارغا ئېغىر
كەلمەيدۇ. چۈنكى ياڭ زېڭشىن ھاكىملارنىڭ خىيانەتچى-
لىك قىلىشىغا يول قوياتتى. شۇنداقلا پەقەت ھۆكۈمەت
مۈلكىگىلا خىيانەت قىلىشقا بولاتتى. پۇقرالارنىڭكىگە چېقى-
لىشقا بولمايتتى، ئەمەلىيەتتە يەنىلا پۇقرالار ئېكىسپىلا-
تاتسىيە قىلىناتتى، ئەلۋەتتە. خىيانەت قىلىشنىڭ چارىسى



ئىككى خىل ئىدى. بىرى پۇقرالارغا يەملەش قىلىنغان بېتىرىلغۇ
يەر كۆلىمىدىن سىرت، باشقا ئۆزى تەۋەلىكىدىكى يېڭىدىن
ئېچىلغان بوز يەرلەرگە باج تاپشۇرۇلمايتتى، يەنى دېھقان-
لار تاپشۇرغان يەر ئىجارىسى ھاكىملارغا مەنسۇپ بولاتتى.
پۇقرالارنىڭ بۇنىڭ بىلەن كارى بولمايتتى، بۇ تۇراقسىز
مۈلۈك دېيىلەتتى. يەنە بىرى مائاش ئىدى. ئەينى چاغلار-
دا 1 - دەرىجىلىك ناھىيىنىڭ ھاكىمىغا ئۈچ يىلدا 20
مىڭ سەر تەڭگە، 2 - دەرىجىلىك ناھىيىنىڭ ھاكىمىغا 12
مىڭ سەر تەڭگە، 3 - دەرىجىلىك ناھىيىنىڭ ھاكىمىغا 8
مىڭ سەر تەڭگە بېرىلەتتى. ئەگەر ئىش ئۆتكۈدىن كېلىپ،
ئوغرى - يالغان بولمىسا 8 مىڭ سەر تەڭگە قولىدا ساق
قالاتتى، بۇ پۇللار دېھقانلارنىڭ پۇقرىغا تاپشۇرغان ئاشلىقى-
دىن پۇل سانى توشقىچە ئوچۇق - ئاشكارا تۇتۇپ قېلىنات-
تى، پۇقرالار ئۇنى «ئوردا ئاشلىقى» دەيتتى. ئۇ ۋاقىتلاردىكى
ھاكىملارنىڭ نەشە چېكىش، ماجاڭ ئويناشتىن سىرت كۆڭۈل
بۆلىدىغىنى ئۆز مۈلكىنى ئوغرى - يالغاندىن ساقلاش ئىدى.
شۇڭا ھاكىملار ئوغرىلىق ئەنزىلىرىنى ئىنتايىن ئەستايىدىل
بېجىرەتتى، ئوغرىلار ئۇنىڭ مۈلكىگە قول سېلىپ بولغىچە
يايىلار بىلىپ بولاتتى. يايىلار ھەمىشە گۇمانلىق كىشىلەرگە
«بۇ يەردىن كېتىپ قال، بۇ جايدىن بىرەر نەرسە يۈتۈدۇ-
رىمەن دېمە، بولمىسا ئەدەب يەپ قالىسەن» دەپ تۆۋلاپ
ھەيۋە قىلاتتى. يايىلار ھاكىمنىڭ چۈنەك كولاشتىن قورقى-
دىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى، شۇڭا ئۇلار بىپەرۋالىق قىلىش-
قا پېتىنالمايتتى. بىخەتەرلىك خىزمىتىنى دائىم دېگۈدەك
ئالدىن ئىشلەيتتى.

ئەسكەرلەر ئارتۇق شتات تەمىناتى يەيتتى. مەسى-

لەن، بىر باتالىيوندا يۈز ئادەم بولسىمۇ، 40 - 50 ئادەم بولسىمۇ ئۇنىڭ كارى يوق ئىدى، پەقەت ئۇلار تۇغنى ساقلاپ كارنىيىنى چىلىپ تۇرسىلا ئەسكەر سانىنى سۈرۈشتە قىلمايتتى. ئۇ بەزىدە غەلىتە قىلىقلارنى قىلىپ، يېرىم ئاي بۇرۇن ھۆججەتتىن بىرنى چۈشۈرەتتى - دە، پالانچى ئاينىڭ پالانچى كۈنى ئەسكەرلەرنى كۆزدىن كەچۈرىمەن دەپ ئۇقتۇرۇش قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەسكەر باشلىقلىرى كوچىلاردا ئېقىپ يۈرگەن دىۋانىلەرنى، مايمۇن ئوينىتىدىغانلارنى، لۈكچەك - جىدەلخورلارنى يىغىپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ قورسىقىنى توقلاپ قولىغا ئاز - تولا پۇل بېرىپ، ئاندىن ئۇلارغا ھەربىيچە كىيىم كىيگۈزۈپ قوياتتى. چۈنكى ياڭ زېڭشىن ئۇلارنىڭ مەشقىنى ئەمەس، پەقەت سەپ تارتىپ تۇرغانلىقىنىلا كۆزدىن كەچۈرەتتى. ياڭ زېڭشىن سەپنىڭ ئالدىغا بېرىپ خۇشپەسەنلىك بىلەن «بارىكاللا! ياخشى بوپتىغۇ، ناھايىتى ياخشى، ناھايىتى ياخشى!» دەيتتى - دە، ئاندىن ئەسكەر باشلىقىغا: «ئۇلارنى بىر - بىرلەپ چاقىرىپ باقسىن» دەپ بۇيرۇق بېرەتتى، شۇنىڭ بىلەن «1، 2، 3، 4، ...... 100» دەپ ساناش باشلىناتتى. ئاخىرىدا ئۇ ئەسكەرلەرگە: «كۆپچىلىك بىر نىيەتتە بولۇشى كېرەك، چاتاق چىقىرىپ قويۇشۇڭلارغا بولمايدۇ» دەپ قوياتتى. مانا بۇ ئۇنىڭ ھەربىي ئىشلارغا بولغان پوزىتسىيىسى ئىدى. ئۇ ئەسكەر يوقلۇقىنى بىلەتتى ھەم بۇنى يوشۇرمايتتى، شۇڭا ئەسكەرلەر ئارتۇق شتات تەمىناتى يەيتتى. بەزى يۇرتكى چوڭراق روتا باشلىقلىرى ئادەتتە 5 - 6 خىزمەتچى ئەسكەرلەرنىلا قالدۇرۇپ قوياتتى، باشقىلىرى پۇل تاپقىلى كېتەتتى. ئۇلارنىڭ خەجلەيدىغان پۇلى بول-



غاچقا، پۇقرالارغا چېقىلمايتتى. بۇلار ھۆكۈمەتنىڭ مۈلكىگە خىيانەت قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ چۆنتىكىنى تولدۇرۇۋالغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياڭ جاڭجۈن پۇقرالارنىڭ مۈلكىگە تېگىشكە رۇخسەت قىلمىغاچقا جەمئىيەت ئامانلىقىنى بىر قەدەر تىنچ دېگىلى بولاتتى.

ئەتىياز كەلگەندە قىسىمدىكىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قېچىپ كېتەتتى. قېلىپ قالسىمۇ قېرى - چۈرە، ئاجىز - كېسەلچانلار قېلىپ قالاتتى. روتا كوماندىرى قورقىنىدىن ياڭ جاڭجۈنگە: «جاناپلىرى، ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى قېچىپ كەتتى» — دەپ دوكلات قىلاتتى. ياڭ جاڭجۈن بۇنى ئاڭلاپ: «بوپتۇ، ئۇلار ئاز - تولا پۇل تېپىپ خەجلىسۇن، خاتىرجەم ئىشىڭنى قىلىۋەر» — دەيتتى. ئەمەلىيەتتە بۇ ئۇنىڭ بىكار يېتىپ مائاشىنى يەۋەرمەسەن دېگىنى بىلەن باراۋەر ئىدى. مانا بۇ ئۇنىڭ ئەسكەرلەرگە تۇتقان پوزىتسىيىسى ئىدى. جاھاندا بۇنداقمۇ ئەسكەر باشقۇرۇش قائىدىسى يوقتۇر، مەن ئۇنىڭ سارىيىنىڭ ئالدىدىكى پوستلارنىڭ مىلتىقلىرىنى ئېسىپ قويۇپ قاتار ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرەتتىم، ياڭ جاڭجۈن چىقىپ قالسا، پوستلار ئۇنىڭغا ئېرەنمۇ قىلماستىن قاتار ئويناشنى داۋاملاشتۇراتتى. ياڭ زېڭشىننىڭ سەندۇبادا يۈز مودىن ئارتۇق يېرى بولۇپ، ئۇ ھەريىلى كۆزدە مىچۇەن ناھىيىسىگە بىر بېرىپ كېلەتتى. ھەر قېتىم سەپەرگە چىققاندا نەچچە ئون مۇھاپىزەتچى ئەسكەر ئۇنىڭ بىلەن بىللە ماڭاتتى. بەزى كونا ئەسكەرلەر ياڭ جاڭجۈننىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلگەچكە، چىداۋانغا كەلگەندە قېپ قېلىپ قىمار ئوينايتتى، بەزى توخۇ يۈرەكلەر گەرچە ئۇنىڭ كەينىدىن قالماي سوكۇدىشىپ

ماكسىمۇ يەنىلا جاكچۇنىڭ مەيسىگە يېتىشەلمەيتتى. شۇڭا ياڭ جاكچۇن سەندۇباغا بېرىپ يەرلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ باناشىدا گومۇدىدا مۇھاپىزەتچىلىرىگە ئۇچرىشىپ قولىدىكى چىڭرىن قورىغۇچنى چۆرۈپ: «قايتىڭلار» دەيتتى. مۇھاپىزەتچىلەر ئارقىغا ئۆرۈلۈپ ئۈرۈمچىگە قاراپ يول ئالاتتى. مىنگونىڭ 3 - يىلىدىن كېيىن، شىنجاڭ تىنچلىنىپ قالغانىدى، ئەسكەرلەر مىلتىقلىرىغا قىزىل لاتا باغلىۋېلىپ يىل بويى مىلتىقلىرىنى سۈرتمەيتتى. ئەگەر كىمىكى مىلتىقىنى سۈرتسە يا دەررە يەيتتى، يا جىنىدىن جۇدا بولاتتى. پۇقرالار بۇنىڭغا كۆنۈشكەن بولۇپ كۆڭلىدە: ھازىر جاھان تىنچ، ئەسكەر بېقىش مۈشۈك بېقىش بىلەن باراۋەر، — دەپ ئويلاپ، ئەسكەرلەرنى كۆزگە ئىلمايتتى.

## 2. پۇقرالارنى ئۆزىگە تارتىش

ياڭ جاكچۇن كۈن بويى خىزمەت قىلاتتى، ھەر كۈنى ناھايىتى كەچ دەم ئالاتتى، ھۆججەتلەرگە ئۆزى تەستىق سالاتتى. ئۇنىڭ كانىۋايلىرىنىڭ ئېيتىشىچە ئۇ كۆپ ھاللاردا ۋاقتىدا ئۇخلىمايدىكەن. بەزىدە ھەتتا ھۆججەتلەرنى بېشىغا قويۇپ كىتاب بۆلمىسىدە يېتىپ قېلىپ، ئەتىسى يۈزىنى سۈرتۈۋېتىپلا خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرىدىكەن. ئۇنىڭ ئۇچىسىدىكى پاختا رەختتىن تىكىلگەن يەكتەككە ئون نەچچە يىل بولغان بولۇپ، ئۇ شۇ يەكتەك بىلەن جان ئۆزگەنىدى. ئۇ تازىلىققا ئانچە دىققەت قىلمايتتى، ئۇ تاماقتىن كېيىن يەكتەكنىڭ يەڭلىرى بىلەن ئاغزىنى سۈرتۈپ، قوللىرىنى ئىشتىنىنىڭ تىزىغا سۈرتەتتى، شۇڭلاشقا ۋاقتىنىڭ ئۇزۇرىـ



شى بىلەن ئۇنىڭ ئىشتىنىنىڭ تىزلىرى بىلەن يەكتەكنىڭ يەڭلىرى كىرنىڭ دەستىدىن پارقىراپ كەتكەنىدى. ئۇ دائىم دېگۈدەك كۆكلۈش تاۋار خىيىنى كىيىۋېلىپ، چىۋىن قورۇغۇچنى قولىدىن چۈشۈرمەيتتى. چۈشتىن كېيىنلىرى ئۇ جاكچۇن يامۇلىنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئارىلايتتى، ھەر خىل ئۇچىملىك، يېمەكلىكلەرنى ساتىدىغانلار، قىمارۋازلار، نەشكەشلەر ئۇ يەرگە توپلىشاتتى، سېتىقچىلار ياڭ جاكچۇننى كۆرۈپ خۇددى ئۆز بۇرادەرلىرىگە مۇئامىلە قىلغاندەك: «جانابلىرى، بۈگۈن مېنىڭ چۆپۈم بەك ئوخشىدى، بىر تەخسە يەۋالامالا» دەپ ئۇنىڭغا سۇناتتى. ئۇ چۆپ يېگەچ ئۇلار بىلەن مۇڭدىشاتتى ۋە «سودا - سېتىقلار قانداقراق، بىر كۈندە قانچىلىك پۇل تاپىسىلەر؟» دەپ سورايتتى، سېتىقچىلار سودا ئەھۋالىنى ئۇنىڭغا ئەينەن سۆزلەپ بېرەتتى، ئۇ چۆپنى يەپ بولغاندىن كېيىن چايخانىدىكى چايچىلار: «چاي ئىچسىلە جاكچۇن» دەپ چاي ئەكىلىپ بېرەتتى. بالدۇرراق بىكار بولۇپ قالغان كۈنلىرى چۈشتىن كېيىن سائەت 4 - 5 لەردە ئۇ تۆت كوچا ئېغىزىغا بېرىپ ئۆزى خالىغان بىرەر ئاشپۇزۇلغا كىرەتتى، سېتىقچىلار ئۇنى كۆرۈپ تاكچاكغا: «جاكچۇن كەلدى. چاپسان چاي كەلتۈرۈڭلار» دەپ ۋارقىرايتتى. ئۇ چاي ئىچكەچ ئۇلار بىلەن مۇڭدىشاتتى، سودا ئەھۋالىنى سورايتتى، تونجى جاڭ ئۇرۇلغاندا ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ: «كەچ بولۇپ كېتىپتۇ، مەن قايتاي» دەپ خوشلىشاتتى. ئۇ قايتىشىدىمۇ يامۇل دەرۋازىسىدىكى پوستلارنىڭ بىخىرامان قاتار ئوينىۋاتقانلىقىنى كۆرەتتى.

ئىككىنچى جاڭ ئۇرۇلغاندىن كېيىن سېتىقچىلار يايمىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ئەپكەشلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، جاكچۇن

يامۇلىغا كىرىپ كېتەتتى، ئەينى چاغدىكى تېلېگراف ئىـ
دارىسىدىن كىرىپ ئىككىنچى، ئۈچىنچى سارايدىن ئۆتكەنـ
دىن كېيىن مەنچىڭغا بارغىلى بولاتتى. پوستلارنىڭ بـۇلار
بىلەن كارى بولمايتتى. پۇقرالار جاڭجۈن يـامۇلىغا خـالىـ
غانچە كىرىپ چىقالىغانلىقىدىن خـۇشال ئىدى. يامۇلدىن
ماڭىدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى جاڭجۈننىڭ يېقىنلىرى ۋە پايـ
لاقچىلىرى ئىدى. ئۇلار بازار ئەھۋاللىرىنى، ئالتۇن بـاھاـ
سىنى، بەزى جايلاردىكى شەپىلەرنى ياكى گۇمانلىق كىشىـ
لەرنى جاڭجۈنگە كۈندە مەلۇم قىلىپ تۇرغاچقا، ئۇ بـولۇـ
ۋاتقان ھەممە ئىشتىن خەۋەردار بـولۇپ تۇراتتى، بەزىدە
ساقچى ئىدارىسى خەۋەر تاپالمىغان ئىشلاردىن خـەۋەر تېـ
پىپ، ساقچى ئىدارىسىگە بېرىپ: «سىلەر نـەشـە چېكىشتىن
باشقا ئىشنى بىلمەيسىلەر، پالانى يەردە پالانى ئـەھۋاللار
بارىكەن، سىلەر پالانى ئىشلارغـا دىققەت قىلىڭلار» دەپ
كايىپ ئۇلارنى داڭ قالدۇرۇپ قوياتتى. ياڭ جاڭجۈن سىيـ
تىقچىلار ئارقىلىق ھەر خىل ئاخباراتلارغا ئىگە بولاتتى.

## 3. باھانى تەڭشەش

مىنگونىڭ 8 ـ يىلى شىنجاڭدا چاشقان ئـاپىتى يـۈز
بەرگەنىدى. چاشقاننىڭ كۆپلۈكىدىن مۇشۇكمۇ ئۇنىڭغا كۆز
قىرىنى سالمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. توپ ـ تـوپ بـوـ
لۇپ يۈرگەن چاشقانلار ئاشلىققا ئېغىر زىيان سـالغانىدى.
نەتىجىدە ئاشلىقنىڭ باھاسى ئەسلىدىكى باھادىن بىر ھەسـ
سە ئۆسۈپ، بىر دادەن ئاشلىق ئەسلىدىكى 12 سەر تەڭگىـ
دىن 24 سەر تەڭگىگە ئۆسكەنىدى. جاڭجۈننىڭمۇ بـۇ ئىشـ



تىن خەۋىرى بار ئىدى. مالىيە نازارىتىدىنمۇ ئادەم كېلىپ:
«چاتاق بولدى، جاڭجۈن، ئاشلىقنىڭ باھاسى بەك ئۆسۈپ
كەتتى» دەپ دوكلات قىلغانىدى.

— قانچىلىك ئۆسۈپتۇ، — دەپ سورىدى ياڭ جاڭجۈن.

— بىر دادىنى 24 سەر تەڭگە ئىكەن، دەپ جـاۋاب
بەردى دوكلات قىلغۇچى.

— ھە، كېرەك يوق، بۇنىڭغا مەن بىر ئامال تاپاي، —
دەپ جاۋاب بەردى جاڭجۈن كەلگەن كىشىنى يولغا سېلىپ.
ئاندىن ئۇ سودا ساھەلىرىنىڭ ئاقساقاللىرىنى چاقىرىپ كەلـ
دى، ئۇ چاغلاردا ھەرقايسى سودا ـ كەسىپلەرنىڭ ئۆز ئالـ
دىغا ئاقساقاللىرى بار ئىدى. باھانى شۇلار بەلگىلەيتتى.
جاڭجۈن: بازاردا بىر دادەن بۇغداينىڭ باھاسى قانچە؟

— بىر دادىنى 20 نەچچە سەر ئەتراپىدا بولۇۋاتىدۇ.

— زادى قانچىلىك ئۆسۈپ كەتتى، — دەپ سورىدى
ياڭ جاڭجۈن كوچىلاپ.

— 24 ـ 25 سەرگە چىقتى، — دەپ جاۋاب بېرىشـ
تى ئاقساقاللار.

— بەللى، ئۆسۈپ كېتىپتۇ، قاچاندىن باشلاپ ئۆسكەن؟

— راستىنى ئېيتساق، يېرىم ئاي بۇرۇن ئۆسكەن.

— بـولماپتۇ، مەن ئازراق ئاشلىق سېتىپ، ئەسكەرـ
لەرگە ماڭاش بەرمەكچى ئىدىم، ياردەملىشەمسىلەر. بۇرۇن
بىر دادەن ئاشلىق نەچچە پۇل ئىدى؟

— بۇرۇن 12 سەر ئىدى.

— بىر دادىنى 15 سەر بولسۇن، قانچىلىك ئالساڭلار ئېلىـ
ڭلار، قاچان ئالساڭلار كەلسە شۇ چاغدا ئامباردىن ئېلىۋېلىڭلار.
ئاقساقاللار بېيىش پۇرسىتى كەلدى دەپ خۇشال بوـ

لوشۇپ، ياڭ جاڭجۇنگە ئاپىرىپ ئوقۇشتى ھەمدە «مەن يۈز دادەن ئالىمەن»، «مەن 200 دادەن ئالىمەن»، «مەن 300 دادەن ئالىمەن» دەپ مەلۇم قىلىشتى.

— بولىدۇ، بولىدۇ. خېرىدار تېپىڭلار، ئاشلىق دىگەن جىق گەپ، ماڭا پۇل كېرەك، — دەپ ئۇلارنى يولغا سالدى. ياڭ جاڭجۇن ئاندىن سېتىقچىلارنى چاقىرىپ كېلىپ ئۇلاردىن:

— ئاشلىقنىڭ بازىرى قانداقراق، — دەپ سورىدى.

— ناھايىتى ياخشى، بازىرى بەك ئىتتىك بولىۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىشتى سېتىقچىلار.

— باھاسى قانچە؟

— بىر دادىنى 24 ـ 25 سەردىن بولىۋاتىدۇ.

— ھە، 24 ـ 25 سەر بولىۋاتامدۇ. ماڭا پۇل كېرەك بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئازراق ئاشلىق ساتماقچى ئىدىم، ياردەملەشسەڭلار قانداق؟

— چاتاق يوق جاڭجۇن، خىزمەتلىرىڭگە تەييارمىز. بىر دادىنىنى قانچە پۇلدىن ساتىلا؟

— بىر دادىنى 12 سەر بولسۇن.

— بۇ ياخشى ئىشقۇ! — دەپ ھەيران بولۇشتى ئۇلار ۋە پايدىغا قىزىقىپ «مەن 200 دادەن ئالىمەن»، «مەن 300 دادەن ئالىمەن» دەپ چۇقان سېلىشتى.

— بولىدۇ، بولىدۇ. سىلەرنىڭ تەلىپىڭلار بويىچە بولسۇن، ئەتە ئامباردىن ئېلىۋېلىڭلار، ئاشلىقتىن تولا نېمە يوق، — دېدى جاڭجۇن ئۇلارنىڭ رايىغا بېقىپ.

شۇنىڭ بىلەن ياڭ جاڭجۇندىن نەپ ئېلىشنى كۆزلىگەن ئاقساقاللار بىلەن سېتىقچىلار خېرىدار تېپىشقا كىرىشتى.



ئاقساقاللار، سېتىقچىلارنى تېپىپ ئاشلىق ساتىدىغانلىقىنى ئېيتىشتى. ياڭ جاڭجۇننىڭ ئالتىپاتىغا ئېرىشەلمىگەن باشقا سېتىقچىلار ماڭا 30 دادەن، ماڭا 50 دادەن كېرەك دېيىشىپ بازار باھاسىدىن بىر سەر تۆۋەن باھا بىلەن بىر دادىنىنى 23 سەر تەڭگىدىن ئېلىشقا پۈتۈشتى.

ئاقساقاللار كېتىپلا جاڭجۇن ھوزۇرىدىن چىققان سېتىقچىلار بىر دادەن ئاشلىقنى 15 سەردىن ساتىمىز، قانچىلىك كېرەك بولسا يەتكۈدەك بار دەپ چۇقان سېلىشتى.

تېخى ھېلىلا ئاقساقاللار بىلەن سودىلىشىپ قويۇشقان سېتىقچىلار ئاشلىق باھاسىنىڭ بۇنداق تېز چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ تەمتىرەپ قېلىپ، دەرھال ئاقساقاللارنى تېپىپ ـ ھېلىقى ئاشلىقنى ھازىرچە ئالماي تۇراي، قولۇمدا پۇل ئاز ئىكەن، — دەپ يېنىۋېلىشتى.

شۇنداق قىلىپ جاڭجۇن بىر جىڭمۇ ئاشلىق ساتماي تۇرۇپ بازاردىكى ئاشلىقنىڭ باھاسىنى چۈشۈرىۋەتتى. مانا بۇ، ئاقساقاللارنىڭ ئۇستاتلىقى ۋە ھىيلە مىكىرلىكلىگى ئىدى. چۈنكى ئۇ ئاشلىق كەم ئەمەسلىكىنى، پەقەتلا ئاقساقاللارنىڭ بازار باھاسىنى قالايمىقانلاشتۇرىۋاتقانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇ ھىيلە ئىشلىتىپلا، كىشىلەرنى خاتىرجەم قىلدى. ئاشلىقنىڭ باھاسىمۇ ئۆسمىدى.

مەن يەنە مۇنداق بىر ئىشنىمۇ ئۇچراتقانىدىم. شۇ كەملەردە بىر سەر ئالتۇننىڭ باھاسى 40 سەر تەڭگە ئىدى، ئەمما بىراقلا 60 سەر تەڭگىگە ئۆسۈۋالدى. بۇ ھال سودا ئەھۋالىنى بۇزدى. ئالتۇننىڭ باھاسىنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن، جاڭجۇن كانىۋايلىرىنى چاقىرىپ، بىرمۇنچە قۇرۇق ساندۇقلارنى ئالتۇن قاچىلانغان ساندۇقلار بىلەن ئالدى

يامۇلغا تىزدۇردى - دە، بۇلارنى پېچەتلەپ نومۇر قويدى. ئاندىن ئالتۇنپۇرۇچ ئاقساقاللارنى چاقىرتىپ ئۇلارغا:

— ئامباردىكى ئالتۇنلارنى سېتىپ بەرسەڭلار، ئەسكەرلەرگە بېرىدىغان پۇلۇم قالمىدى، — دېدى.

— بولىدۇ، جاڭجۇن، قانداق ئالتۇن؟ — دەپ سوراشتى ئۇلار.

— ئۆزۈڭلار كۆرۈپ بېقىڭلار، — دېدى جاڭجۇن كۇرسقا ئولتۇرۇپ، ئاندىن كانىۋايلىرىغا — پالانى - پالانى نومۇرلۇق ساندۇقنى ئېلىپ چىقىڭلار، — دەپ بۇيرۇق قىلدى.

ئۇلار ساندۇقلارنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ كېپەك ئالتۇن ئىكەنلىكىنى كۆردى. جاڭجۇن يەنە بىر ساندۇق ئالتۇن كەلتۈردى. تىزىلغان ئالتۇن ساندۇقلىرىنى كۆرگەن ئاقساقاللار قانداق قىلىپ چۆنتەكلىرىنى تولدۇرۇش ئۈستىدە باش قاتۇرۇشقا كىرىشتى.

— قايسى باھادا ساتىلا، — دەپ سوراشتى ئاقساقاللار.

— ئۆزۈڭلار بىلىڭلار، ئىش قىلىپ نەرسە تەييار، — دېدى جاڭجۇن.

— جاڭجۇن، بۇ ناھايىتى ياخشى ئالتۇن ئىكەن، ئۆزلىرىگە پۇل كېرەك ئىكەن، بىز جاپا تارتساقمۇ، ئۆزلىرىگە بىر سىرىگە 50 كۆمۈش تەڭگە بېرەيلى، — دېدى ئۇلار بىر سەر ئالتۇندىن ئون سەر كۆمۈش پايدا ئېلىشنى ئويلاپ.

— سىلەرگە پايدىسى بولامدىكەن، قانداق؟ — دەپ سورىدى جاڭجۇن.



— قىلغان شەپقەتلىرىگە رەھمەت، ئاز - تولا نەپ كۆرگىلى بولىدۇ، — دېيىشتى ئۇلار ئېگىلىپ تۇرۇپ.

ئۇنداق بولسا بىر سىرى 45 كۆمۈش تەڭگە بولسۇن، سىلەر 5 سەر پايدا ئېلىڭلار، — دېدى جاڭجۇن.

ئاقساقاللار بىر سەر ئالتۇندىن 15 سەر كۆمۈش پايدا ئالغىلى بولىدىغانلىقىنى پەملىدى - دە، «مەن 50 سەر ئالىمەن»، «مەن 100 سەر ئالىمەن» دەپ چۇقان سېلىشتى.

ياڭ جاڭجۇن ئالتۇن ساندۇقلىرىنى ئۇلارغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ — مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىنى ساتىمەن. چۈنكى ئەسكەرلەرگە مائاش بېرىش مۇھىم، سىلەر كۆمۈشىڭلارنى تەييارلاپ قويۇڭلار. ئالتۇننى ھازىر ئېلىپ كەتسەڭلارمۇ مەيلى، — دېدى.

ئالتۇننى ھازىرچە ئېلىپ كەتمەيلى، سىلىدە تۇرسىمۇ ئوخشاش ئەمەسمۇ، بىز بېرىپ كۆمۈش تەييارلايلى، — دەپ كېتىشتى ئاقساقاللار.

ئۇلار تېزرەك سودا قىلىش كويىدا ئالتۇنپۇرۇشلارنى چاقىرىپ كېلىپ، — ساتىدىغان ئازراق ئالتۇن بار، — دېيىشتى.

— ياخشىمۇ، باھاسى قانچىكەن؟ — دەپ سورىدى ئالتۇنپۇرۇشلار.

— ھازىر بىر سەر ئالتۇننىڭ بازار باھاسى 60 سەر تەڭگىمۇ، — دېدى ئاقساقاللار.

— شۇنداق بولۇۋاتىدۇ، غوجام، — دېدى ئالتۇنپۇرۇشلار.

— سىلەرگە بىر سىرىنى 60 سەردىن بېرەيلى، بىر سەر ئالتۇن 65 سەر تەڭگىگە ئۆسۈپ قېلىشى مۇمكىن، —

دېدى ئاقساقاللار.

ئالتۇنپۇرۇشلار «مەن 30 سەر ئالاي»، «مەن 50 سەر ئالاي» دەپ سودىلاشقىلى باشلىدى، بىرى - بىرىنى چاي، تاماقا تەكلىپ قىلىشىپ سودىسى قىزىپ كەتتى.

بۇ چاغدا جاڭجۈن ئۆز يامۇلىغا سېتىقچىلارنى چاقىرتىپ كېلىپ، يەنىلا ھېلىقى ئۇسۇل بىلەن ئۇلارغا ساندۇقلاردىكى ئالتۇننى كۆرسىتىپ ئاقساقاللار بىلەن پۈتۈشكەن باھادىن تۆۋەنرەك قىلىپ سېتىقچىلارغا سېتىپ بېرەمەكچى بولدى.

— ئاقساقاللارغا ھېلىلا 45 سەردىن بەرگەنىدىم، سىلەرگە 42 سەردىن بېرەي، — دېدى جاڭجۈن سېتىقچىلارنى خۇش قىلىپ، شۇنىڭ بىلەن ئاقساقاللارمۇ، سېتىقچىلارمۇ ئالتۇن ساتىمىز دەپ بازارنى بېشىغا كىيىشتى. بەزىلەر بىر سەر ئالتۇننى 50 سەرگە ساتىمەن دېسە، بەزىلەر 55 سەرگە ساتىمەن دەيتتى، ئۇلار ياڭ جاڭجۈننىڭ ئالتۇنى كۆپ دەپ ئويلاپ، ئۆزئارا سودىلاشمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئالتۇننىڭ باھاسىمۇ چۈشتى. چۈنكى ئالتۇن يېگىلى بولىدىغان نەرسە ئەمەستە، ئۇ پەقەت بىر قىسىم سودىگەرلەردىلا بولىدۇ. ياڭ زېڭشىننىڭ بۇ ھىيلىسى بىلەن ھەممە ئۇنىڭ ئالتۇنى كۆپ دەپ ئويلىغاچقا كۆڭلى ئارام تاپتى. شۇنداق قىلىپ ئالتۇننىڭ باھاسى بىراقلا چۈشۈپ كەتتى.

شۇنىڭ بىلەن ئاقساقاللار پايدا ئالالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ جاڭجۈنگە يالۋۇرۇپ: «جاڭجۈن جانابلىرى، ئەسكەرلەرگە تارقىتىلىدىغان مائاش پۇلنى بىز بېرىپ تۇرايلى، ئالتۇننى ئالمىساق قانداق، ھازىر ئالتۇننىڭ بازىرى كاساتلىشىپ قالدى» دەپ يالۋۇرۇشتى.



— سىلەر 55 سەر تەڭگىگە ساتقىلى بولىدۇ دېمىدىڭلارمۇ، مەن 45 سەردىن بەرسەممۇ ئالمامسىلەر؟

— چۈشۈپ كەتتى ئەمەسمۇ، 50 سەرگە ساتقىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى. جاڭجۈن سىلىگە پۇل كېرەك بولسا بىز بېرىپ تۇرايلى، ئالتۇن مەشەدە تۇرۇپ تۇرسا، — دېيىشتى.

— بولىدۇ. ئۇنداق بولسا ماڭا ئازراق پۇل بېرىپ تۇرۇڭلار، — دېدى جاڭجۈن.

ئاقساقاللار ئېلىپ كەلگەن پۇلنى ئۇ بىرەر - يېرىم ھەپتە ساقلاپ ئۇلارغا ئەۋەتىپ بەردى. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئۆزىنىڭ بىر سەر ئالتۇنىنىمۇ چىقىرالماي تۇرۇپ ئالتۇننىڭ باھاسىنى ئۆز باھاسىغا چۈشۈرۈپ قويدى.

ئۇ چاغلاردا شىنجاڭنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۈرۈمچىدىكى بەزى ئاقساقاللار ھەممە ئىشنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتكەنىدى. ئەمەلىيەتتە ياڭ جاڭجۈننىڭ بىرقانچە ساندۇقلا ئالتۇنى بولۇپ، قالغانلىرى قۇرۇق ساندۇق ئىدى. جاڭجۈن ئالتۇن قاچىلانغان ساندۇقنى ئۇلارغا كۆرسىتىپ، كىشىلەرنى خاتىرجەم قىلىش ئارقىلىق ئىشنى جۆندىگەنىدى. ئۇلارمۇ ياڭ جاڭجۈننىڭ بىر ئامبار ئالتۇنى بار ئىكەن دەپ ئالتۇن باھاسىنى ئۆستۈرەلمىدى.

سودىگەرلەرنى كولدۇرلاتقان يۇقىرىقى ئىككى ئىشنى مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنىدىم، ئەمما بۇ ئىشتا ياڭ جاڭجۈننىڭ ھىيلە ئىشلەتكەنلىكىدىن خەۋىرىم يوق ئىدى. كېيىنكى كۈنلەردە مەن جاڭ جياكۈي بىلەن پاراڭلىشىپ بۇ ئىشنىڭ سىرىدىن خەۋەر تاپتىم.

## 4. بايۇەچچىنىڭ ئۆز تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزۈشى

باۋ بايۇەچچە ئۆز تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزگەندە مۇنداق بىر كۈلكىلىك ئىش بولغانىدى: ياڭ جاڭجۈننىڭ ئىككى ئوغلى بولۇپ، چوڭىنىڭ ئىسمى ياڭ يىڭچيەن، ئەركىلەتمە ئىسمى باۋ بايۇەچچە، كەنجىسىنىڭ ئىسمى ياڭ يىڭكۈن، ئەركىلەتمە ئىسمى گادەن ئىدى. مەلۇم بىر يىلى باۋ بايۇەچچىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن چاكچىلىچىلەر تەكلىپ قىلىنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە شۇ چاغلاردىكى ئۈرۈمچى بويىچە ئەڭ ئۇستا ھەم داڭلىق چاكچىلىچى ليۇفاڭ دېگەن كىشى بار ئىدى، ئۈرۈمچىدىكى پۇقرالارنىڭ ھەممىسى ئۇنى بىلەتتى. جاڭجۈن «بارغاندا بەش قېتىم بېسىپ كىرىش» دېگەن چاكچىلىنى ئويناشنى تەلەپ قىلدى. ئويۇننى جاڭجۈن كۆرىدىغانلىقى ئۈچۈن، ليۇفاڭ ئەپيۈننى بولۇشىغا چېكىپ، چاكچىلە ناخشىسىنىمۇ تازا ئوخشىتىپ ئېيتتى، ئويۇن تۈگىگەندىن كېيىن ھالسىراپ كېتىپ قان قۇسۇۋەتتى، جاڭجۈننىڭ ئۇنىڭغا قانچە پۇل بەرگەنلىكىنى ئويلاپ باقمامسىلەر. جاڭجۈن ئۇنىڭغا ئارانلا ئىككى كۈچۈك ئىنئام قىلدى، سورۇندا ئولتۇرۇشقان نازىرلار بۇنىڭدىن خىجالەت بولۇشۇپ ئون - يىگىرمە سەر تەڭگىدىن ئىنئام قىلىشتى. قىزىق ئىش، خەق شۇنداق ئوبدان ئويناپ بەرسە ئاران ئىككى كۈچۈك ئىنئام قىلغىنى نېمىسى، بىر كۈچۈك قانچە پۇلغا يارايدۇ. ئارانلا ئىككى يېرىم مىسقال كۈمۈشكىلا يارايدۇ، خالاس.



قان قۇسقۇدەك بولۇپ كۈچەپ ئويۇن كۆرسىتىپ بەرسىمۇ، ئۇنىڭ پۇل تۆلەشكە كۆزى قىيمىدى. كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ئۇستا چاكچىلىچى ئۆيىگە بېرىپلا ئۆلۈپ كېتىپتۇ. بۇ ئىشلارنى پۇقرالارمۇ بىلىپ كېتىپتۇ. جاڭجۈن ئۆمۈر بويى ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئۆتكەن ئادەم بولۇپ، سۆلەتۋازلىق بىلەن خۇشى يوق ئىدى. ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈپمۇ يۈرمەيتتى. ئۇ بىر يەكتەكنى 17 يىل كىيگەنىدى، ئۇ ئەيش - ئىشرەت، كەيپى - ساپاغا بېرىلگەنلەرگە ئۆچ ئىدى. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى ئاددىي كىيىنىپ، ساقال - بۇرۇتلىرىنى ئالماي يۈرسە، ياخشى ۋەزىپىلەرگە قويۇلاتتى. ئۇلارنىڭ مال - مۈلكى كۆپ بولسىمۇ كارى يوق ئىدى. تاۋار دۇردۇنلارنى كىيىپ سۆلەتۋازلىق قىلغانلارنى ياقتۇرمىغانلىقتىن، ئۇلارغا ياخشى ۋەزىپىلەرنى بەرمەيتتى. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئۇنىڭغا ھاجىتى چۈشۈپ بىرەر نېمە تەلەپ قىلسا، «بىر - ئىككى كۈن تەخىر قىلىپ تۇرۇڭ، ئالدىرىماڭ» دېگەن سۆزلەر بىلەن يولغا سېلىپ قوياتتى.

## 5. دىنىدىن پايدىلىنىش

شۇ چاغلاردا مىلىتارىستلار ئارىسىدا ئۇرۇش بولۇۋاتقان بولۇپ، ياڭ زېڭشىن مەركەزگە نىسبەتەن «ئاكاڭ كىمنى ئالسا، يەڭگەڭ شۇ» دېگەن پوزىتسىيىدە بولۇپ، كىم تەختكە چىقسا شۇنى ھىمايە قىلاتتى. ئۇ ئىچكىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ، شىنجاڭنى ئىچكىرىدىكى سىياسىي ماجرالارغا ئارىلاشتۇرمايتتى. ئۇ ھەمىشە: «شىنجاڭ بىر تەبىئىي تۈرمە، روسىيىنىڭ ماجراسى تۈگىدى، ئۇلار

ئەمدى شىنجاڭغا كەلمەيدۇ، شىنجاڭ تىنچلاندى، پۇقرالار ئارامى خۇدا جان باقسۇن» دەيتتى.

شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۇ، ئاساسەن يەرلىك ۋاڭ - گۇڭ، ئاقسۆڭەكلەرنى قولغا كەلتۈرگەنىدى. قارا شەھەردىكى بەنخەن ۋاڭ، قوشتۇلاي، شىخودىكى چاۋ چىڭۋاڭ، قۇمۇلدىكى شاچىڭۋاڭ، كۇچادىكى ئابدۇللا ۋاڭ، خوتەندىكى زاكىر ئاخۇنبەگلەرنى ئۆزىنىڭ ئىسكەنجىسىگە ئېلىۋېلىپ، چوماقچى قىلغانىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاز - تولا زىددىيەت پەيدا قىلىپ، ئۇلارنى ئۆز ئارا نىزىقتىلاپ قويغانىدى. ھەر قايسى چىڭۋاڭلارنى ئۆزىگە قارىتىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ كەنجى ئوغۇللىرىنى ئېلىپ كېلىپ، ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ 3 - زالىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆز ئوغۇللىرى بىلەن بىرلىكتە ئوقۇتاتتى. قارىماققا ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىغا كۆڭۈل بۆلگەندەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۇلار گۆرۆگە تۇرغۇزۇلغانىدى.

خۇيزۇلار ئىچىدە ئۇ ئاخۇنلارنى كونترول قىلاتتى. ئەينى چاغلاردا ئۈرۈمچىدىكى خۇيزۇلار 23 مەزھەبكە بۆلۈنگەن بولۇپ، يې فامىلىلىك بىر كىشى ئۇلارغا باش ئىدى. كىشىلەر ئۇنى يې لويې (بېگىم) دېيىشەتتى. دىنىي ئىشلاردا يې لويېنىڭ گېپى گەپ ئىدى. ياڭ جاڭجۈن خۇيزۇلار ئارىسىدىكى ئىشلاردىن يې لويې ۋە باشقا ئاخۇنلار ئارقىلىق خەۋەر تاپاتتى.

ياڭ جاڭجۈن دىنغا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرەتتى، بولۇپمۇ ئاخۇنلارنى بەك ھۆرمەت قىلاتتى. ئىلگىرى خۇيزۇ ئەمەلدارلار ئاخۇنلارغا سالام بېرىپ قويۇپلا ئۆتۈپ كېتەتتى، لېكىن جاڭجۈن ئۇنداق قىلمايتتى، ئاخۇن-



لار بىرەر ئىش توغرىلىق ئۇنىڭ ھوزۇرىغا كەلسە، قىلچە ئىككىلەنمەي ئۆزى بىۋاسىتە قىزغىن قوبۇل قىلاتتى. ئۇزاتقاندا ئۇ ئاخۇنلارنى چوڭ زالنىڭ سىرتىغىچە ئۇزىتىپ چىقىپ، مەپىلىرىگە ئولتۇرۇۋالغۇچە قاراپ تۇراتتى. ئادەتتە ئۇ، دىۋىزىيە كوماندىرلىرى، بىرىگادا كوماندىرلىرىنى قوبۇل قىلىشمۇ 3 - زالدا يولغا سالاتتى.

ھەر يىلى بىر قېتىم مۇھەممەد پەيغەمبەرنى خاتىرىلەپ مەۋلۇت ئۆتكۈزۈلگەندە، مەيلى قايسى مەزھەب بولسۇن، ئەگەر جاڭجۈننى تەكلىپ قىلسىلا، ئۇ 200 جىڭ ئۇن، 100 جىڭ ياغ، بىر كالا سەدىقە قىلاتتى، چوڭراق مەزھەب بولسا، ئىككى كالا سەدىقە قىلاتتى، مەۋلۇت تۈگىگەن چاغلاردا بېرىپ قالغان بولسا، ئۇلارغا دەخلى قىلماستىن، مەسچىت سىرتىدا ئولتۇرۇپ تۇراتتى. مەۋلۇت تۈگىگەندىن كېيىن ئاخۇن ۋە جامائەت بىلەن سالاملىشىپ ئۇلارنى تەبرىكلەيتتى. شۇ چاغلاردا پۈتۈن شەھەردىكى 23 مەزھەبنىڭ ئۆز ئالدىغا مەسچىتلىرى بار ئىدى. كۆپىنچە مەسچىتلەردە ياڭ زېڭشىننىڭ «خەلق ھۆرمەتلەيدىغان دىيانەتلىك ئىسلام دىنى» دېگەن خېتى يېزىلغان ۋەۋىسكىلار بار ئىدى.

مۇسۇلمانلار ھەر يىلى ئۆتكۈزىدىغان روزى ھېيت بىلەن قۇربان ھېيتتا ئۇ ئاخۇنلارنى ھېيتلايتتى ۋە دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ 2 - زالىدا ساڭزا، پولۇ تەييارلاپ، ئاخۇنلارغا زىياپەت بېرەتتى. ئۇ كۆپچىلىك بىلەن بىللە داستىخاندا ئولتۇرۇپ: «قېنى ئېغىز تېگىڭلار، بۈگۈن جەم بوپتۇق، پۇخادىن چىققىچە مۇڭدىشىۋالايلى» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىپ چاقچاق قىلاتتى، ياشانغان بۇ ئادەم كەم سۆز بولۇپ، ئادەتتە كۆپ سۆزلىمەيتتى، ئەمما ئارىلاپ - ئارىلاپ قىلغان

سۆزلىرى كىشىلەرگە ئىنتايىن سەمىمىي تۇيۇلاتتى. ئۇ باشقىلار ئالدىدا ئەزەلدىن ئۆزىنى چوڭ تۇتمايتتى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى باشقىلارنى ئۆزىگە تارتقانلىقى ئىدى. بۇ ئاخۇنلارمۇ نېمىلا ئىش بولسا ئۇنىڭغا مەلۇم قىلىپ تۇراتتى. ئۇ ئاخۇنلارغا دائىم: «ياخشى ئادەملەر ئارامى - خۇدا جان بېقىشنى خالايدۇ، ئەمما بەزى ئەسكىلەرمۇ باركى، ئۇلار زادىلا جىم يۈرمەيدۇ. سىلەر دىنىي ئەربابلار، جاھان تىنچ بولسا دىن روناق تاپىدۇ، ئۇنداق بولمايدىكەن دىن داۋالغۇپ قالىدۇ. ئەگەر بەزى بۇزۇقلار جېدەل چىقىرىپ دىنغا دەخلى قىلسا، ئۆزۈڭلار تەڭ كېلەلمىسەڭلار ماڭا ئېيتىڭلار، مەن ھەل قىلىپ بېرىمەن. دىنىنىڭ ئىچكى مەسىلىلىرىنى ئۆزۈڭلار بىر تەرەپ قىلىڭلار، ھەممەيلەن تىنچلىقنى مەقسەت قىلايلى، پۇقرالار خاتىرجەم كۈن كەچۈرسۇن» دەيتتى. كۆپچىلىكمۇ جاڭجۈننىڭ سۆزىنى ئورۇنلۇق كۆرۈشەتتى. چۈنكى قەدىمكى چاغلاردا پەيغەمبەر ۋە ئەۋلىيالار پۇقرالار باياشات، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرسۇن دېگەن ئەمەسمۇ. شۇڭا ئەينى چاغلاردا شىنجاڭدىكى پۇقرالار جاڭجۈندىن رازى ئىدى.

## 6. ئۆزىگە قارشىلارنى يوقىتىش

جاڭجۈن پۇقرالارنى باشقۇرۇشتا ھەم مېھرىبان، ھەم رەھىمسىز بولۇپ، ئۇلارنى ئۆزىگە تارتىپ پايدىلىناتتى. يەرلىك ئەمەلدارلار بىلەن ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى سىپاھىلارغا قارىتا ئۆزىگە بويسۇنۇشنى نىزام قىلاتتى. ئۆزىگە قارشى تۇرغان، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا زىيان سالغانلارنى ئىنت-



ايىن رەھىمسىزلىك بىلەن كۆزىدىن يوقىتاتتى. ئۇنىڭ ھەرقايسى ئورۇنلاردا قۇلاقلىرى بولۇپ ھەممە ئىشتىن خەۋەر تېپىپ تۇراتتى.

مىنگونىڭ 3 - يىلى مافۇشىن ئائىلىسى بىلەن بىزنىڭ ئائىلە قەشقەرگە ئەۋەتىلدى، ياڭ زەڭشىن (لەقىمى ياڭ چوقۇر) قەشقەرنىڭ ۋالىيلىق ئەمىلىنى مافۇشىنغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆزى سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئارقىلىق ئىچكىرى ئۆلكىگە قايتىپ كەتتى. ئۇ يەنە بىر باتاليون ئەسكىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن بولۇپ، يۈەن داخۇانىڭ يېقىنلىرىدىن خۇاڭ ۋەنپىڭ بۇ باتاليوننىڭ كوماندىرى ئىدى، ئەمەلىيەتتە ئۇ قەشقەرنىڭ ھەربىي ئىشلار قوماندانى ئىدى.

بىر كۈنى جاڭجۈن قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ۋاڭ يىنتاڭغا: «پالانچى كۈنىنىڭ پالانچى ۋاقتىدا خۇاڭ ۋەنپىڭنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت مەھكىمىسىگە تاماققا تەكلىپ قىلىڭلار» دېگەن مەزمۇندا تېلېگرامما ئەۋەتىدۇ. جاڭجۈن دائىم مۇشۇنداق باش - ئاخىرى يوق تېلېگرامما ئەۋەتىپ قول ئاستىدىكىلەرنى قايمۇقتۇراتتى، شۇڭا ئەمەلدارلار جاڭجۈندىن ئىنتايىن قورقاتتى. جاڭجۈن تۆپچىلار پولكىدىكى ماشگىۋەنگىمۇ (مېنىڭ دادام): «مەلۇم كۈنىنىڭ مەلۇم ۋاقتىدا باتاليونغا بېرىپ خۇاڭ ۋەنپىڭنى باشلاپ چاسا كوچىدىن تۆشۈك دەرۋازىغا بېرىپ، ئاندىن فېڭچېڭ كوچىسىدىكى ئامبال يامۇلغا زىياپەتكە بېرىڭ» دېگەن مەزمۇندا تېلېگرامما ئەۋەتىدۇ. ھېچكىم ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلماسلىققا پېتىنالمايتتى. چۈنكى ئۇنىڭ غەرىزىنى بىلىپ بولغىلى بولمايتتى.

تېلېگراممىدا بەلگىلەنگەن كۈنى ماشگىۋەن باتاليونغا

بىرىپ خۇاڭ ۋەنپىڭنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلىپ جاڭجۈننىڭ يولىيورۇقى بويىچە چاسا كوچىدىن تۆشۈك دەرۋازىنى قاراپ يول ئالىدۇ. ئىككىيلەن پىيادە فېڭچېڭ كوچىسىنىڭ دوقمۇشىغا كەلگەندە «پاڭ!» قىلغان مىلتىق ئاۋازى بىلەن تەڭ خۇاڭ ۋەنپىڭ يەرگە يىقىلىدۇ. ماشىگيۇەن چۆچۈپ: «كىم» دەپ ۋارقىرايدۇ - دە، كەينىگە ئۆرۈلۈپ ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى ئۇدلىنىيە كوماندىرى دىڭ فۇخەي ئاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «نېمە قىلغىنىڭ بۇ» دەپ سورايدۇ.

دىڭ فۇخەي يانچۇقىدىن ئىمزا قويۇلغان بۇيرۇقنى چىقىرىپ: «دارىن، مانا بۇ جاڭجۈننىڭ بۇيرۇقى» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئەسلىدە جاڭجۈن ئۇنىڭغا ۋەنپىڭنى مۇشۇ يەردە ئېتىۋېتىشكە بۇيرۇق قىلغانىكەن.

ماشىگيۇەن — ماڭا خەۋەر قىلىپ قويساڭ بولمامدۇ، مەن يا قورال سېلىۋالمايتىمەن، ئەگەر ئۇ ماڭا ئوق چىقارسا قانداق قىلاتتۇق، — دېدى.

— مۇمكىن ئەمەس، مېنىڭ مەرگەنلىكىمنى بىلمەمسىز، — دەپ جاۋاب بەردى دىڭ فۇخەي.

قارىماققا، جاڭجۈن كىمنىڭ مەرگەنلىكىنىمۇ بىلىدىكەن، ھەتتا قول سالىدىغان ئورۇننىمۇ بەلگىلەپ بېرىپتۇ. ئۇ قايسى ئورگاندا قانداق كىشىلەرنىڭ بارلىقىنى بەش قولدەك بىلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەر ئۇنىڭدىن چۆچۈپ دەككە - دۈككىدە يۈرەتتى، سىياسىي ئىشلار ئۈستىدىن ئۇنى - بۇنى دېيىشكە تېخىمۇ پېتىنالمايتتى. جاڭجۈن قول ئاستىدىكى ھەر قانداق ئەمەلدارنىڭ خىيانەت قىلىشىغا، بەتخەجلىك قىلىشىغا يول قويۇپ ئۇلارنى رازى قىلاتتى. ئەمما بىر شەرتى بولۇپ، ئۇ



بولسىمۇ ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا تەسىر يەتكۈزمەسلىك ئىدى. جاڭجۈن: «مېھرىبان ئەمەلدارلار پۇقرالارنى ئەزمەيدۇ» دېگەن سۆزنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى. ئەمما ئەمەلدارلارغىمۇ ئاز - تولا نەپ بېرىپ تۇراتتى. مانا بۇ ئۇنىڭ مەمۇرىي سىپاھىلارغا قارىتا تۇتقان يولىدۇر.

## 7. چاڭ بېگىنىڭ جېنىدىن جۇدا بولۇشى

مىنگونىڭ 10 - يىلى جاڭجۈننىڭ رەپىقىسى سۈي خانىم بىلەن چاڭ بېگ ئوتتۇرىسىدا ئاشنا ئويناش ۋەقەسى يۈز بەرگەنىدى.

جاڭجۈن تۈز ئادەم بولۇپ، شەھۋانە ھەۋەسلەرگە بېرىلمەيتتى، خانىمىنىڭ بۆلمىسىگە ناھايىتى ئاز باراتتى، كۆپ ھاللاردا ئۆزىنىڭ كىتاب بۆلمىسىدە قونۇپ قالاتتى.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، جاڭجۈن ئىشلىرىنى تۈگىتىپ توساتتىن سۈي خانىمنىڭ بۆلمىسىگە كىرىدۇ، ئاقساقال مىلەگزىنى قايرىپ، چاڭ بېگ ئىسىملىك بىرسىنىڭ سۈي خانىم بىلەن گىرەلىشىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ قالىدۇ - دە، قورۇق يۆتىلىپ قويۇپ چىقىپ كېتىدۇ.

چاڭ بېگ موڭغۇل مىللىتىدىن بولۇپ، كىچىكىدە مەنخەنۋاڭنىڭ ئوغلىغا ھەمراھ بولۇپ ئوقۇشقا كەلگەن، چوڭ بولغاندىن كېيىن جاڭجۈن ئۇنى ئېلىپ قېلىپ كانىۋاي قىلىۋالغان.

چاڭ بېگ جېنىدىن ئەنسىرەپ قورققىنىدىن گاڭگىراپ قېلىپ جاڭ جياكۇيغا بارىدۇ. جاڭ جياكۇي جاڭجۈننىڭ

ئىشەنچلىك ئادىمى ئىدى. باشقىلار ئۇنى كىچىك باشلىق دېيىشەتتى، ئۇنىڭ دادىسىمۇ ئەينى چاغلاردا جاڭجۈننىڭ يېقىنلىرىدىن بولۇپ، شەھەر مۇداپىئەسى قوماندانى ئىدى. چاڭ بىڭ بۇ يەرگە ئۆزىنىڭ بالا تېرىپ قويغانلىقىنى بىلىپ پانا تىلەپ كەلگەنىدى.

چاڭ بىڭ جاڭ جىياكۇيغا باش ئۇرۇپ تۇرۇپ:

— باشلىق، مېنىڭ جېنىمنى قۇتۇلدۇرۇپ قويۇڭ، دەپ يېلىنىدۇ.

— نېمە ئىش بولدى، دەپ سورايدۇ، جاڭ.

— مەن بۈگۈن خانىمغا چاي ئېلىپ كىرگەنىدىم، خانىم مېنى قۇچاقلىۋالدى، مەن بۇ ئىشتىن قورقتۇم، ئەمما خانىم...... دەل مۇشۇ چاغدا جاڭجۈن كىرىپ قېلىپ كۆرۈپ قالدى.

— زادى كۆرۈپ قالدىمۇ - يوق؟

— كۆرۈپ قالدى، كۆرۈپ قالدى!

— ھېچقىسى يوق، ئانچە قورقۇپ كەتمە، ھازىرچە قايتىپ تۇرغىن، — دەپ ئۇنى يولغا سالىدۇ، ئەمما كۆڭلىدە چاتاق بوپتۇ، ئەگەر جاڭجۈن كۆرۈپ قالغانىكەن، ئۇ چوقۇم ھايات قالمايدۇ، دەپ ئويلايدۇ.

بۇ ئىشلارنى جاڭ جىياكۇي ماڭا كېيىنكى كۈنلەردە سۆزلەپ بەرگەنىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «مەن جاڭجۈننىڭ قاچان كايىيدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم، 3 - زالدىمۇ ھېچ ئىشنى تىڭ - تىڭلىيالمىدىم».

ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە جاڭجۈن ۋەزىپىگە تەيىنلەش مەكتۇپى چىقارغانىدى. مەكتۇپتە: «چاڭ بىڭ، ئاتلىق روتىنىڭ كوماندىرلىقىغا تەيىنلەندى، ۋەزىپىنى دەرھال



ئۈستىگە ئالسۇن» دېگەن سۆزلەر يېزىلغان ئىدى.

چاڭ بىڭ مەكتۇپنى قولىغا ئېلىپ بىر «ئۇھ» تارتتى - دە، خۇشاللىقىدىن: «خۇدايا شۈكرى، ئاقساقال بۇ ئىشنى كۆرمەپتۇ» دەپ خۇشال بولىدۇ ۋە ئاتلىق روتىغا بېرىپ ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

يېرىم يىل ئۆتۈپ - ئۆتمەي سۇي خانىم ئىچكىرى ئۆلكىگە قايتماقچى بولىدۇ. جاڭجۈن ئۇنىڭدىن: «سەپىرىڭىز ناھايىتى ئۇزۇن، يولدا قىينىلىپ قالمىسىز، يېقىنلىرىڭىزدىن بىرەرنى ھەمراھ قىلىۋېلىڭ، سىزچە كىم بولسا بولا» دەپ سوراپتۇ.

— سۇي خانىم بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال بولىدۇ، ئۇ سەل ئويلانغاندىن كېيىن: «ئەگەر رۇخسەت قىلسىڭىز چاڭ بىڭ بىللە بارسۇن» دەيدۇ.

— ھە، توغرا، ئۇ بالا كىچىكىدىنلا ئالدىمىزدا چوڭ بولغان. ئىشەنچلىك بالا، شۇنى ئەۋەتەي، — دەپ دەرھاللا «چاڭ بىڭ خانىمنى مۇھاپىزەت قىلىپ ئىچكىرىگە بىللە بارىدۇ» دېگەن مەزمۇندا بۇيرۇق چۈشۈردى.

چاڭ بىڭ بۇنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن قىن - قىنىغا پاتماي قالىدۇ ۋە سۇي خانىم بىلەن بىللە سەپەرگە چىقىدۇ. ئۇلار شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدە ناھايىتى ئەدەپلىك مېڭىشىدۇ، ئەمما شىڭشىڭشيادىن ئۆتۈپلا ئوچۇق - ئاشكارا ئاپاق - چاپاق بولۇشۇپ كېتىدۇ، ھەتتا ئەر - خوتۇنلاردەك بىللە يېتىپ - قوپۇشۇپ، كىشىلەردىنمۇ ئەيمىنىشمەيدۇ. بۇ ئىشلارنى مېنىڭ رەپىقەمنىڭ ئاكىسى ماجىدىي ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپتىكەن (ئۇ شۇ چاغلاردا دۇبەن مەھكىمىسىدە كانىۋاي بولۇپ، سۇي خانىمنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن

ئىچكىرىسىگە بىللە بارغان). مۇھاپىزەت قىلغۇچىلار ئۇلارنىڭ بەتقىلىقلىرىدىن ئىنتايىن غەزەپلىنىشىپتۇ، جاڭجۈننىڭ خانىسى تۇرۇقلۇق ئۇنداق بولمىغۇر ئىشلارنى قىلسا سەت ئەمەسمۇ.

بېيجىڭغا يېتىپ بېرىپ پويىزدىن چۈشۈپ تۇرۇشىغا ۋوگزالدا بېشىغا شلەپە كېيگەن بىر كىشى چاڭ بىڭنى چاقىرىدۇ.

چاڭ بىڭ ئۆرۈلۈپ قارىغۇدەك بولسا، ئۇ ياڭ تېلىن ئىكەن (جاڭجۈننىڭ جىيەنى). ياڭ تېلىن چاڭ بىڭغا: «مەيەرگە كەل!» دەپ ئىشارەت قىلىدۇ.

چاڭ بىڭ ئۇنىڭ يېنىغا بېرىشىغا ياڭ تېلىن ئۇنى بىر پاي ئوق بىلەن تىك چۈشۈرۈۋېتىدۇ.

ياڭ تېلىن ئۇنى ئۇجۇقتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن شۇ جايدىكى ئورۇنلارغا ياڭ زېڭشىننىڭ بۇيرۇقىنى كۆرسىتىپ قويۇپ ئىشنى تامامىلاپ شىنجاڭغا قايتىپ كېلىدۇ. بۇ ياڭ زېڭشىننىڭ ئىشنى باشقا جايدا بىر تەرەپ قىلىشى بولىدۇ.

سۈي خانىم بىلەن چاڭ بىڭنىڭ دۈبەن مەھكىمىسىدە چىقارغان چاتىقى توغرىسىدىكى ئىشنى ماڭا جاڭ جياكۇي سۆزلەپ بەرگەنىدى. چاڭ بىڭ ئۇنىڭدىن ئۆزىنى ئاقلاپ قويۇشنى ئۆتۈنگەن بولغاچقا، بۇ ئىشنى جاڭ جياكۇيدىن بۆلەك ھېچكىم بىلمەيتتى. سۈي خانىمنىڭ ئىچكىرىگە قايتىش سەپىرىدىكى ئىشلىرىنى مەن خوتۇنۇمنىڭ ئاكىسى ماجىدېدىن ئاڭلىغانىدىم. ئۇمۇ سۈي خانىمنى بېيجىن، خاڭجۇغىچە ئاپىرىپ قويۇپ ئاندىن شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەنىدى. شۇندىن كېيىن سۈي خانىم شىنجاڭغا قايتا يېنىپ كەلمىدى.

بىز مۇشۇ ئىشتىن جاڭجۈننىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلى-



كىنى بىلىۋالالايمىز. چاڭ بىڭنىڭ چاتىقى گەرچە ئالدىنقى يىلى بولغان بولسىمۇ، لېكىن جاڭجۈن ھېچقانداق شەپە چىقارماي يەنىلا ئوبدان مۇئامىلە قىلىپ، ھەتتا ئۇنىڭغا ئاتلىق قىسىملارنىڭ روتا كوماندىرلىق ۋەزىپىسىنى بەردى. ئاندىن سۈي خانىمنى چېكىپ باقتى. ئەگەر سۈي خانىم باشقا بىرسىنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىشنى تەلەپ قىلغان بولسا چاڭ بىڭ ئېھتىمال بىرنەچچە ۋاخ ئارتۇق ئۆمۈر كۆرگەن بولاتتى، لېكىن چاڭ بىڭنىڭ جەزمەن ئۆلتۈرۈلۈشىدە شەك يوق ئىدى.

تۇردى سابىت تەرجىمىسى

# ياڭ فېيشيانىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى

(جىن گۇجېن رەتلىگەن)

ياڭ فېيشيا، تەخەللۇسى تەي شۇ، يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ مېڭزى ناھىيىسىدىن. 1881 - يىلى تۇغۇلۇپ، 1961 - يىلى 80 يېشىدا ۋاپات بولغان. ياڭ فېيشيانىڭ تېگى نەنجىڭدىن بولۇپ، مىڭ خاندانلىقى دەۋرىدە ئاتا - بوۋىسى لەشكەر بولۇپ قوشۇن بىلەن بىللە يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ مېڭزى ناھىيىسىگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان. ئۇنىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى بىلەن چوڭ بوۋىسى ئايرىم ھالدا سۇگجياڭ ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى، ساڭشىن ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى، ئوردا كىتابخانىسىنىڭ ئەمەلدارى بولغان. ئۆز بوۋىسى بولسا دېھقانچىلىق ۋە بىناكارلىق بىلەن شۇغۇللانغان. دادىسى چامباشچىلىقنى ئۆگەنگەندىن سىرت، ئۇستا تۇتۇپ، چىخۇاڭ تىبابەتچىلىكىنى ئۆگىنىپ دوختۇرلۇق قىلغان ۋە دورىخانا ئاچقان. ياڭ فېيشيانىڭ ئاتا - ئانىسى تۆت ئوغۇل كۆرگەن بولۇپ، ياڭ فېيشيا كەنجىسى ئىدى، ئۇنىڭ ئۈچ ئاكىسى دېھقانچىلىق ۋە دورىگەرلىك بىلەن شۇغۇللانغان. ياڭ فېيشيا بالىلىق دەۋرىدە بىر تەرەپتىن چامباشچىلىق، رېتسىپ يېزىش، تومۇر تۇتۇشنى ئۆگەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن خۇسۇسىي مەكتەپكە كىرىپ، كۇڭزى، مېڭزىنىڭ كىتابلىرىدىن تەلىم ئالغان. ئۇ ۋياڭ چىشيا ئىسىملىك بىر قىزغا



ئۆيلەنگەن. كېيىن، ئىلىدا تۇرغان ۋاقتىدا چېڭ يىشا ئىسىملىك بىر قىزنى كىچىك خوتۇنلۇققا ئالغان.

## 1. ياپونىيىگە ئوقۇشقا چىقىپ، تۇڭمېڭخۇي تەشكىلاتىغا قاتنىشىشى

ياڭ فېيشيا ئىرىشچانىدى، ئۇ قېتىرقىنىپ ئىلىم تەھسىل قىلىپ شيۇسەيلىك ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا، شۇ ۋاقىتتا يۈننەندە ئېچىلغان دارىلمۇئەللىمىنگە كىرىپ ئوقۇيدۇ ۋە ئوقۇش نەتىجىسى ئەلا بولغانلىقتىن، تاللىنىپ ياپونىيىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا، چىڭ خاندانلىقى ھۆكۈمىتى ئىنتايىن چىرىكلىشىپ كەتكەن بولۇپ، جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا ۋە بوزەك قىلىشىغا ئۇچراپ، چەت ئەل جاھانگىرلىرى بىلەن ئارقا - ئارقىدىن تەڭسىز شەرتنامىلەرنى ئىمزالاپ، ئۇلارغا يەر بۆلۈپ بېرىپ، پۇل تۆلەپ، ئىگىلىك ھوقۇقىنى يوقاتقان ۋە دۆلىتىمىزنى ھاقارەتكە قالدۇرغانىدى. بۇنىڭ بىلەن جۇڭگونىڭ خەلقئارادىكى ئورنى كۈندىن - كۈنگە تۆۋەنلەپ، يېرىم مۇستەملىكە دۆلەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز جاھانگىرلارنىڭ تەرەپ - تەرەپلەپ يەم قىلىشى تۈپەيلىدىن 400 مىليون جۇڭگو خەلقى مۇنقەرز بولۇپ كېتىشتەك ئېچىنىشلىق ھالەتتە قالىدۇ. ياڭ فېيشيا ياپونىيىدە ئۆز ۋەتىنىنىڭ چەت ئەل جاھانگىرلىرى تەرىپىدىن ئاياغ - ئاستى قىلىنىۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ جۇڭگولۇقلارنى خارلاپ، خالىغانچە بوزەك ئېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق غەزەپلىنىدۇ، شۇنداقلا تېخىمۇ غەيرەتكە كېلىپ تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ۋەتەنگە ئۆزىنى بېغىشلاش ئىرادىسىگە

كېلىدۇ. ئۇ سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق دۆلەتنى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇپ گۈللەندۈرۈش مەقسىتىدە تۆمۈر يول قۇرۇلۇشى كەسپىنى تاللىۋالىدۇ. ياڭ فېيشيا ياپونىيىدە ئوقۇۋاتقان ساۋاقداشلىرى بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىپ، ئۆزئارا مەدەت بېرىشىپ تىرىشىپ ئوقۇدى. بۇ چاغدا سۇن جۇڭشەن ئەپەندى بىلەن خۇاڭ شىن ياپونىيىدە «جۇڭگو تۇڭ-مېڭخۇي» تەشكىلاتىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئىنقىلابنى تەرغىب قىلىپ، چىرىكلەشكەن چىڭ خاندانلىقى ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇ-رۇپ تاشلاپ، ۋەتەننى، خەلقنى قۇتقۇزۇش توغرىسىدا ئىنقىلابىي تەشۋىق ئېلىپ بارىدۇ، ھەممە دۆلەت ئىچىدىكى گۇرۇھلار، يېڭى ئارمىيە (چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە تەشكىللەنگەن يېڭىچە قۇرۇقلۇق ئارمىيە — ت) ۋە چەت ئەللەردىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنى ئىنقىلابقا قاتنىشىشقا ئۇيۇشتۇرىدۇ. ياڭ فېيشيا ھېچبىر ئىككىلەنمەس-تىن، «جۇڭگو تۇڭمېڭخۇي» غا قاتنىشىپ، ئاكتىپ تۈردە تەشۋىقات ۋە ئالاقىلىشىش پائالىيىتى ئېلىپ بارىدۇ. كېيىن-چە چىڭ ھۆكۈمىتى ياڭ فېيشيانىڭ ئىنقىلابىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ئۇنىڭ ئوقۇش راس-خوتى ۋە تەمىناتىنى توختىتىۋېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ يېرىم يولدا ئوقۇشنى توختىتىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

ياڭ فېيشيا ناھايىتى زېرەك، قابىلىيەتلىك، شۇنداقلا ئىنقىلاب ئىشلىرىغا سادىق بولغانلىقى ئۈچۈن، تۇڭمېڭخۇي رەھبەرلىرى ئۇنى ياپونىيىدىكى ئوفىتسېرلار مەكتىپىگە ھەربىي ئىشلارنى ئۆگىنىشكە ئەۋەتىدۇ. ئۇ ئوقۇشنى پۈتتۈر-گەندىن كېيىن، گۇاڭجۇغا قايتىپ كېلىدۇ. ئۇ، ياپونىيىدە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ سەككىز يىل تۇرۇپ، تۆمۈر يول



قۇرۇلۇشى ۋە ھەربىي ئىشلارنى ئۆگىنىپ، ھەم قەلەم، ھەم ئەلەمگە ماھىر يېڭى ئېقىمدىكى ئەرباب بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ.

## 2. ئىنقىلابىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش

ياڭ فېيشيا ياپونىيە ئوفىتسېرلار مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ گۇاڭجۇغا قايتقاندىن كېيىن، خۇاڭ شىڭنىڭ مەخپىي رەھ-بەرلىكىدە، شۈەنتۇڭنىڭ 3 - يىلى (1911 - يىلى) 3 - ئاي-نىڭ 29 - كۈنى گۇاڭجۇدىكى تۇنجى قېتىملىق قوراللىق قوزغىلاڭغا قاتنىشىدۇ. بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭغا 600 دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشقانىدى. قوزغىلاڭچىلار خۇاڭ شىڭنىڭ رەھبەرلىكىدە باش ۋالىي يامۇلىغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىل-غاندا، دۈشمەننىڭ يوشۇرۇن زەربىسىگە ئۇچراپ مەغلۇپ بولىدۇ. 72 ئادەم قۇربان بولىدۇ. بۇلار بېيىۈنشەن تېغى-ئېتىكىدىكى خۇاڭخۇاگاڭ دېگەن يەرگە دەپنە قىلىنىدۇ. بۇ يەر ھازىر «خۇاڭخۇاگاڭدىكى 72 قەھرىمان» دەپ ئاتى-لىدۇ. قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن چىڭ ئەسكەرلىرى شەھەر دەرۋازىلىرىنى مەھكەم ئېتىپ ئادەم تۇتۇشقا كىرىشىدۇ. بۇ خەتەرلىك ئەھۋالدا ئىنقىلابقا ھېسداشلىق قىلىدىغان ۋەتەنپەرۋەر زات چېڭ خاۋرەن ياڭ فېيشيانى ئۆز ئۆيىنىڭ بالىخانىسىغا يوشۇرۇپ تۇتقۇندىن قۇتۇلدۇرۇپ قالىدۇ. 3 - كۈنى سەھەردە ياڭ فېيشيا گىرىم قىلىپ، يوشۇرۇن ھالدا ئاۋۋال شياڭگاڭغا، كېيىن شياڭگاڭدىن ياپونىيىگە بارىدۇ. ياپونىيىگە بارغاندىن كېيىن، تۇڭمېڭخۇي تەرىپىدىن جۇڭگو مۇھاجىرلىرىغا تۇڭمېڭخۇينىڭ سىياسىي پروگراممىسىنى

تەشۋىق قىلىش، ئىنقىلاب ئىشلىرى ئۈچۈن ئىئانە توپلاش ئۈچۈن، جەنۇبىي ئاسىيادىكى مالايشىيا، فىلىپپىنلەرگە ئەۋەتىلدى. چەت ئەلدىكى جۇڭگولۇق قېرىنداشلار پائال تۈردە پۇل ئىئانە قىلىشتى. ياڭ فېيشيا ئۇرغۇن پۇل توپلاپ پوچتا ئارقىلىق ياپونىيەگە ئەۋەتىپ بەردى. بۇ پۇللارنى تۇڭمېڭخۇي قورال - ياراق، ماددىي ئەشيا، داۋالاش دورىسى قاتارلىق نەرسىلەرنى سېتىۋېلىشقا ئىشلەتتى. ئىئانە توپلاش خىزمىتى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ياڭ فېيشيا ياپونىيەگە قايتىپ كېتىپ، ئۇ يەردىن يەنە ئۈچ ئادەم بىلەن بىرگە ۋۇچاڭغا ئەۋەتىلدى. ۋۇچاڭدا ئۇ ھەربىي تەلىم - تەربىيە مەكتىپىدە ئوقۇغۇچىلار ئارمىيىسىنىڭ باش دۇيجاڭلىقىغا تەيىنلەندى ۋە شىنخەي ئىنقىلابىدا، ئوقۇغۇچىلار ئارمىيىسىنى باشلاپ ئۇرۇشقا قاتناشتى. ئىنقىلاب غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلار ئارمىيىسى كېڭەيتىلىپ، ئىنقىلابىي ئارمىيىنىڭ پىيادە ئەسكەرلەر لۈيى قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ ياڭ فېيشيا بۇ لۈينىڭ لۈيجاڭلىقىغا تەيىنلەندى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا يارىلىنىپ دوختۇردا يېتىپ داۋالاندى. ساقايغاندىن كېيىن، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى ئورگىنىغا خىزمەتكە يۆتكەلدى. ئۇ چاغدا، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ۋاقىتلىق بۈيۈك زۇڭتۇڭى سۇن جۇڭشەن ئەپەندى بولۇپ، ياڭ فېيشيا ھۆكۈمەت ئىچىدە سۇن جۇڭشەننىڭ ھەربىي پىلان ئىشلىرىغا ئىشتىراك قىلىپ، سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ ئېتىبارىغا ئېرىشتى ۋە 1912 - يىلى تىنچلاندۇرۇش ئەلچىسى قىلىپ تەيىنلىنىپ (قۇرۇقلۇق ئارمىيە گېنېرال لېيتېنانت ئۇنۋانىغا تەڭ) شىنجاڭغا ئەۋەتىلدى.



## 8. شىنجاڭدىكى تىنچلاندۇرۇش خىزمىتى ۋە ئىلى چېگرىسىنى تىنچلاندۇرۇش بېگى ۋەزىپىسىگە تەيىنلىنىش

ئىلىدىكى شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن ياڭ زېڭشىن شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ۋالىيسى (دۇدۇ) قىلىپ كۆرسىتىلىپ ئىلاجىسىزلىقتىن جۇمھۇرىيەتكە قوشۇلىدىغانلىقىنى، نەنجىڭ ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى جاكالايدۇ. نەنجىڭ ھۆكۈمىتى ياڭ زېڭشىننىڭ جۇمھۇرىيەتنى ھىمايە قىلىدىغانلىقى، بەش خىل رەڭلىك بايراق ئاسىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنى شىنجاڭنىڭ قوشۇمچە خەلق ئىشلار باشلىقى قىلىپ تەيىنلەيدۇ. يەنە، ئۇنى ئۆزىگە قارىتىش ۋە چاڭگىلىدا تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭ يۇرتلۇقى ياڭ فېيشيانى بۈيۈك زۇڭتۇڭ مەھكىمىسىنىڭ گېنېرال لېيتېنانت ئۇنۋانلىق تىنچلاندۇرۇش ئەلچىسى قىلىپ شىنجاڭغا ئەۋەتىدۇ. ياڭ فېيشيا بىلەن بىرگە كەلگەن نىيۇشى (يۈننەنلىك) قاتارلىق يىگىرمىچە كىشىنىڭ كۆپىنچىسى ھەربىي ئىشلاردىن تەلىم ئالغانلاردىن ئىدى. ياڭ فېيشيا ئۈرۈمچىگە كېلىپ تىنچلاندۇرۇش خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەندىن كېيىن، ئارقىدىنلا ئىلىغا تىنچلاندۇرۇش خىزمىتى ئېلىپ بېرىشقا بارىدۇ. ئۇ ئىلىغا كەلگەندە چېگرىنى تىنچلاندۇرۇش بېگى گۇاڭ فۇ كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغانىدى. گۇاڭ فۇ ياڭ فېيشيانىڭ تۇڭمېڭخۇي ئەزاسى ئىكەنلىكى، ياپونىيەدە ئوقۇپ، ئوفىتسېرلار مەكتىپىنى پۈتتۈرگەنلىكى ۋە ھەربىي ئىشلاردا قابىلىيەتلىك ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ

ياشىنىپ، كېسەلچان بولۇپ كۈندىن - كۈنگە ئاجىزلىشىپ ئۆز ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، بۇ ۋەزىپىگە ياڭ فېيشيانى قويۇشنى لايىق كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش نىيىتىگە كېلىدۇ. گۇاڭ فۇ ئىلى چېگرىسىنى تىنچلاندۇرۇش بېگىنىڭ مۆھۈرىنى جودا كۆتەرتكۈزۈپ، داقا - دۇمباق بىلەن ياڭ فېيشيا چۈشكەن سارايغا كېلىپ ئۇنىڭدىن تامغىنى قوبۇل قىلىپ، بۇ ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىشنى ئۆتۈنىدۇ. بۇ ئىش تۇيۇقسىز بولغانلىقى ئۈچۈن، ياڭ فېيشيا قەتئىي قوبۇل قىلمايدۇ. گۇاڭ فۇ ئۇنىڭغا قايتا - قايتا تەزىم قىلىپمۇ قوبۇل قىلدۇرالماي، ئىلاجسىز، مۆھۈرنى قايتۇرۇپ ئېلىپ كېتىدۇ. نەچچە كۈندىن كېيىن، گۇاڭ فۇنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالىدۇ. ئۇ مۆھۈرنى يەنىلا جودا كۆتۈرتكۈزۈپ، داقا - دۇمباق بىلەن ياڭ فېيشياغا ئەۋەتىدۇ ۋە چېگرا زېمىنىنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەپ مۆھۈرنى ئۇنىڭغا زورلاپ تاڭماقچى بولىدۇ. ياڭ فېيشيا يەنىلا قوبۇل قىلمايدۇ ۋە چېگرىنى تىنچلاندۇرۇش بېگى مەھكىمىسىگە كېلىپ، گۇاڭ فۇ بىلەن يۈز تۇرانە كېڭەشىدۇ. ئاخىرى ياڭ فېيشيا چېگرىنى تىنچلاندۇرۇش مەھكىمىسىدە ۋاقىتىنچە ياردەملىشىشكە ماقۇل بولىدۇ ۋە گۇاڭ فۇنىڭ سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، خىزمىتىدىن دوكلات بېرىش ئۈچۈن، پايتەختكە قايتىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. گۇاڭ فۇ ياڭ فېيشيانىڭ ۋاقىتىنچە ئىلىدا قېلىپ، چېگرىنى تىنچلاندۇرۇش ۋەزىپىسىنى ۋەكالىتەن ئۆتەپ تۇرىدىغانلىقىنى، مەركىزىي ھۆكۈمەتكە ۋە شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ۋالىيسى قوشۇمچە خەلق ئىشلىرى نازىرى ياڭ زېڭشىنغا تېلېگراممىدا خەۋەر قىلىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي



گۇاڭ فۇنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ ۋاپات بولىدۇ. ياڭ زېڭشىن مەركىزىي ھۆكۈمەتكە ياڭ فېيشيانى ئىلىنىڭ چېگرىنى تىنچلاندۇرۇش بېگىلىكىگە رەسمىي تەيىنلەش توغرىسىدا دوكلات يوللايدۇ ۋە ياڭ فېيشيا بىلەن شىنجاڭغا بىللە كەلگەن يۇرتدىشى نيۇشىنى چېگرانى تىنچلاندۇرۇش مەھكىمىسىنىڭ سەنمۇجاڭلىقىغا (كېيىن نيۇشى ئىلى چېگرىنى تىنچلاندۇرۇش بېگى قىلىپ تەيىنلىنىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭدا ئۆزگىرىش بولغاندا قارا شەھەردە ماشىمىڭنىڭ قول ئاستىدىكىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ)، شىنجاڭغا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ كەلگەن يۈننەنلىك جاڭ مېڭيۈەنىنى شىنجاڭ ساقچى نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا، ۋۇ مىڭكۈينى شىنجاڭ تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، شادىڭ، لى يىننى ئومۇمىي ۋالىي مەھكىمىسى مۇھاپىزەت ئەترىتىنىڭ باتالىيون كوماندىرلىقىغا تەيىنلەيدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئەسلىدە شىنجاڭغا خىزمەت تەكشۈرۈشكە كەلگەن ياڭ فېيشيا يۇرتداشلىرى ۋە ئىنقىلابىي پارتىيە ئەزالىرى بىلەن بىللە، ئارقا - ئارقىدىن ۋەزىپىگە قويۇلۇپ، شىنجاڭدا تۇرۇپ قالىدۇ.

## 4. ئىلىدا چېگرىنى تىنچلاندۇرۇش بېگى بولغان مەزگىللەردە

ياڭ فېيشيا ئىلى چېگرىنى تىنچلاندۇرۇش بېگىلىك ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگەندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ھەربىي قىسىمنى تەرتىپكە سالىدۇ. ھەربىي مەكتەپ ئېچىپ، ھەربىي مەشقنى كۈچەيتىدۇ. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ياڭ زېڭشىن يۇقىرىنىڭ تەستىقى بىلەن ئىلى چېگرىنى تىنچلاندۇرۇش

بېگىنى چېگرىنى قوغداش بېگىگە ئۆزگەرتىمدۇ. ئەينى چاغدا، ئىلىدا تۇرۇشلۇق قىسىمدىن پەن چى ۋە ××× نىڭ ئاتلىق قىسىمدىن بىر باتالىيون، دىڭ زوچىن توپچىلار قىسمىدىن بىر باتالىيون، ۋاڭ ×× نىڭ پىيادىلەر قىسمىدىن بىر باتالىيون بار ئىدى. ياڭ فېيشيا بۇ قىسىملارغا ھەربىي تەلىم بېرىشكە بەكمۇ ئەھمىيەت بېرەتتى. ھەر كۈنى سەھەردە، ھەرقايسى مەشىق مەيدانلىرىغا بېرىپ، مەشىق ئەھۋالىنى بىۋاسىتە نازارەت قىلاتتى. مەشىقنى ئەستايىدىل ئورۇنلىغان ئەسكەرلەرنى مۇكاپاتلايتتى. ئۇ، تەقدىرلەش، جازالاش تۈزۈمىنى قاتتىق بېكىتكەنىدى. دائىم دېگۈدەك ھەرقايسى باتالىيونلارغا بېرىپ، خىزمەت ۋە ئەسكەرلەرنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تۇراتتى، ئەسكەرلەر بىلەن پاراڭلىشاتتى، بىرسىنىڭ دېيىشىچە مۇنداق بىر ئىش يۈز بەرگەن: «چېگرىنى قوغداش بېگى ياڭ فېيشيا دائىم پۇقراچە كىيىنىپ سىرتقا چىقاتتى، يېنىدا پەقەت بىر نەپەرلا مۇھاپىزەتچى بولاتتى. بىر قېتىم، بىر ناھىيىگە خىزمەتنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە بېرىپ، قايتىپ كەلگىچە يېرىم كېچە بولۇپ قالىدۇ. شەھەر دەرۋازىسىنىڭ ساقچىسى دەرۋازىنى ئېچىپ بەرمەيدۇ. ياڭ فېيشيانىڭ چامباشچىلىق گۇمپىسى بار بولۇپ، تامغا پەچاق سانجىپ چىقالايتتى. ئۇ خىلۋەت بىر جاينى تېپىپ، تامدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ، مەھكىمىگە قايتىپ كېلىدۇ. ئەتىسى قىسىمنى يىغىپ سۆز قىلىپ، شەھەر دەرۋازىسىنى قوغدىغان ساقچىنى كۆپ تەرىپلەپ، مۇكاپاتلايدۇ». ياڭ فېيشيا پەننىي - مائارىپقىمۇ ئەھمىيەت بېرەتتى. كۆرە باشلانغۇچ مەكتىپىدىن باشقا، ئۇ يەنە يۇقىرىنىڭ تەستىقىنى ئېلىپ، سۈيدۈڭ، غۇلجا، قورغاس ناھىيىلىرىدىمۇ



باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرىدۇ ۋە ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىپ، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ، ياشلارنى تەربىيىلەيدۇ. يەنە، كۆرە مەكتىپىدىكى ئەلا ئوقۇغۇچىلاردىن گۇاڭ بىچېن، گۇاڭ جىڭاۋ، بەي يۇشىڭ، بەي شۇجىڭ قاتارلىقلارنى بېيجىڭغا بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىدۇ. ياڭ فېيشيا ھەرقايسى مەكتەپلەرگە پات - پات بېرىپ، ئوقۇتۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تۇراتتى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كېچىككەن ياكى دەرسكە كەلمىگەنلىكىنى بايقىۋالسىلا، ئۇلار بىلەن ئۆز ۋاقتىدىلا سۆھبەتلىشىپ، مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىش، ئەۋلادلارنى ياخشى تەربىيىلەپ، دۆلەتكە ئىختىساسلىق ئادەملەرنى يېتىشتۈرۈپ بېرىشى توغرىسىدا تەربىيە بېرەتتى. شۇڭا، ئەينى چاغدا، ئىلىدىكى مەكتەپلەردە ئوقۇپ چىققان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سۈپىتى باشقا ۋىلايەت، ناھىيىلەردىكى مەكتەپلەردە تەربىيىلەنگەن ئوقۇغۇچىلاردىن ياخشى ئىدى. ياڭ فېيشيا يەنە ئۆلچەش - لايىھىلەش مەكتىپى ئېچىپ، نۇرغۇن تېخنىك خادىملارنى تەربىيىلەپ چىققان. دىڭ باۋشەنمۇ شۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىدى (دىڭ باۋشەن كېيىن گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى ۋە تىنچلاندۇرۇش ئىشلىرى مۇدىرى بولغان). ئۇ يەنە دېھقانلارغا يېتەكچىلىك قىلىپ، ئاق ئۆستەڭ (كېيىن يۇنۇڭ ئۆستىڭى دەپ ئاتالغان) سۇ قۇرۇلۇشى قىلدۇرۇپ، ئېرىق - ئۆستەڭ يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ، سۈيدۈڭ، كۆرە قاتارلىق بىر قانچە ناھىيىدىكى دېھقانچىلىق ئېتىزلىرىنىڭ سۇغىرىش كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، دۆلەتنىڭ باج كىرىمىنى ئاشۇرىدۇ.

ئىلىنىڭ كۆمۈر بايلىقى مول بولغاچ، ياڭ فېيشيا خەلقنى كۆمۈر قېزىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. پىلچى، گەنگۇ، لەنتەيزە قاتارلىق جايلاردا ئارقا - ئارقىدىن تۈركۈملەپ

كاللەك كۆمۈر چىقىرىلىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا ئوڭايلىق يارىتىپ بېرىلدۇ. ئىلى رايونىنىڭ تۇپرىقى مۇنبەت، ھاۋا كىلىماتى ئىللىق، ئوتلاقلىرى مول بولۇپ، شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى رايونى ھېسابلىناتتى. ھەيدەكچىلىك قىلىش نەتىجىسىدە، ئىلى رايونى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئاشلىق ئامبىرى ۋە چوڭ چارۋىچىلىق مەيدانىغا ئايلاندى.

1917 - يىلدىن كېيىن، روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدا سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى تەرىپىدىن تارمار قىلىنغان بىر تۈركۈم ئاق ئورۇس باندىتلىرى ۋە سوۋېت ھۆكۈمىتىگە قارشى ئورۇسلار مىلتىق، زەمبىرەك قاتارلىق قورال - ياراقلىرى بىلەن ئىلى، چۆچەك تەرەپكە چېكىنىپ، 1921 - يىلى ئىلى، تارباغاتاي رايونلىرىمىزنىڭ چېگرىسىغا قېچىپ كېلىدۇ ۋە بۇ چېگرا رايونلىرىمىزنى ئىشغال قىلىۋالماقچى بولىدۇ. ياڭ فېيشيا بۇ ئاق ئورۇس باندىتلىرىنى بويسۇندۇرۇپ، ئانىنكوۋ (چارروسىيە پادىشاھىنىڭ كۈيئوغلى)، دۇتوف، ليولىيەنكې، خاۋيەنفېڭ قاتارلىقلارنى ئەسكەرلىرى بىلەن ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئىلى، تارباغاتاينىڭ ھەر قايسى ناھىيىلىرىدە بوزيەر ئېچىپ، تېرىقچىلىق قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ئۇلارغا تەمىنات بېرىپ تۇرىدۇ، ئۈچ يىلغىچە باج كەچۈرۈم قىلىدۇ. ئارقىدىنلا، سوۋېتتىن ئىلى، تارباغاتايغا قېچىپ كەلگەن نەچچە ئون مىڭ قازاقلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارغا ئوتلاق ۋە رايون بۆلۈپ بېرىپ، ئولتۇراقلىشىپ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. بۇ ئەھۋاللارنى تۆۋەندە ئايرىم - ئايرىم بايان قىلىپ ئۆتىمەن:



### (1) ئاق ئورۇس باندىتلىرىنى بويسۇندۇرۇش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش جەريانى

1921 - يىلى ئەتىيازدا، ئاق ئورۇس باندىتلىرىنىڭ ئوفىتسېرى ئانىنكوۋ قىزىل ئارمىيە تەرىپىدىن تارمار قىلىنغان 1260 نەپەر ئەسكەرنى، 1400 دىن ئارتۇق ياردار، كېسەل ئەسكەرنى باشلاپ، قورال - ياراق، زەمبىرەكلىرى بىلەن قورغاس چېگرىسىغا قېچىپ كېلىدۇ (تارباغاتاي دوتىيى جاڭ جىيەننىڭ دۇجۈن ياڭ زېڭشىنغا يوللىغان تېلېگراممىسىدىكى سانغا ئاساسلاندى) ۋە ئىلى، تارباغاتاي چېگرىسىدىكى جايلارنى ئىگىلەپ، قىزىل ئارمىيە تەرىپىدىن داۋاملىق تارمار قىلىنىپ قېچىپ كېلىۋاتقان ئاق ئورۇسلار ۋە قازاقلار بىلەن بىرلىشىپ، قىزىل ئارمىيە بىلەن قارشىلاشماقچى بولىدۇ. ياڭ فېيشيا بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەتلىشىشكە ئادەم ئەۋەتىپ، خەلقئارا قانۇن بويىچە ئۇلارنى قورالسىزلاندۇرغاندىن كېيىن، ئاندىن چېگرىغا كىرگۈزۈش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشقا بولىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. شۇنداقلا دۆلىتىمىزنىڭ قانۇن - پەرمانلىرىغا ئەمەل قىلىش لازىملىقىنى، ئەگەر قورال تاپشۇرماي داۋاملىق كۈچ توپلاپ، قىزىل ئارمىيە بىلەن قارشىلىشىپ بىز تەرەپكە پاراكەندىچىلىك سالسا بىزنىڭ قىزىل ئارمىيە بىلەن بىرلىشىپ ئىككى تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى چېگرىدا پۈتۈنلەي يوقىتىدىغانلىقىمىزنى ئۇقتۇرىدۇ. ئانىنكوۋ ۋەزىيەت ۋە كۈچ جەھەتتە ئوڭۇشسىز ھالەتتە قالغانلىقىنى سېزىپ، قارشىلىشىش نىيىتىدىن يانىدۇ ۋە خەلقئارا قانۇنغا

بويسۇنۇپ، قورال تاپشۇرۇپ چېگرىغا كىرىشكە ماقۇل بولىدۇ. لېكىن، ياك فېيشيانىڭ ئۆزى بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ تەلىپىگە ياك فېيشيا ماقۇل بولۇپ، بىۋاستە سۆھبەتلەشمەكچى بولىدۇ. ياكنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى، بىز ئەسكەر كۈچى، قورال - ياراق قاتارلىق جەھەتلەردە ئاق ئورۇس باندىتلىرىغا قارىغاندا كۆپ ئاجىز، كۈتۈلمىگەن بىرەر كېلىشمەسلىك بولۇپ قالمىسۇن، ئۆزىڭىز بارمىسىڭىز بولارمىكىن، دېگەن تەكلىپنى بېرىشىدۇ. ياك فېيشيا ئۇلارنىڭ تەكلىپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن قورغاس چېگرىسى ئەتراپىغا ئەسكەر ئەۋەتىپ، لەخمە كولاتقۇزۇپ، مۇداپىئەنى كۈچەيتىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن كۆچمە چارۋىچىلارنىڭ كىگىز ئۆيلىرىدىن نەچچە يۈزنى ئېپكەلدۈرۈپ، قورغاس چېگرىسىغا ۋە ئارقا سەپكە كۈنىگە ئون نەچچىدىن تىكتۈرىدۇ. كىگىز ئۆيلەرنىڭ ئىچىگە ئوت قالاتقۇزۇپ، تۈرخۇندىن ئۈزلۈكسىز ئىس چىقىرىپ تۇرىدۇ. يەنى ئۇرۇش سەنئىتىدىكى «تۈرخۇن كېمەيتىش» ئۇسۇلىغا جانلىق تەتبىقلاپ، «تۈرخۇن كۆپەيتىش» ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، قارشى تەرەپنى قايمۇقتۇرىدۇ. ئاتلىق ئەسكەرلەر بىر قانچە تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ، ئاتلارنىڭ قۇيرۇقىغا دەرەخ شېخىنى باغلاپ، چوڭ يولدا ئۇ ياندىن بۇيانغا چاپتۇرۇپ، ئاسمان پەلەك چاڭ چىقىرىدۇ. بۇ تەييارلىقلارنىڭ ھەممىسى پۈتكەندىن كېيىن، ياك فېيشيا ئانىنكوۋقا ئادەم ئەۋەتىپ، يۈز كۆرۈشۈپ كېڭىشىدىغان كۈن ۋە ۋاقىتنى ئۇقتۇرىدۇ. يۈز كۆرۈشىدىغان كۈنى، ياك فېيشيا ھەربىي فورمىسىنى كىيىپ، قۇرۇقلۇق ئارمىيە گېنېرال لېيتېنانت پاگونلىرىنى تاقاپ، بىر تەرجىمان، ئىككى كاتـ



ۋاي بىلەن بىرگە قورغاس دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئۇدۇل سوۋېت چېگرىسىغا قاراپ يول ئالىدۇ. ئانىنكوۋ ئەسكەرلىرىنى رەتكە تىزىپ قارشى ئالىدۇ. ياك فېيشيا يېتىپ كېلىشى بىلەنلا ھەربىي كانايلار چېلىنىدۇ. ياك فېيشيا ئاتتىن ئەپچىللىك بىلەن سەكرەپ چۈشۈپ، چەبدەس قەدەملەر بىلەن قارشى ئېلىش ئەترىتىنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ. ئانىنكوۋ ياك فېيشيانىڭ ناھايىتى قامەتلىك، يۈرەكلىك گېنېرال ئىكەنلىكىنى، سەل قاراشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ كېڭەشىشكە باشلايدۇ. قورالنى تاپشۇرۇپ چېگرىدىن كىرگەندىن كېيىنكى ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسىدە، خەلقئارا قانۇنغا بويسۇنۇپ، چېگرىدا قورالنى تاپشۇرۇپ، كۆرسىتىلگەن جايدا ئورۇنلىشىشقا، ھەمدە يەرلىك قانۇن، تەرتىپلەرگە بويسۇنۇشقا ماقۇل بولىدۇ. ئاخىرىدا، پەقەت مۇھاپىزەتچى ئەترىتىنىڭلا قورال - ياراق، ئوق - دورىلىرىنى ساقلاپ قېلىشنى سورىغاندا، ياك فېيشيا بۇ ئىش توغرىسىدا دۇجۇندىن يولىيورۇق ئېلىپ ئاندىن جاۋاب بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ياك فېيشيا مەھكىمىگە قايتىپ كېلىپ ئەھۋالنى تېلېگرامما ئارقىلىق ياڭ زېڭشىنغا دوكلات قىلىپ ئۇنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالىدۇ. بۇ جەرياندا ئانىنكوۋ بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى دۇربۇندا كۆزىتىپ تۇرىدۇ. كىگىز ئۆيلەرنىڭ داۋاملىق كۆپىيىۋاتقانلىقى ھەمدە تۈرخۇنلاردىن ئۈزلۈكسىز ئىس چىقىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى، چوڭ يولدا ئاسمان پەلەك چاڭ - توزان ئۆرلەپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بۇلار توختىماي ئەسكەر يۆتكەپ مۇداپىئەنى كۈچەيتىۋېتىپتۇ دەپ ھۆكۈم قىلىپ، باشقىچە خىيالدا بولۇشقا پېتىنالماي، قورال - ياراقلىرىـ

نى تاپشۇرۇپ، مۇھاپىزەتچى ئەترىتىنىڭلا قورال - ياراقنى ئېلىپ قالىدۇ. ئۇلار ئىلىغا كىرگەندىن كېيىن، ئىلىنىڭ ھەرقايسى ناھىيىلىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ياڭ فېيشيا ئۇنىڭ ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرىنىڭ بوز يەر ئېچىپ، تېرىقچىلىق قىلىشىغا يەر بۆلۈپ بېرىدۇ، ئۈچ يىلغىچە باج كەچۈرۈم قىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. تۇرمۇش تەمىناتى بېرىدۇ، ئۇلار دەرەخ كېسىپ ئۆي جاي سېلىپ خاتىرجەم دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلايدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي، ياڭ زېڭشىن تېلېگراممىسا ئارقىلىق ئانىنكوۋنى مۇھاپىزەتچى ئەترىتىنى باشلاپ ئۈرۈمچى تەرەپكە كەلسۇن دەپ خەۋەر ئەۋەتىدۇ. ئانىنكوۋ دەرھال مۇھاپىزەتچى ئەترىتىدىكى 650 ئادىمىنى باشلاپ گۇچۇڭغا قاراپ يولغا چىقىدۇ. بۇ چاغدا ياڭ زېڭشىن، لۈيجاڭ جياڭ سۇڭلىن، تۇەنجاڭ دۇ فارۇك، سەنمۇجاڭ ئې يىڭ قاتارلىقلارنى ئەسكەر باشلاپ گۇچۇڭغا بېرىپ مۇداپىئەلىنىشكە بۇيرۇيدۇ. ئانىنكوۋ گۇچۇڭغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ياڭ زېڭشىن، شىنجاڭدىكى ئىشلارنى بېجىرىش ئۈچۈن ئالاھىدە ئەۋەتىلگەن دىپلوماتچى جاڭ شاۋبۇنى گۇچۇڭغا ئانىنكوۋ بىلەن ئالاقىلىشىشقا ئەۋەتىدۇ. جاڭ شاۋبۇ گۇچۇڭغا بېرىپ، ئانىنكوۋ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭدىن ئىلىدا يېنىدا قالدۇرۇشقا رۇخسەت قىلىنغان 50 دانە تېز ئاتار مىلتىق، 2300 پاي ئوق، بىر پىلىموت، 50 پاي پىلىموت ئوقى، يەتتە دانە قىلىچ، 13 تاپانچا، 56 پاي تاپانچا ئوقى، 53 دانە ياغاچ ساپلىق پىلىموت، ئىككى دانە ياغاچ ساپلىق پىلىموت، بىر دانە تۆمۈر قاپلىق ياغاچ توپنى ئۆتكۈزۈۋالىدۇ. ئاندىن، ئانىنكوۋنى لۈي شىتا-



بىغا قاماپ، كېيىن يەنە ئۈرۈمچى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە ئېلىپ كېلىپ نەزەربەنتكە ئالىدۇ. ئارقىدىنلا يەنە ئىچكىرىگە يالاپ ئەۋەتىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلىرىنى بولسا گۇچۇڭ، مورى ناھىيىلىرىگە ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

چۆچەك چېگرىسىدىن كىرگەن 11 مىڭدىن ئارتۇق ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرىنى ۋە 6 - 7 مىڭ مۇساپىرنى چېگرىدىن يىراقراق بولغان نەنسەن تاغ رايونىغا ۋە باشقا ناھىيىلەرگە ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ئۇلار يېقىن ئەتراپتىن دەرەخ كېسىپ ئۆي - جاي سېلىپ، بوز يەر ئېچىپ، چارۋىچىلىق قىلىپ، خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. ئۈچ يىلغىچە باج كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. ئۇلار كېيىنچە جۇڭگو تەۋەلىكىگە ئۆتۈپ، ئۆزلەشتۈرۈلگەن مىللەت دەپ ئاتالدى.

**(2) جۇڭگو چېگرىسىغا كىرگەن قازاقلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش**

روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئەينى چاغدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىدىن تەشۋىشلەنگەن بىر قىسىم قازاقلار ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، ئىلى، تارباغاتاي چېگرىسى ئەتراپىغا قېچىپ كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ سانى 100 نەچچە مىڭغا يېتەتتى. ئۇلار چېگرىدا مال بېقىش جەريانىدا، يەرلىكلەر بىلەن ئوتلاق تالىشىپ، جېدەل - ماجىرا، بۇلاڭچىلىق ۋەقەلىرىنى ئۈزلۈكسىز تۇغدۇرۇپ تۇرىدۇ. ياڭ فېيشيا ئۇلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش چارىسىنى تۈزۈپ چىقىپ، ياڭ زېڭشىننىڭ تەستىقىنى ئالغاندىن كېيىن، ئىلى، تارباغاتاينىڭ ھەرقايسى ناھىيىلىرىدىكى ئەسلى ئولتۇرۇشلۇق قازاق چارۋىچىلارنى ئۈرۈمچى ئەتراپىدىكى سانجى، قۇتۇبى، ماناس، گۇ-

چۇڭ، مورى دەرياسى ئەتراپىغا كۆچۈرۈپ، ئۇلارغا شۇ ناھىيىلەردىن يازلىق ئوتلاق ۋە قىشلاقلارنى بۆلۈپ بەردى. سوۋېتتىن قېچىپ كىرگەن 100 نەچچە مىڭ قازاق خەلقىنى بولسا، ئىلى، تارباغاتايدىكى ھەرقايسى ناھىيىلەرنىڭ تاغ رايونلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، يازلىق، قىشلىق ئوتلاقلارنى بۆلۈپ بەردى ۋە ئوتلاق ماجراسى ۋە بۇلاڭچىلىق ۋەقەلىرى يۈز بېرىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ خالىغان جايدا چارۋا بېقىشىنى چەكلەيدۇ.

## (3) ليۇلىيەنكې قىسمىنىڭ توپىلىڭىنى باستۇرۇش ۋە باندىتلارنى تازىلاش

1921 - يىلى ياز پەسلىدە، ليۇلىيەنكې 500 نەچچە نەپەر جۇڭگولۇق مۇھاجىردىن تەركىب تاپقان بىر باتاليون ئەسكەرنى باشلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن بورتالاغا قېچىپ كېلىدۇ. ئۇلار بىزگە بويسۇنغاندىن كېيىن، روتا كوماندىرى خۇۋ باۋشەن، ليۇ بىچىڭ، خۇۋ چېڭۋاڭلار بىر قىسىم ئەسكەرلىرىنى باشلاپ توپىلاڭ كۆتۈرىدۇ. ئۇلار جايلاردا بۇلاڭچىلىق قىلىپ، خەلقنى پاراكەندىچىلىككە سالىدۇ. ياڭ فېيشيا دەرھال قىسىم باشلاپ بۆرتالاغا كېلىپ، ليۇ لىيەنكې بىلەن سۆزلىشىپ، خۇۋ باۋشەن قاتارلىق لىيەنجاڭلارنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، ئەسكەرلىرىنى بويسۇندۇرۇپ، توپىلاڭنى تىنجىتىدۇ ۋە ليۇلىيەنكېنى ئاتلىق پولكىنىڭ كوماندىرلىقىغا، مۇئاۋىن باتاليون كوماندىرى خاۋ يەنفېڭنى چېگرىنى قوغداش مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا ئۆستۈرىدۇ. ئەسكەرلىرىنى بولسا، ئايرىم - ئايرىم ھالدا بورتالا ۋە جىڭ ئەتراپلىرىدا تۇرغۇزۇپ ئىشلىتىدۇ ۋە ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ليۇلىيەنكې (ئىيۇشى چېگرىنى قوغداش بېگى بولغان



مەزگىلدە، ياڭ زېڭشىن ئىيۇشىغا مەخپىي بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئادەم ئەۋەتكۈزۈپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ) نىڭ باتۇرلۇقىدىن پايدىلىنىپ، باندىتلارنى تازىلايدۇ. ئەينى چاغدا، ئىلى كەڭسايدىن جىڭنىڭ ئۈتەي، سەنتەي، لۇەنشەنزى دېگەن جايلىرىغا بارىدىغان يوللارنىڭ تولىسى جىڭنىڭ چېگرا يوللىرى بولغاچقا (ئۇ چاغدا تاشيول تېخى ياسالمىغان)، باندىتلار دائىم شۇ جايلاردا يوشۇرۇن ھەرىكەت قىلىپ، سودىگەرلەرنىڭ مال - مۈلۈك، ئات - ئۇلاغلىرىنى بۇلاپ، بەزىدە يولۇچىلارنى ئۆلتۈرۈپ، يارىلاندۇرۇپ، ئەنسىزچىلىك تۇغدۇرۇپ تۇراتتى. ياڭ فېيشيا بۇ جايلارنىڭ ۋەزىيىتىنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن، بۇ باندىتلارنى تازىلاش قارارىغا كېلىدۇ. لېكىن، بۇ باندىتلار گاھ پەيدا بولۇپ، گاھ غايىب بولۇپ، مۇقىم بىر جايدا تۇرمىغاچقا، ئۇلارنى تازىلاش ئىشى ناھايىتى تەس بولىدۇ. ئالاھىدە ئەسكەر تەشكىللەپ ئەۋەتىش بىھۇدە ئاۋارىچىلىق بولاتتى. شۇڭا ياڭ فېيشا ليۇ لىيەنكېنى مەھكىمىگە مەخپىي چاقىرتىپ، باندىتلارنى يوقىتىش بۇيرۇقىنى چۈشۈرىدۇ. ليۇ لىيەنكې ياڭ فېيشيا تۈزگەن پىلان بويىچە، مەخپىي ھالدا مەرگەن، باتۇر ئەسكەرلەردىن ئون نەچچەيلەننى تاللاپ، ئۇلارنى سودىگەر ۋە ھارۋىكەش قىياپىتىدە يولغا سالىدۇ. تۆت ئات ھارۋىسىنىڭ ھەر بىرىدە بىردىن پىلىموت، ئىككىدىن مىلتىق ۋە يېتەرلىك ئوق بار بولۇپ ھارۋىغا ياغاچ ساندۇقلار قويۇلىدۇ. ھەر بىر ھارۋىغا تۆتتىن ئادەم ئولتۇرۇپ، پىلىموت، مىلتىقلارنى بەتلەپ، كەڭسايدىن جىڭ تەرەپكە يول ئالىدۇ. ئۇلار مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن باندىتلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، باندىتلار بۇلىغىلى كەلگەندە يوقاتماق-

چى بولىدۇ. ھارۋىلار كەڭسايدىن ئۆتۈپ، لۇەنشەنزىگە كەلگەندە، تۇساتتىنلا يىگىرمىدەك قوراللىق باندىت ئات چاپتۇرۇپ چىقىپ، ئات ۋە مال - مۈلۈكلەرنى بۇلىماق بولۇپ ھارۋىلارنى قورشاپ كېلىدۇ. ھارۋىلاردا يوشۇرۇنۇپ ياتقان ئەسكەرلەر پىلىموت، مىلتىقلاردىن بىراقلا ئوق ياغدۇرۇپ، باندىتلارنى بىرنى قويماي ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، باندىتلار ئىز-دېرەكسىز يوقىلىپ، قاتناش راۋانلىشىپ، سودىگەر ۋە يولۇچىلار خاتىرجەم بولۇشىدۇ.

(4) تەركىي دۇنيا بولۇپ، تويىنلىق قىلىش

ياڭ زېڭشىن ئەدىمەتچىلىكتە ناھايىتى ساختا، تىلى ھەسەل، دىلى زەھەر، قارا نىيەت، مۇتەئەسسىپ، ھەممە ئىشنى ئۆز ئالدىغا تارتىۋېلىپ ئۆز مەيلىچە ئىش كۆرىدىغان، خەلقنى نادانلىقتا تۇتۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزىدىغان، ئىنقىلابىي پارتىيىلىكلەر بىلەن كۆرۈنۈشتە ئېپ ئۆتكەندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار بىلەن زادىلا چىقىشالمايدىغان بىر ئادەم ئىدى. ئۇ، شۇ چاغدىكى ۋەزىيەتكە ماسلىشىش ئۈچۈنلا، ياڭ فېيشيانى ئىلىنىڭ چېگرىنى قوغداش بېگىلىكىگە، ئۇنىڭ يۈننەنلىك يۇرتداشلىرى نيۇشى، لى يىن، شادىڭ قاتارلىق يېڭى ئېقىمدىكى ئىنقىلابچىلارنى مۇناسىپ مەنسەپلەرگە قويغانىدى. 1915 - يىلىغا كەلگەندە، بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ زۇڭتۇڭى يۈەن شىكەي جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىگە قارشى تۇرۇپ، پادىشاھلىق تۈزۈمنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. دۆلەت نامىنى «خۇڭشيەن»گە ئۆزگەرتىدۇ. ياڭ زېڭشىن شىنجاڭدىكى ئارمىيە، ھۆكۈمەت ۋە سودا ساھەسىدىكى زاتلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، يۈەن شىكەيگە تېلېگرامما يوللاپ پادىشاھلىق تۈزۈمنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. شىنجاڭدىكى



يېڭى ئېقىمدىكى زاتلار ياڭ زېڭشىننىڭ بۇ تەدبىرىگە قاتتىق نارازى بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ياڭ زېڭشىننىڭ مۇھاپىزەتچى ئەترىتىنىڭ باتالىيون كوماندىرى شادىڭ، لى يىنلار ئۆزئارا مۇناسىۋەت باغلاپ، ياڭ زېڭشىننى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭى ئېقىمدىكى زاتلارنى ئولتۇرغۇزماقچى بولىدۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ يۈننەنلىك يۇرتدىشى جاڭ چىڭلىيەن ياڭ زېڭشىنغا بۇ مەخپىيەتلىكنى مەلۇم قىلىپ قويىدۇ. ياڭ بىلمەسكە سېلىپ يۈرۈپ 1916 - يىلى يۈەنشياۋ بايرىمىدا، دۇدۇ مەھكىمىسىنىڭ جەنۇبىي بىناسىغا نازىرلارنى، باشقارما باشلىقلىرىنى، لۈيجاڭ، تۈەنجاڭلارنى چاقىرىپ زىياپەت بېرىدۇ. بۇلارنىڭ ئارىسىدا شادىڭ، لى يىنمۇ بار ئىدى. زىياپەت جەريانىدا، ياڭ زېڭشىن بىر بانا تېپىپ سىرتقا چىقىپ كېتىپ، قىلىچ ئاسقان ئىككى خۇيزۇ ئەسكەرنى باشلاپ كىرىدۇ. ئۇلار زىياپەت ئۈستىلى ئالدىدىلا شادىڭ، لى يىن ئىككىسىنى چېپىپ ئۆلتۈرۈپ بېشىنى كېسىۋالىدۇ. زىياپەتتىكىلەر قاتتىق چۆچۈپ، ساراسىمىگە چۈشىدۇ. ياڭ زېڭشىن: «شادىڭ، لى يىنلار ئادەم تەشكىللەپ، مېنى ئۆلتۈرۈپ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش نىيىتىدە بولدى، شۇڭا، ئۇلارغا ئۆلۈم جازاسى بەردۇق، بۇ ئىش ھەرقايسىڭلارغا مۇناسىۋەتسىز ...» دەپ جاكالايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ياڭ زېڭشىن يۈننەنلىكلەرنىڭ شىنجاڭغا كېلىشىنى توسايدۇ. شىنجاڭدىكى يۈننەنلىكلەرگىمۇ ئىشەنمەيدىغان، ئۇلارنى مۇھىم ئورۇنلارغا قويمايدىغان بولىدۇ. ئارقىدىنلا تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يەن مىڭكۈي ۋە ساقچى نازارىتىنىڭ نازىرى جاڭ مىڭيۈەننى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلايدۇ. ئىلى چېگرىسىنى قوغداش بېگى ياڭ فېيشيادىنمۇ گۇمانلىنىشقا

باشلايدۇ. ياڭ فېيشيامۇ ياڭ زېڭشىننىڭ ئۆزىدىن گۇمانلىنىۋاتـ
قانلىقىنى سېزىپ ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىپ، ئىچكىرىگە
قايتىپ كېتىش توغرىسىدا كۆپ قېتىم ئىلتىماس سۇنىدۇ،
لېكىن، تەستىقلانمايدۇ. ئاخىرى بولماي، 1922 ـ يىلىغا
كەلگەندە، ياڭ فېيشيا ئۆلكە مەركىزىگە كېلىپ، ياڭ زېڭشىن
بىلەن بىۋاستە كۆرۈشۈپ، ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىشتە
چىڭ تۇرىدۇ. ياڭ زېڭشىن ئۇنىڭ ئىستىپا بېرىشىگە قوشۇلـ
سىمۇ، ئىچكىرىگە قايتىپ كېتىشىگە رۇخسەت قىلمايدۇ. ياڭ
فېيشيانىڭ ۋەزىپىسىنى ئۇنىڭ سەنەۋجاڭى نيۇشى ئۈستىگە
ئالىدۇ. ئىلىدىكى ۋەزىپىسىدىن بىكار بولغاندىن كېيىن،
ياڭ فېيشا ئۈرۈمچىگە يولغا چىقىدۇ. شىخوغا كەلگەندە،
ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ باتالىيون كوماندىرى جاۋگەنچېڭنىڭ
ياڭ زېڭشىننىڭ بۇيرۇقى بىلەن، ئاتلىق ئەترەتنى باشلاپ،
بۇياققا ئۆزىنى كۈتۈۋېلىشقا كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، بۇـ
نىڭدا باشقا بىر غەرەز بولۇپ قالمىسۇن، دەپ ئەنسىرەپ،
گەرىم قىلىپ ئۈرۈمچىگە يوشۇرۇن كېلىۋالىدۇ. جاۋ يىڭجاڭ
بولسا، سۈيدۈڭ بىلەن قۇتۇپى يولىدا ياڭ فېيشيانىڭ ئائىـ
لىسىنى كۈتۈۋالىدۇ. ياڭ فېيشيا ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەنـ
دىن كېيىن، ياڭ زېڭشىن ئۇنىڭغا ئالىي مەسلىھەتچى نامىنى
بېرىپ، ئۆيدە بىكار قويىدۇ. ھەر ئايلىق مائاشىنى ئۆيىگە
ئەۋەتىپ بېرىپ تۇرىدۇ (بۇ مائاش 1934 ـ يىلى شىڭ
شىسەي تەختكە چىققاندىن كېيىن توختىتىۋېتىلىدۇ) ۋە سۆزـ
ھەرىكىتىگە پايلاقچىلىق قىلىشقا مەخپىي ئادەم قويىدۇ.
ئەينى چاغدا، ياڭ فېيشيانى دائىم نازارەت قىلىپ تۇرـ
دىغان ئىشپيون جوۋجىنۋو (ياڭ زېڭشىن بىلەن جىن شۇـ
رېننىڭ ئىشپيونى، بۇرۇن ناھىيە ھاكىمى بولغان) بىلەن



داشىزىدىكى سودىگەر ياۋتوڭشەن (تيەنجىنلىك، ياڭ زېڭشىن
بىلەن جىن شۇرېننىڭ ئىشپيونى. ياڭ زېڭشىنغا مەلۇمات
يەتكۈزۈپ تۇرغاچ، «تېلېگرامچى» دېگەن لەقەم بېرىلگەن)
ئىدى. ئۇندىن باشقا ياڭ فېيشيانىڭ قوروسىنىڭ ئىككى
يېقىدىمۇ دائىم پايلاقچىلار پەيدا بولۇپ تۇرىدىغان بولۇپ
قالىدۇ. ياڭ فېيشيا ئۆزىنىڭ يامان ھالغا چۈشۈپ قالغانـ
لىقىنى ھېس قىلىپ، ئائىلىسى بىلەن يۇرتىغا كېتىشنى
كۆپ قېتىم تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ياڭ زېڭشىن رۇخسەت
بەرمەيدۇ. ئاخىرى تۇنجى ئوغلى فېڭتۇنىڭ بېيجىڭدا ئوقۇـ
ۋاتقانلىقىنى باھانە قىلىپ، ئائىلىسى بىلەن بېيجىڭغا
قايتىپ كېتىشنى تەلەپ قىلىپمۇ رۇخسەت ئالالمايدۇ. بۇ
ئەھۋالدا ياڭ فېيشيا ئۆزىنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يېتىشىدىن
ئەنسىرەپ، ساقىلىنى قويۇۋېتىپ، داۋ مۇخلىسلىرىنىڭ كىيىمـ
نى كىيىپ، بوغدا تېغىغا چىقىپ، تويىسىن بولىمەن دەپ،
ئۆزىنىڭ سىياسىي جەھەتتە ھېچقانداق غەرىزى يوقلۇقىنى
بىلدۈرىدۇ. بوغدا تېغىدا تۇرغان ۋاقتىدا، ياڭ فېيشيا مۇـ
تيەنشى تېشىنىڭ تۆۋەنىدىكى گودى ئازگىلىغا دوڭيۈ
ئىبادەتخانىسى ۋە بىر قانچە ئېغىز يان ئۆي سالدۇرىدۇ.
بۇ جاينىڭ تۆۋەنىدىكى بۇلاق يېنىغا كەپە ئىبادەتخانىدىن
بىرقانچىنى ۋە بىر رەمباللىق شىپاڭى سالدۇرۇپ، «تەيشۇ
ئىبادەتخانىسى»، «تەيشۇ شىپاڭى» دەپ نام قويىدۇ. بۇ
يەردە ياڭ فېيشيا پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن لاۋزى، جۇاڭزى
پەلسەپىسى (ئەخلاق نومى، خۇاڭتىڭ نومى، يىڭخۇ نومى،
نەنخۇا نومى) نى ئۆگىنىدۇ. كۈتۈنۈش چىڭگۇڭىنى، چامباشـ
چىلىق گۇمپىسىنى مەشق قىلىدۇ. 1925 ـ، 1926 ـ يىللىرى
ئۈرۈمچىدىكى ھەر قايسى نازارەت، باشقارما باشلىقلىرى

غەربىي باغچا (ھازىرقى خەلق باغچىسى — ت)غا ياڭ
زىڭشىن ئىبادەتخانىسى سېلىش ئۈچۈن خەلقنى پۇل
ئىئانە قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىدۇ. بۇ ئىبادەتخانىنى سېلىش
ئىشىغا مەسئۇل بولۇشقا ياڭ فېيشيانى كۆرسىتىدۇ. ياڭ فېي-
شيا بۇ ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىپ، بېيجىڭ، تيەنجىندىن
بىرقانچە ئالىي دەرىجىلىك ياغاچچى ئۇستىلارنى تەكلىپ
قىلىپ كەلتۈرۈپ، ئۇلارغا بېيجىڭ تەيخېدىيەن سارىيىنىڭ
نۇسخىسىدا ياڭ زىڭشىن ئىبادەتخانىسى (ھازىرقى خەلق
باغچىسىدىكى چاۋياڭگې)، خوچى شىپاڭى (ھازىرقى ئۈزۈن
شىپاڭ)، شۇچى شىپاڭى، رەمباللىق شىپاڭى، شۇيىشى شى-
پاڭى (كۆلنىڭ جەنۇبىدا ئىدى، كېيىن چۈۋۈۋېتىلگەن) نى
ياسىتىدۇ. جيەنخۇ كۆلى (ئەينەك كۆل) ۋە كۆل ئۈستى
شىپاڭىنى يۆۋېيساۋ تاڭ راۋىقىنى رېمونت قىلدۇرىدۇ. داڭ-
لىق خەتتات جاڭ جىڭجوۋ ئەپەندىنى تەكلىپ قىلىپ، تاخ-
تىغا «جيەنخۇ»، «يۆۋېيساۋ تاڭ» دەپ يازدۇرىدۇ ۋە دۈي-
لىيەن يازدۇرىدۇ. مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى شۈيىشەن،
تەمىرات نازارىتىنىڭ نازىرى يەن يۈشەنلەر «كۆل شولىسى
جىلۋە قىلار كېچىلىرى سۇ يۈزىدە، كىشىلەر شاد مۇڭدىشار
كۆل ئارا راۋاقلاردا» دېگەنگە ئوخشاش نەزمىلەرنى بېغىش-
لايدۇ. لى رۇڭ (ئۈرۈمچىنىڭ دوتىيى، كېيىن ئۆلكە رەئىسى
بولغان، بارىكۆللۈك) «تەڭ خۇش باغچىسى» دەپ بېغىشلىما
يېزىپ بېرىدۇ. باغچا كېڭەيتىلىدۇ. ھەر مىللەت ئاممىسى
يەنە مىستىن ياڭ زىڭشىننىڭ ئۆرە تۇرغان ھەيكىلىنى قۇ-
يۇپ، راۋاق ئالدىدىكى سۇپىغا تىكلەيدۇ. (بۇ مىس ھەيكەل
شىڭ شىسەي ۋاقتىدا بۇزۇۋېتىلدى).

ياڭ فېيشيا ئۈسمۈر چېغىدا، ئاتىسىدىن جۇڭيىچە



داۋالاش تېخنىكىسىنى ۋە ئاتا - بوۋىسىدىن قالغان مەخپىي
رېتسېپنى ئۆگىنىۋالغانىدى. مەسىلەن، «ئىسپار - مەرۋايىت
ئۈۋۈندىسى» بىلەن بوغما كېسەل، پىچاق يارىسى قاتارلىق
كېسەللەرنى داۋالايتتى؛ «تەيخې مەلھىمى» بىلەن مەخسۇس
نەم، سوغۇقتىن بولىدىغان پۇت - قول، بەل ئاغرىقلىرىنى
داۋالايتتى؛ مەخسۇس تۆۋەندىكى لىمفا ۋە تولغاق كېسەللى-
رىنى داۋالايدىغان كومۇلاچ ۋە ئۈۋۈندا دورىلارنىمۇ ياسايت-
تى. ئادەتتىكى چاغلاردا، ياڭ فېيشيانىڭ ئۆيىگە دورىغا
كېلىدىغان پۇقرالارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. ئۇ دورىلارنى
پۇقرالارغا ھەقسىز بېرەتتى. ياڭ فېيشيا داۋالاش تېخنىكى-
سىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن، ئەينى چاغدىكى
ئۈرۈمچىدىكى داڭلىق دوختۇر ۋە خەتتات جاڭ جىڭجوۋ ئەپەن-
دىدىن دوختۇرلۇقنى داۋاملىق قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەنىدى
(جاڭ جىڭجوۋ، يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ تېڭچۇڭ ناھىيىسىدىن،
چىڭ خاندانلىقى دەۋرىدىكى ئىلغار زات، يېڭىلىققا كۆچۈش
تەرەپدارى تەن سىتۇڭ بىلەن ئالاقىسى بولغاچقا، شىنجاڭغا
سۈرگۈن قىلىنغان، سارسۈمبە ناھىيىسىگە ھاكىم بولغان).

ياڭ فېيشيا يەنە تۇغقانلىرى ئۆلۈپ كېتىپ، گۇەنسەي
ئېلىشقا قۇدرىتى يەتمىگەن كەمبەغەللەرگە خەير - ئېھسان
قىلىش ئۈچۈن، ياغاچچىلىق دۇكىنىغا نەچچە ئون دانە
گۇەنسەي ياساتقۇزۇپ، چېڭخۇاڭمياۋ بۇتخانىسىنىڭ چاڭ-
چىلە بىناسى ئاستىغا ئەكەلدۈرۈپ قوياتتى. تىككۈچىلىك
دۇكىنىدا ئون نەچچە قۇر يېنىك، پاختىلىق كىيىم تىكتۈرۈپ،
ئۇنىمۇ چېڭخۇاڭمياۋ بۇتخانىسىدىكى داۋجياۋ مۇخلىسى بار
جايغا قويۇپ، يەككە - يىگانە كەمبەغەللەرگە ۋە دىۋانىلەرگە
خەيرى - ئېھسان قىلاتتى، گۇەنسەي ۋە كىيىم ئالماقچى

بولغانلار ئاۋۋال ياڭ فېيشىيانىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئەھۋالنى ئېيتقاندىن كېيىن، ياڭ فېيشىيا خەت قىلىپ بەرسە، بۇتخانىغا بېرىپ رىياسەتچىلەردىن ئېلىۋالاتتى. ياڭ فېيشىيا يەنە، سودىگەرچىلىك قىلماقچى بولغان، لېكىن دەسمايىسى يوق كىشىلەرگە ئۆسۈمسىز پۇل قەرز بېرىپ تۇرۇپ، سودىگەرلىك قىلىپ تۇرمۇشىنى قامدىشىغا ياردەم قىلاتتى. ياڭ فېيشىيا دائىم دېگۈدەك جەنۇبىي چوڭ كوچىدىكى دېجۇتاڭ دورىخانىسىنىڭ ئاشپىزى ماشىبىن (خېبېي ئۆلكىسىنىڭ نەنپى ناھىيىسىدىن، شاۋلىن ئىبادەتخانىسىدا چامباشچىلىق ئۆگەنگەن، گۇمپىسى مۇكەممەل) ئۇستامنى يوقلاپ تۇراتتى، ئۇنىڭ بىلەن دا ئىمپېرىم كېچىگىچە مۇڭدىشىپ ئاندىن ئۆيىگە قايتاتتى.

**5. لى رۇڭنىڭ ياڭ فېيشىيانى شىنجاڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا ئىككى قېتىم كۆرسىتىشى**

1928 ـ يىلى، ياڭ زېڭشىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ھۆكۈمەتنى باشقۇرىدىغان ئادەم يوق بولۇپ قالدى. لى رۇڭ قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىشتىن ئەنسىرەيتتى. ئۇ چاغدا، شىنجاڭدا يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە، ھەم ئەلەم، ھەم قەلەمگە ماھىر پەقەت ياڭ فېيشىيالا بار ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇ ياڭ فېيشىيانى ئېلىپ خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى جىن شۇرېننىڭ قېشىغا ياڭنى تەختتە ئولتۇرغۇزۇش توغرىسىدا مەسلىھەتلەشمەكچى بولىدۇ. (خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ ئىشخانىسى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى قورۇدا ئىدى). جىن شۇرېن بۇ ئىشتىن ئالدىن خەۋەر تاپقاچقا، دەرۋازىنى مەھكەم تاقاپ، ھەرقانداق ئادەمنىڭ كىرىشىنى مەنئى قىلىدۇ ۋە قاتتىق مۇدا-



پىنە كۆرىدۇ. بۇ ئەھۋالدا لى رۇڭ بىلەن ياڭ فېيشىيا ئىلاجىسىز قايتىپ كېتىدۇ. ياڭ فېيشىيا يېنىپ كېلىشىگىلا، ياۋتۇڭشەن (لەقىمى «تېلېگرامچى») ياڭ فېيشىيانىڭ ئۆيىگە كېلىپ، فەن ياۋنەننىڭ سالاھىيەت كارتوچكىسىنى كۆرسىتىپ، ياڭ فېيشىيانى ۋالىي مەھكىمىسىگە بېرىپ خىزمەت توغرىلىق كېڭىشىشكە تەكلىپ قىلىدۇ. ياڭ فېيشىيا بېرىشنى رەت قىلىدۇ. ئەتىسى، جىن شۇرېن ھەر قايسى نازىرلارنى، دوتەيلەرنى، دىۋىزىيە، پولك كوماندىرلىرىنى ۋالىي مەھكىمىگە يىغىپ چاقىرىپ، ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىنكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا كېڭىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا، يىغىندىن بۇرۇن، جىن شۇرېن جاڭ پېيۋەن (ھەربىي ئىشلار نازارىتىنىڭ بۆلۈم باشلىقى، گەنسۇلۇق، روتا كوماندىرى بولغان، كېيىن ئىلى بوز يەر ئېچىش بېگى بولغان) قاتارلىقلار بىلەن مەخپىي مەسلىھەتلىشىپ، ياڭ زېڭشىننىڭ ئورنىغا جىن شۇرېنى ئولتۇرغۇزۇش توغرىسىدا ئۆزئارا كېلىشىۋالغانىكەن. شۇڭا، يىغىن جەريانىدا، لى رۇڭ: «تۇنۇگۈنكى ۋەقە ناھايىتى تۇيۇقسىز يۈز بەردى، بەختكە يارىشا، جىن تىڭجاڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ، توپىلاڭنى تىنجىتتى، بۇ تۆھپە ھەقىقەتەنمۇ ئۇلۇغ. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئەلۋەتتە جىن تىڭجاڭنىڭ ئۆتۈشىنى قوللاپ قۇۋۋەتلەيمىز. ئەمدى ھەربىي ئىشلارغا كەلسەك، ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك مەسلىھەتچىسى ياڭ فېيشىيا قەلەمدىمۇ، ئەلەمدىمۇ پىشىپ يېتىشكەن، پاراسەتلىك، باتۇر ئادەم، ئەگەر، شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى شۇ كىشىگە تۇتقۇزساق، بۇ جەھەتتە چوقۇم خىزمەت كۆرسىتەلەيدۇ ...» دېگەن تەكلىپنى بەرگەن بولسىمۇ، ھاكىملىق ۋە-

زىپىسىدىن بوشانغان تاك ياۋگۋاك، باتاليون كوماندىرى ۋاك داچيلك، ھەربىي ئىشلار نازارىتىنىڭ بۆلۈم باشلىقى جاك پېيىۋەن قاتارلىقلارنىڭ زەددىيىسىگە ئۇچرايدۇ. ئۇلار: «تۇنۇگۈن فەن ياۋنەن ياك زىڭشىننى ئۆلتۈرۈپ، ئۈچ زالنى ئىگىلىۋالدى، مۇشۇنداق ئىنتايىن خەۋپلىق پەيتتە، جىن تىڭجاك ئوتتۇرىغا چىقىپ قوماندانلىق قىلىپ فەن ياۋنەن ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرىنى قولغا ئېلىپ ۋە ئېتىپ تاشلاپ، توپىلاڭنى باستۇرۇپ، تۆھپە ياراتتى ھەمدە ئۆلكە رەئىسىنىڭ ۋە دۇبەننىڭ مۆھۈرىنى قولغا ئېلىپ بولدى. ھەربىي ئىشلارغا مەسئۇل بولۇشقا ئەمدى باشقا ئادەمنى سايلاپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز. جىن تىڭجاك شىنجاك ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى ۋە چېگرا مۇداپىئە دۇبەنلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك مەسئۇل بولسا بولىدۇ...» دېيىشىدۇ. شۇ چاغدا، ھەربىي ھوقۇقنى تۇتۇپ تۇرغان لۈيجاك، تۈەنجاكلارنىڭ كۆپىنچىسى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ خېجوۋ دېگەن يېرىدىن چىققانلار بولغاچقا، جىن شۇرېننى ئەلۋەتتە تېخىمۇ ھىمايە قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن، يىغىنغا قاتناشقان باشقا كىشىلەرمۇ جاك، تاك، ۋاكلارنىڭ پىكىرىگە قوشۇلدى. جىن شۇرېن شىنجاك ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى، چېگرا مۇداپىئە دۇبەنلىك تەختىگە ئەنە شۇنداق ئوڭايلا چىقىۋالدى. يىغىندىن كېيىن، جاك پېيىۋەن جىن شۇرېنغا: «لى رۇك ياك فېيشيانى كۆرسەتتى، ئاڭلىشىچە، ياك فېيشيامۇ ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئوخشايدۇ» دەيدۇ. جىن شۇرېن جاۋاب بېرىپ: «تەيشۇنىڭ مەنسەپكە ئولتۇرغۇسى بولسا، بالدۇراق ھەرىكەت قىلىشى كېرەك ئىدى، ئۇنىڭ بىلەن كارىمىز بولمىسۇن» دەيدۇ. يەنە جاك پېيىۋەن-



گە سىرتتىكى ئىشلارغا دىققەت قىلىشنى تاپىلايدۇ.

ياك فېيشيا ھۆكۈمەت باشلىقلىقىغا سايلانغاندىن كېيىن، يەنىلا داۋجياۋدىن تەلىم ئېلىپ، خەير - ئېھسان قىلىپ، بۇرۇنقى ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇپ يۈرىدۇ ۋە جىن شۇرېندا گۇمان پەيدا قىلىپ قويۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن دائىم بوغدا تېغىدا تۇرىدۇ. 1933 - يىلى 12 - ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشىدە، جىن شۇرېننىڭ چېرىك ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلىدۇ. ۋاقىتلىق جىددىي يىغىندا، لى رۇك يەنە ياك فېيشيانىڭ شىنجاكنىڭ ھۆكۈمەت ئىشىغا رىياسەتچىلىك قىلىشى توغرىسىدا تەكلىپ بېرىدۇ. يىغىنغا قاتناشقانلار ياك فېيشيا ھازىر ئۆيدە بىكار، تويىنلىق قىلىۋاتىدۇ، ھەم ئۆزىنىڭمۇ ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئىشتىراك قىلغۇسى يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەربىيدىمۇ ئەمەلىي كۈچى يوق، دېگەنلەرنى باھانە قىلىپ، يەنە ماقۇللىمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەمەلىي كۈچكە ئىگە، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق شىنجاكغا قايتقان ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى شەرقىي شىمال ئارمىيىسىنىڭ لۈيجاكى جىن رۇنچېكنى ۋاقىتلىق ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا، لىيۇۋېنلۇكنى ئۆلكە رەئىسلىكىگە سايلايدۇ. 2 - كۈنى چاقىرىلغان يىغىندا، جىن رۇنچېك ۋاقىتلىق ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىپ، ئۆز قىسمىنى باشلاپ ئىچكىرىگە كىرىپ، داۋاملىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىش تەلىپىدە چىك تۇرىدۇ. بۇ ئەھۋالغا قارىتا، ھەيئەت ئەزالار شۇ چاغدا ئالدىنقى سەپ باش قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان شېك شىسەينى شىنجاكنىڭ ۋاقىتلىق چېگرا مۇداپىئە دۇبەنلىكىگە، لىيۇۋېنلۇك-

نى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلايدۇ.

**6. ياڭ فېيشىيانىڭ شېڭ شىسەينىڭ قەبىھلىكىنى بىلىپ قېلىپ، ئىچكىرىگە يوشۇرۇن كېتىۋېلىشى**

1933 - يىل 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، تاۋ مىڭيۇ قاتارلىقلار ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىش ياساپ، جىن شۇرېننىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ. شېڭ شىسەي تەختكە چىقىپ، شىنجاڭنىڭ ۋاقىتلىق چېگرا مۇداپىئە دوبەنى بولۇۋالىدۇ. ياڭ فېيشىيا گەرچە شېڭ شىسەينىڭ ھەربىي ئىشلاردىكى باتۇر، سالماقلىق بىلەن ئىش كۆرىدىغان قابىلىيىتىگە قايىل بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئادىمەتچىلىكتىكى گۇمانخور، قارانىيەتلىكىدىن ئېھتىيات قىلاتتى ۋە: «شېڭ شىسەي بىلەن جاپا - مۇشەققەتنى تەڭ تارتىش مۇمكىن، لېكىن راھەت پاراغەتنى تەڭ كۆرۈشكە بولمايدۇ» دەيتتى، ئۇ چاغلاردا، سودىگەر، پۇقرالار ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە كىرمەكچى بولسا، دوبەن مەھكىمىسىنىڭ تەستىقى بىلەن پاسپورت تارقىتىپ بېرىلگەندىن كېيىن، ئاندىن شىنجاڭدىن ئۆتەلەيتتى. ياڭ فېيشىيا كۆرۈشكىلى كەلگەنلەرنىمۇ قوبۇل قىلماي، ھېچقانداق ئادەم بىلەن بېرىش-كېلىش قىلماي، ئۆيىدىن سىرتقا چىقماي يۈرىدۇ. شۇ چاغدا، نەنجىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى خۇاڭ مۇسۇڭنى شىنجاڭدىكى خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە ئەۋەتكەنىدى. ئەمەلدارلار خۇاڭنىڭ ھوزۇرىغا ئايىغى ئۈزۈلمەي سالامغا كېلىپ تۇرىدۇ. لېكىن، ياڭ فېيشىيا كەلمەيدۇ. ئەكسىچە، خۇاڭ مۇسۇڭ ياڭنىڭ ئۆيىگە ئىككى قېتىم كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن، ياڭ فېيشىيا شېڭ شىسەينىڭ گۇمانلىنىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ، ئۆزىنى قاچۇرۇپ كۆرۈشمەيدۇ. ئارىدىن



ئۇزۇن ئۆتمەي، ياۋروپا - ئاسىيا ئاۋىئاتسىيە پونكىتىنىڭ 3 - پاسسىژىر ئايروپىلانى ئۈرۈمچىگە قونىدۇ. ياڭ فېيشىيا بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شۇ ئايروپىلانغا چۈشۈپلا ئىچكىرىگە كېتىۋالىدۇ. ئىچكىرىگە بارغاندىن كېيىن ياڭ ئاۋۋال سىچۇەندىكى ئېمېيشەن تېغىغا چىقىپ، ئۇرۇچ تۇتۇپ، تويىنلىق قىلىدۇ. ئارقىدىنلا غەربىي جەنۇبىي ئۆلكىلەردىكى مەشھۇر ئاسارە - ئەتىقىلەرنى زىيارەت قىلىدۇ. ئاخىرىدا، خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ چاڭشا شەھىرىگە بارىدۇ، ھەمدە دائىم خېڭشەن تېغىغا چىقىپ، بەي چىڭيىڭ دېگەن داڭلىق مۇخلىستىن لاۋزى، جۇاڭزى پەلسەپىسىدىن تۆت يىلدەك تەلىم ئالىدۇ. تويىن سەپەتلىرىگە ئاساسەن، «ئابىھايات ياساش ئۇسۇلى»، «ئاياللار ئابىھاياتى»، «ئابىھاياتنىڭ مەخپىيىتى» قاتارلىق كىتابلارنى رەتلەپ چىقىدۇ. ياپون باسقۇنچىلىرى چاڭشاغا كىرىپ، چاڭشادا ئۇرۇش بولغاندىن كېيىن يۈننەنگە قايتىپ، يۈننەندە 1949 - يىلى ئازاد بولغانغا قەدەر دوختۇرلۇق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

**7. ياڭ فېيشىيانىڭ ئازادلىقتىن كېيىنكى ئەھۋالى**

1949 - يىلى، پۈتۈن مەملىكەت ئازاد بولۇپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، يۈننەن ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ياڭ فېيشىيانى ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئۆگىنىش ۋە يىغىنلىرىغا قاتنىشىشقا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ئارقىدىنلا، تارىخ ماتېرىياللىرى سارىيىنىڭ ئالاھىدە خادىملىقىغا قويۇلىدۇ. ياڭ فېيشىيا تۇڭمېڭخۇيىنىڭ پېشقەدەم ئەزاسى بولغاچقا، گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتىغا ئەزا بولۇپ كىرىدۇ. ياڭ فېيشىيا ئوغلى پېكىڭچاۋغا خەت يېزىپ، مۇنداق نەسىھەت قىلغانىدى: «خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمىتىگە

قائىلىنىشىپ، تەقسىماتقا بويسۇنۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، ئاممىغا پايدىلىق ئىشنى كۆپرەك قىلغىن، تۇرمۇشتا ئىقتىسادچىل بول، پەرزەنتلىرىڭنىڭ ئوقۇشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىپ، كۆپ يېتەكلە، ئۇلارنى دۆلەت، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئىستىداتلىق ياشلاردىن قىلىپ تەربىيىلەپ چىق...». ئوغلى پېڭچاۋ ئاتىسىنىڭ نەسىھىتى بويىچە ئىش كۆردى، «ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش» ئۇرۇشى مەزگىلىدە ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىدە يول ياساپ، شەھەر قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشتە پېڭچاۋ ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ جەنۇبىي چوڭ كوچىسىدىكى دۇكان ۋە قورۇ - جايىنى 20 مىڭ يۈەنگە باھالاپ، 10 مىڭ يۈەننى ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىغا ئىئانە قىلدى، 10 مىڭ يۈەننى يول ياساش، شەھەر قىياپىتىنى رەتكە سېلىشقا ئىئانە قىلدى. ياڭ فېيشيا ئاتا - بوۋىسىدىن قالغان جۇڭيىچە داۋالاش تېخنىكىسىنى توختىماي ئىزلىنىپ ئۆگىنىپ، تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كۆپ يىللاردىن بۇيانقى كېلىنكىلىق تەجرىبىلىرىنى توپلىشى نەتىجىسىدە، يۈننەن بويىچە داڭلىق پېشقەدەم جۇڭيى دوختۇرى بولۇپ قالدى. 1951 - يىلى، شاگىرتى بىلەن بىرلىشىپ، يۈننەندە «مىيشىنىڭ دوختۇرخانىسى» ئېچىپ، خەلقنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ، كىشىلەرنىڭ دەردىگە دەرمان بولدى. 1960 - يىلى، ئۇ 80 ياشقا بېرىپ قالغاچقا، ئوغلى پېڭچاۋ يۈننەنگە بېرىپ، ياڭ فېيشيانى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېلىپ، پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن جەم بولدى. يۈننەن تارىخ ماتېرىياللىرى سارىيى ياڭنىڭ مائاشىنى ھەر ئايدا پوچتىدىن شىنجاڭغا ئەۋەتىپ بېرىپ تۇردى. ياڭ



فېيشيا 1961 - يىلى 4 - ئايدا ئۈرۈمچىدە 80 يېشىدا ۋاپات بولدى. ۋاپاتىدىن كېيىن، يۈننەن تارىخ ماتېرىياللىرى سارىيى تەزىيە خېتى ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلىرى ئۈچۈن نەپىقە پۇلى ئەۋەتىپ، قايغۇسىنى بىلدۈردى.

ئەسكەرتىش: بۇ تەرجىمىھال ياڭ فېيشيانىڭ ئىككىنچى ئوغلى پېڭچاۋنىڭ ۋە ۋاڭ ئېنرۇڭ، ليۇدىخې قاتارلىق يولداشلارنىڭ ئەسلىمە بايانىغا ئاساسەن رەتلەنگەن. كەمتۈك جايلىرىنىڭ بولۇشى تەبىئىي، تەپسىلىي ئەھۋالدىن خەۋەردار يولداشلارنىڭ تولۇقلاپ تۈزىتىش بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن!

تەرجىمە قىلغۇچى: مەمتىلى ئابدۇللا

# جىن شۇرېننىڭ نەنجىڭدا قاماقتا ئېلىنىشى

چېڭ فىڭ

## 1

جىن شۇرېننىڭ تەخەللۇسى دىيەن بولۇپ، گەنسۇنىڭ يوڭجىڭ ناھىيىسىدىن. چىڭ سۇلالىسى شۇەنتۇڭ دەۋرىدە كېجۈي ئىمتىھانىدىن ئەلا نەتىجە بىلەن ئۆتكەن. مىنگونىڭ 4 - يىلى (1915 - يىلى) شىنجاڭنىڭ ئۆلكە باشلىقى ۋە ھەربىي قوماندانى ياڭ زېڭشىننىڭ تەكلىپى بىلەن شىنجاڭ-غا كېلىپ ھۆكۈمەت خىزمىتىدە بولغان. ئۇ 1 - دەرىجىلىك ئامباللار ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ، ئاقسۇ، قەشقەر كونىشەھەر، ئۈرۈمچى، كۇچا قاتارلىق ناھىيىلەرنىڭ ئامبىلى بولغان. مىنگونىڭ 15 - يىلى (1926 - يىلى) كۇچادىن شىنجاڭ ئۆلكە باشلىقى مەھكىمىسىنىڭ مەمۇرىي ئىشلار باشلىقلىقىغا يۆتكەلگەن. مىنگونىڭ 17 - يىلى (1928 - يىلى) ياڭ زېڭ-شىن شىمالغا يۈرۈش قىلىش ئىنقىلابىنى قوللاشقا ۋە تۇغنى ئالماشتۇرۇپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەش-كىللەشكە مەجبۇر بولىدۇ. جىن شۇرېننى خەلق ئىشلار نازا-رىتىنىڭ نازىرلىقىغا تەيىنلەيدۇ. شۇ يىلى 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى تاشقى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى فەن ياۋنەن چەت ئەللىك مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىشنى باھانە قىلىپ، شىن-



جاڭ ئۆلكىلىك رۇسچە - سىياسىي قانۇن مەخسۇس مەكتىپى-دە ئۆتكۈزۈلگەن ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىغا ئۆلكىدىكى ئاساسلىق ئەمەلدارلارنى تەكلىپ قىلىدۇ. ياڭ زېڭشىن ۋە سوۋېت كونسۇلى ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسى قاتارلىقلارمۇ تەكلىپ-كە بىنائەن بۇ مۇراسىمغا قاتنىشىدۇ. مەكتەپ زالىدا ئۈچ ئۈستەللىك زىياپەت ھازىرلىنىدۇ. ياڭ زېڭشىننىڭ مۇھاپىزەت-چىلىرى باشقا بىر ئۆيدە كۈتۈۋېلىنىدۇ. فەن ياۋنەن ھاۋا-نىڭ ئىسسىپ كەتكەنلىكىنى باھانە قىلىپ ئۇلارنى قوراللى-رىنى ۋاقتىنچە يېشىۋېتىشكە دەۋەت قىلىپ تۇرۇۋالىدۇ، كۆپ-چىلىك ئۇنىڭ رايى بويىچە ئىش قىلىدۇ. ياڭ زېڭشىن ئوقۇغۇچىلار سۆز قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرىدۇ. فەن ياۋنەن سوۋېت كونسۇلىغا ھەمراھ بولۇپ ئولتۇرىدۇ. رومكا ئۈچ ئايلىنىپ، جوزىغا ئىككىنچى قېتىملىق سەي كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن فەن ياۋنەن مەخپىي بەلگە بېرىپ، سوۋېت كونسۇلى بىلەن رومكا سوقۇشتۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۆي ئىچىگە ئوق ياغدۇرۇلىدۇ. يەتتە پاي ئوق تەگ-كەن ياڭ زېڭشىن: «نېمە قىلماقچى» دەپ تۇۋلاپ يەرگە يىقىلىدۇ. كانۋوي چاڭ ۋېيشىن يۈگۈرۈپ كېلىپ ياڭ زېڭ-شىننى يۆلىشىگە ئۇنىڭغىمۇ ئوق تېگىپ جېنىدىن ئايرىلىدۇ. باش كانۋوي خې ۋەنشو (نىڭشيالىق) ۋە ياڭ زېڭشىن بىلەن بىر جوزىدا ئولتۇرغان بىرىگادا كوماندىرى دۇ فارۇڭ-لارغىمۇ ئوق تېگىپ ئۆلىدۇ. تەمىرات نازارىتىنىڭ نازىرى يەن يۈيشەن (جېجياڭلىق) نىڭ يوتىسى ۋە بېلىگە تۆت پاي ئوق تېگىدۇ، قالغانلارنىڭ ھەممىسى جان قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن قېچىپ چىقىپ كېتىدۇ. فەن ياۋنەن شېرىكلى-رىنى باشلاپ دۇبەن مەھكىمىسىگە بېسىپ كىرىپ، قورال

ئىسكىلاتىنى بۇلايدۇ ۋە تامغىنى تارتىۋالىدۇ، بۇنىڭ بىلەن
پۈتۈن شەھەر قالايمىقانلىشىپ كېتىدۇ. دەل شۇ چاغدا جىن
شۇرېن دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ 2 - زالىدىكى مەمۇرىي ئىشلار
بۆلۈمىدە ھۆججەت كۆرۈۋاتقان بولۇپ، ئۇ بۇ ۋەقەنى ئاڭلاپ،
3 - زالنىڭ دەرۋازىسىنى تاقاپ توپىلاڭنى باستۇرۇش ئۈ-
چۈن سىرتقا چىقىپ ياڭ زېڭشىننىڭ مۇھاپىزەتچى ئەسكەر-
لىرىنى يىغىپ دۇبەن مەھكىمىسىنى قورشاۋغا ئالىدۇ، ئاندىن
ياڭ زېڭشىننىڭ ھەر قايسى قىسىملىرىنى يىغىپ شەھەرنى
ۋە ھەرقايسى مۇھىم ئۆتەڭلەرنى مۇھاپىزەت
قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، دۇبەن مەھكى-
مىسىگە ھۇجۇم باشلاشقا بۇيرۇق بېرىدۇ. فەن ياۋنەن شې-
رىكلىرى بىلەن جىننىڭ بارچە قارشىلىق كۆرسەتكەن بول-
سىمۇ، ئاخىرىدا ئوقى تۈگەپ بىر - بىرلەپ ئەسىرگە چۈش-
دۇ، شۇنىڭ بىلەن قالايمىقانچىلىق تىنجىيدۇ. جىن شۇرېن
توپىلاڭنى باستۇرۇشتا تۆھپە قوشقانلىقى ئۈچۈن، ئۆلكىلىك
ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەتلەر، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى
ھەربىي ئەمەلدارلار، شۇنىڭدەك موڭغۇل، قازاق، خۇيزۇ ۋاڭ -
گۇڭلىرى ئۇنى بىردەك ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ،
نەنجىڭغا تېلېگرامما يوللىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن نەنجىڭ
گومىنداڭ ھۆكۈمىتى جىن شۇرېننى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆ-
كۈمەتنىڭ رەئىسلىكى ۋە شىنجاڭ قىسىملىرىنىڭ باش قو-
ماندانلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلەيدۇ. مىنگونىڭ 19 - يىلى
(1920 - يىل) شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەنلىكىگە تەيىنلىنىدۇ.

شىمالغا يۈرۈش قىلىش ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن
كېيىن نەنجىڭدە گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەشكىللەنگەندە، جىياڭ
جېيشى بىلەن ۋاڭ جىڭۋېي ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ پەيدا



بولىدۇ. مىنگونىڭ 18 - يىلى ۋاڭ جىڭۋېي بېيجىڭدا شەن-
شى يىغىنىنى چاقىرىدۇ، يىغىن مەزگىلىدە ۋاڭ جىڭۋېي
جىن شۇرېننى ئۆزىگە تارتىش ئۈچۈن، يىغىن ئەتراپتىن
يىغىنغا ۋەكىل ئەۋەتىش ھەققىدە تېلېگرامما يوللايدۇ. جىن
شۇرېن ئۆزىنىڭ تەختكە چىققىنىغا ئۇزۇن بولمىغانلىقى،
مەركەزنىڭ ئىچكى ئەھۋاللىرىدىن بىخەۋەر ئىكەنلىكى، ئۇ-
نىڭ ئۈستىگە بېيجىڭ ئەتراپىدا ئەۋەتكۈدەك خادىم بولمى-
غانلىقىنى سەۋەب قىلىپ، «شىنجاڭ چەت ئۆلكە بولغانلىقى
ئۈچۈن، ئەزەلدىن مەركەزگە تايىنىپ كەلدى. كەلگۈسىدە
ۋاڭ جىڭۋېي ئەپەندى مەركەزگە قايتسا، ئەلۋەتتە قىزغىن
ھىمايە قىلىمىز» دېگەن مەزمۇندا جاۋاب تېلېگرامما يوللاي-
دۇ. ۋاڭ جىڭۋېي بۇنىڭدىن نارازى بولىدۇ. مىنگونىڭ
19 - يىلى ۋاڭ جىڭۋېي مەمۇرىي ئىشلار پالاتاسىنىڭ
باشلىقى بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ باش كاتىپ چۇ مىنيې-
نى پارتىيە ئىشلىرىنى تەكشۈرۈپ كېلىشكە ئەۋەتىدۇ. چۇ
مىنيى بېيساۋدى رايونىدىن شىنجاڭغا قاراپ يول ئالىدۇ
ھەمدە ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ فرانسىيىنىڭ تەكشۈرۈش
ئۆمىكى بىلەن ھەمسەپەر بولۇۋالىدۇ. ئىچكى موڭغۇلىيە را-
يونىغا كەلگەندە ئۆمەكنىڭ بىر ئەزاسى مىلتىق ئويناپ
ئولتۇرۇپ بىر تۆگىچىنى ئېتىپ قويىدۇ. ئىچكى ئۆلكىلەردى-
كى ھەرقايسى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى فرانسىيە تەك-
شۈرۈش ئۆمىكىنىڭ جۇڭگو چېگرىسى ئىچىدە تۇرۇپ جۇڭ-
گونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى كۆزگە ئىلمىغانلىقىغا نارازى بو-
لۇپ، ئارقا - ئارقىدىن ئوقۇش تاشلاپ نامايىش قىلىپ
ھۆكۈمەتنىڭ قاتىلنى قانۇن بويىچە جازالاپ بېرىشىنى تە-
لەپ قىلىدۇ. شىنجاڭنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجى-

رىش باشقارمىسى تېلېگراممىا ئەۋەتىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتـ
كە ئوقۇغۇچىلارنىڭ نامايىش قىلغان ئەھۋالىدىن خەۋەر
قىلىدۇ. فرانسىيىنىڭ تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ شىنجاڭغا كىلىشى
توغرىسىدا مەركەز ئالدىن ئۇقتۇرۇش قىلمىغانىدى. مىنگونىڭ 18 ـ
يىلى (1929 ـ يىل) مۇ مەلۇم بىر دۆلەتنىڭ تەكشۈرۈش
ئۆمىكى شىنجاڭغا كىلىپ جەنۇبىي شىنجاڭغا بارغانىدى.
كىرىيە ناھىيىسىنىڭ دوكلاتىدا تەكشۈرۈش ئۆمىكى بۇ ناـ
ھىيىگە كەلگەندىن كېيىن چۆللۈكدىن ئىچىگە بامبۇك تاختا
ۋە خەت يېزىلغان قەغەز پارچىلىرى قاچىلانغان بىر ساپال
كۆپىنى كولاپ تاپقان، قەغەز پارچىلىرىغا يېزىلغان خەتلەرـ
دىن ھېچ بىر مەزمۇن چىقمىغان، ئەمما ساپال كۆپىنىڭ ئاـ
ۋازى مىس ئەسۋابلارنىڭ ئاۋازىغا ئوخشايدىكەن، دېيىلگەن
(جىن شۇرېن ئۇ دوكلاتنى ئوقۇپ بولۇپ: «چەكسە مىس
ئاۋازى چىقىدۇ» دەپ ئۆزگەرتىپ قويغان). جىن شۇرېن
يۇقىرىدا تىلغا ئالغان تەكشۈرۈش ئۆمىكى شىنجاڭغا كەلـ
گەندىن كېيىن ھەممىلا يەرنى كولاپ، تارىخىي يادىكارلىقـ
لارنى ئوغرىلىغان، زىيىنى چوڭ بولغانلىقتىن ئۇلارنى توـ
سۇش مۇمكىن بولمىغان. بولۇپمۇ بۇ قېتىم مەركەزنىڭ ئۇقـ
تۇرۇشى بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ خالىغانچە چېگرىغا كىرىشىگە
يول قويۇلمايدۇ، دەپ قاراپ، دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ باش
كانۋويى ۋاڭ لۇجيەنگە يۈز تۇرانە ۋەزىپە تاپشۇرۇپ، تۇرـ
پان، پىچان ناھىيىلىرىگە بېرىپ، ئۇلارنى توسۇشقا ئەۋەـ
تىدۇ. ۋاڭ لۇجيەن تۇرپان ناھىيىسىگە بېرىپ ئۇلار بىلەن
ئۇچرىشىپ قالىدۇ، مەركەزنىڭ ھۆججىتىنى سورۇشتە قىلىدۇ،
ئۇلاردا مەركەزنىڭ ھۆججىتى بولمىغاچقا، ۋاڭ لۇجيەن ئۆلـ
كىلىك ھۆكۈمەت، تەكشۈرۈش ئۆمىكلارنىڭ شىنجاڭغا كىرـ



لىشى توغرىلىق ھېچقانداق تېلېگراممىا تاپشۇرۇۋالمىدى، مەرـ
كەزنىڭ ئۇقتۇرۇشى بولمىغاچقا يەرلىك ھۆكۈمەت قارشى
ئالالمايدۇ، دەپ چۈشەندۈرىدۇ، چۈمىنيى ئۇلار بىز بىلەن
بىللە ھەمسەپەر بولۇپ كەلدى، توسىماسلارمۇ بولىدۇ،
دەيدۇ. ۋاڭ لۇجيەن بۇ خەلقئارالىق بېرىش ـ كېلىش
ئىشى بولغاچقا، چوقۇم مەركەزنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىش كېـ
رەك، مەركەزنىڭ رەسمىي ئۇقتۇرۇشى بولسا ئاندىن كۈتۈـ
ۋېلىشقا بولىدۇ، ئۇنداق بولمايدىكەن، مەركەز بۇ ئىشنى
سورۇشتۇرۇپ قالسا، يەرلىك ھۆكۈمەت جاۋاب قىلالمايدۇ،
دەيدۇ. ھەمدە ئىلگىرى مەلۇم بىر دۆلەتنىڭ تەكشۈرۈش
ئۆمىكى كىرىيە ناھىيىسىدە خالىغان يەرنى كولاپ، تارىـ
خىي يادىكارلىقلارنى ئوغرىلىغانلىقى توغرىسىدىكى ۋەقەنىۋە
ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش
باشقارمىسىدىن كەلگەن فرانسىيە تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ
ئىچكى موڭغۇلىيە رايونىدا بىر تۆگىچىنى ئېتىپ قويغانلىقى،
شۇ ۋەجىدىن ئىچكىرى ئۆلكە، شەھەرلەردىكى ھەرقايسى مەكـ
تەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇش تاشلاپ نامايىش قىلىپ،
قاتىلنى جازالاشنى تەلەپ قىلىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى خەـ
ۋەرنى چۈ مىنيىگە تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىدۇ. چۈ مىنيى
بۇنى ئاڭلاپ گەرچە خاپا بولغان بولسىمۇ بىر نېمە دېيەلـ
مەيدۇ. ۋاڭ لۇجيەن فرانسىيە تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ كەلـ
گەن يولى بىلەن نەنجىڭغا قايتىپ، قايتىدىن مەسلىھەت
قىلىپ ئىش قىلىشنى چىرايلىقچە ئېيتىدۇ ھەمدە تۇرپان
ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بىلەن بىرلىكتە ھەيدەكچىلىك قىلىپ،
ئۇلارنى نەنجىڭغا قايتۇرىدۇ. ۋاڭ لۇجيەن كانۋوي قاتارـ
لىقلارنى چۈ مىنيىنى ئۈرۈمچىگە باشلاپ بېرىشقا قالدۇرۇپ

قويۇپ، ئۆزى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە قايتىپ كېلىدۇ، جىن شۇرېن چۇ مىنيىنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىغا ئادەم ئەۋەتىدۇ. ئۇ ئۆلكىلىك پىرقىدىكى كۈتۈۋېلىش ئورنىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، خىزمەتتە بولۇشقا خادىم ئەۋەتىدۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە چۇ مىنيى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە بارىدۇ ۋە مەمۇرىي مەھكىمىگە ۋەكالىتەن جىن شۇرېننىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىنى ئۈستىگە ئېلىش مۇراسىمىگە نازارەتچىلىك قىلىدۇ. مۇراسىمدا چۇ مىنيى بىلەن جىن شۇرېن سۆز قىلىدۇ. ئاندىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە تاشقى ئىشلار، ئىچكى سىياسەت ۋە پارتىيە ئىشلىرى توغرىسىدا ئۇزاق سۆھبەتلىشىدۇ. شۇ چاغلاردا ئۆلكىلىك پىرقە گەرچە قۇرۇلۇپ بولغان بولسىمۇ، ئەمما پارتىيە ئىشلىرى تېخى ئېلىپ بېرىلمىغانىدى، پەقەتلا ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلەتتى، ھەرقايسى ئورۇنلار پائالىيەتكە مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپلا قوياتتى، خاتىرىلەش پائالىيىتىگە قاتناشقۇچىلارغا قوشۇمچە پۇل بېرىلەتتى. ئەمما چۇ مىنيى بۇ قېتىم شىنجاڭغا باشقا غەرەز بىلەن كەلگەنىدى. بىراق جىن شۇرېن ھۆكۈمەت بۇيرۇقىدا چىڭ تۇرۇپ، فرانسىيىنىڭ تەكشۈرۈش ئۆمىكىنى قايتۇرۇۋەتكەنلىكى، شۇنداقلا ئۇنىڭغىمۇ قىزغىن مۇئامىلە قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ دېمەكچى بولغان ئىشنى دېيەلمەيدۇ - دە، ئورۇمچىدە بىر ئايدەك تۇرۇپ، خۇيزۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ مەسچىتلىرىنى زىيارەت قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىسى بىلەن كەڭ دائىرىدە سۆھبەتلىشىدۇ. ئاخىرى ئۇ تۆت ياش چامباشچىنى ئۆزىگە ياللىۋېلىپ نەنجىڭغا قايتىدۇ. قايتىشىدا جىن شۇرېن ئۇنىڭغا



نۇرغۇن يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنى سوۋغا قىلىدۇ ھەمدە تيەنجىندىن ئېلىۋېلىشقا ئۈچ مىڭ يۈەن يول خىراجىتى ئاجرىتىپ بېرىدۇ. چۇ مىنيى نەنجىڭغا بارغاندىن كېيىن بۇ پۇلنىڭ ھەممىسىنى گەنسۇدىكى ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىغا ئىئانە قىلىدۇ ھەمدە گەنسۇ ھۆكۈمىتىگە: بۇ پۇل گەنسۇلۇق جىن شۇرېننىڭ پۇلى دەپ جاكالايدۇ. بۇ ئىشتىن ئۇنىڭ جىن شۇرېندىن نارازى بولغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن.

مىنگونىڭ 19 - يىلى (1930 - يىل) شەرقىي مانجۇرىيە تۆمۈريول ۋەقەسى يۈز بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن نەنجىڭ مەمۇرىي مەھكىمىسى بىلەن تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى جىن شۇرېنغا: ھازىر شەرقىي مانجۇرىيە تۆمۈريول ۋەقەسى سەۋەبىدىن جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋىتى ئۈزۈلدى، شۇڭا جۇڭگونىڭ بەش ئەلچىسى (تاشكەنت، شەمەي، ئالمۇتا، زايسان، ئەنجان ئەلچىخانىلىرى) دەرھال قايتۇرۇپ كېلىنىپ، چېگرا قاتتىق مۇداپىئە قىلىنسۇن، دەپ تېلېگرامما يوللايدۇ. جىن شۇرېن قايتا - قايتا ئويلىنىش ئارقىلىق ئەتىسى ئەتىگەندە: «شىنجاڭ چەت رايون بولۇپ، ئۈچ تەرىپى سوۋېت بىلەن چېگرىداش، چېگرا لىنىيىسى ئۇزۇن ھەم تەكشى ئەمەس، ھەممىلا جايدا يوللار بار، مۇداپىئەلىنىش تەس. ناۋادا ئۇلار تاجاۋۇز قىلىپ قالسا، قانداقلا بولمىسۇن قاتتىق زەربە بېرىپ چېگرا رايونىنى چوقۇم قوغدايمىز. ئەگەر بىرەر ئىش بولۇپ قالسا، مەركەز ھېچقانداق ياردەمدە بولالمايدۇ، بىزنىڭ ئۇرۇشقىچىلىك مادارىمىز يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئوتتۇرىسىدا ئەزەلدىنلا سودا ئالاقىسى بار،

شۇڭا قىسمەن تىنچلىقنى ساقلاپ تۇرساق مەركەزنىڭ غەربتىن قىلىدىغان ئەندىشىسىنى تۈگەتكىلى بولامدۇ - يوق» دەپ تېلېگراممىا يوللايدۇ ۋە مەركەزنىڭ «دائىرىلىك تىنچلىقنى ساقلاپ قېلىشقا بولىدۇ» دېگەن جاۋابىنى ئالىدۇ.

مىنگونىڭ 20 - يىلى (1931 - يىل) سوۋېتنىڭ سودا ۋەكىلى خىزمەت بىلەن شىنجاڭغا كېلىدۇ. جىن شۇرېن چېگرا رايوننىڭ تىنچلىقىنى تۇراقلاندۇرۇش ئۈچۈن مەركەزنىڭ قىسمەن تىنچلىقنى ساقلاپ قېلىشقا بولىدۇ، دېگەن يوليورۇقىغا ئاساسەن، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق مەخسۇس خادىمى چېن جىشەن، كونسۇل نىيۇ ۋېيتۇڭنى سوۋېتنىڭ سودا ئىشلىرى ۋەكىلى ۋە سوۋېتنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى زىراكىن بىلەن شىنجاڭ - سوۋېت ۋاقىتلىق سودا مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىش كېلىشىمى ئۈستىدە كېڭەشىشكە ئەۋەتىدۇ ھەمدە كېلىشىمنىڭ لايىھىسى تۈزۈلىدۇ. جىن شۇرېن كېلىشىمنى ئىككى قېتىم تۈزەتكۈزىدۇ، ئەمما يەنىلا بىرلىككە كېلەلمەيدۇ. جىن شۇرېن يەنىلا تۈزىتىش كىرگۈزۈشكە بۇيرۇق بەرگەن بولسىمۇ، ۋەكىلنىڭ قايتىش ۋاقتى توشۇپ قېلىپ ساقلىيالمايدۇ. جىن شۇرېن چېن جىشەن بىلەن نىيۇ ۋېيتۇڭغا ئىمزا قىلىش ۋاقتىنى كېچىكتۈرۈشكە بۇيرۇق قىلىدۇ ھەمدە ۋاقىتنى كەينىگە سۈرۈش ئۈچۈن، ھەر ئىككى تەرەپ قايتا ئويلىشايلى، دەپ جاكالايدۇ. بۇ كېلىشىم تاكى جىن شۇرېن تەختتىن چۈشكىچە يولغا قويۇلمايدۇ («شىنجاڭ - سوۋېت سودا مۇناسىۋىتى ئورنىتىش ۋاقىتلىق كېلىشىمى» ئاخىرىغا قوشۇمچە قىلىندى).

مىنگونىڭ 22 - يىلى 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئۈرۈم-



چىدە تۇرۇشلۇق 200 دىن ئارتۇق گۇيخۇاجۈن (ئاق ئورۇس قىسىملىرى) ئۆزگىرىش ياساپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى قورشاۋغا ئالىدۇ. شۇ چاغدا دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ مۇھاپىزەتچى باتالىيونى بىلەن دۇبەن ئۆزى قوشۇمچە قوماندانلىق قىلىۋاتقان ئاتلىق بىرىنچى دىۋىزىيىنى ئىسيانچىلار پەم بىلەن سىرتقا يۆتكىۋەتكەن بولۇپ، باتالىيوندا قالغان كوماندىرلار بىلەن ئەسكەرلەر ناھايىتى ئاز بولغاچقا، ئۇلار گەرچە تاقابىل تۇرغان بولسىمۇ، ئەسكەر كۈچى چەكلىك بولغانلىقتىن ئاخىرى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى قولدىن بېرىپ قويىدۇ. جىن تامغا ۋە خەت ئالاقىلەرنى ئېلىۋېلىشىمۇ ئۈلگۈرەلمەي قېچىپ كېتىدۇ. شۇ كۈنى كەچتە ئىسيانچى قىسىم مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنى ۋە ئاق ئورۇس قوشۇنلىرىنىڭ بىرىگادا كوماندىرلىرى ۋە پولكوۋنىكلارنى يىغىپ جىددىي بىرلەشمە يىغىن چاقىرىپ، سىياسىي جەھەتتە ۋاقىتلىق جەمئىيەت تەرتىپىنى ساقلاش كومىتېتىنى قۇرىدۇ. كۆپچىلىك مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى ليۇۋېنلۇڭ (خۇنەنلىك)نى ۋاقىتلىق رەئىسلىككە، شەرقىي - شىمال ۋەتەن قۇتقۇزۇش ئارمىيىسىنىڭ بىرىگادا كوماندىرى جېڭ رۇنچېڭنى ۋاقىتلىق ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ باشلىقلىقىغا سايلايدۇ. ليۇ ۋېنلۇڭ ئۈچ ماددىلىق نىزامنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بىرىنچى، پۈتۈن ئۆلكىدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىگە كاپالەتلىك قىلىش؛ ئىككىنچى، رەئىس جىن شۇرېننىڭ ئائىلىسىنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىگە كاپالەتلىك قىلىش؛ ئۈچىنچى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كونسۇلخانىسىنى مۇھاپىزەت قىلىش. بارلىق ھەيئەتلەر بۇنى قوللاپ ئىمزا قويۇشىدۇ. شۇ چاغدا جىن شۇرېن جامائەت

خەۋپسىزلىكى بىرىنچى شۆبە ئىدارىسىدە ئىدى. ليۇ ۋېنلۇڭ، تاۋ مىڭيۈ (ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى) بىلەن لى يەنمىڭ (جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)نى يۇقىرىقى ئۈچ ماددىلىق نىزامنى جىن شۇرېنغا ئاپىرىپ بېرىشكە ئەۋەتىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ھاياتىغا خەۋپ كەلمەيدىغانلىقى، بۇ توغرىدا خاتىرجەم بولسا بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. جىن شۇرېن نىزامنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن باشقا ئادەم كەلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، ج خ شۆبە ئىدارىسىدىن چىقىپ ياڭ جېڭجۇڭغا قىسمىنى باشلاپ شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشقا جىددىي بۇيرۇق بېرىدۇ. ئۆزى شەھەرنىڭ غەرب تەرىپىدە جەڭگە نازارەت قىلىدۇ. ئۇ بىر كېچە - كۈندۈز جىددىي جەڭ قىلىش ئارقىلىق شەھەرنىڭ غەربىي - شىمال تەرىپىنى ئالىدۇ، ئاق ئورۇس قىسىملىرى بەرداشلىق بېرەلمەي چېكىنىشكە تۇرغاندا، دۇڭبېي پىداكارلار قىسمى ياردەمگە ئادەم ئەۋەتىدۇ، ئورۇس قىسىملىرى ئۇلارغا قورال - ياراق تارقىتىپ بېرىپ، جىن شۇرېن قىسىملىرىغا ئارقا - ئارقىدىن توپ ئاتىدۇ. نەتىجىدە، ۋەزىيەت ئۆزگىرىپ ئاق ئورۇس قىسىملىرى غەلىبە قىلىدۇ. سودىگەرلەر ئۆيۈشمىسى ئارىغا كىرىپ سۈلھ قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ، جىن شۇرېن چېكىنىپ شەھەر سىرتىدىكى قىزىلتاغ ئېغىزىغا ئورۇنلىشىدۇ. بۇ چاغدا باش قوماندان شېڭ شىسەي قىسمىنى باشلاپ قىزىلتاغ ئېغىزىغا يېقىنلىشىدۇ. ئىسيانىنى پىلانلىغۇچى چېڭ چۈڭ ئالاقىلىشىشقا ئەۋەتىلىدۇ. شېڭ شىسەي سىياسىي ئىنقىلابنى قوللايدىغانلىقى ۋە تاماملايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، قىزىلتاغ ئېغىزىغا ئۈچ قېتىم توپ ئاتىدۇ، توپ ئوقىنىڭ بىرسى قورۇغا چۈشۈپ پارتلىماي



قالىدۇ، يېڭىلىشقا كۆزى يەتكەن جىن شۇرېن قوماندان ياڭ جېڭجۇڭنىڭ مۇھاپىزەت قىلىشى ئارقىسىدا غەربكە قاراپ چېكىنىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسىنىڭ مۇئاۋىن كونسۇلى ساناستا جىن شۇرېننىڭ ئالدىغا چىقىپ ئۇنىڭ قولدىن كەتكەن يەرلىرىنى تارتىۋېلىشى ئۈچۈن ئەمەلىي كۈچ بىلەن شەرتسىز ياردەم بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. جىن شۇرېن بۇ ئۆزىمىزنىڭ ئىچكى ئىشى دەپ ياردەمنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئۇ چۆچەككە بارغاندىن كېيىن، 24 - كۈنى ئۆزىنىڭ تەختتىن چۈشكەنلىكى توغرىسىدا ئومۇمىي تېلېگرامما ئېلان قىلىدۇ. بۇ چاغدا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ھەربىي ئەمەلدارلار سوۋېت ئارقىلىق جىن شۇرېنغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ چۆچەكتىن كەتمەي تۇرۇشىنى، قوشنا دۆلەتلەر بىلەن كېڭىشىپ ئۇلارنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئۆلكە مەركىزىگە قايتۇرما ھۇجۇم قىلىشنى ئىلتىماس قىلىدۇ. ئۇ دەرھال جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ھەربىي ئەمەلدارلار، ۋالىي ۋە نازىرلارغا: «مەن ئۆزۈمنى دەپ خەلقى ئالەمنىڭ نەپرىتىگە قېلىشنى خالىمايمەن، ھەرقايسىڭلارنىڭ مېنى ئەمەس، ئومۇمنى نەزەردە تۇتۇپ، بومۇغۇر بىمانە ئىشلارنى قىلماسلىقىڭلارنى، ئۆز قىسىملىرىڭلارنى چىڭ تۇتۇپ، بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ، چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەپ، يەرلىكنىڭ تەرتىپىنى ساقلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن، بۇ خوشلىشىش سۆزى بولۇپ قالسۇن» دەپ تېلېگرامما يوللايدۇ. گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى 5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى جىن شۇرېننىڭ ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىش ئىلتىماسىنى تەستىقلايدۇ. جىن شۇرېن ئۆز قىسىملىرىنى ياڭ جېڭجۇڭ ئارقىلىق جاڭ پېي-

يۇمىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ ئىلىغا ئەۋەتىدۇ. ئۆزى بالا - چاقىلىرى بىلەن سىبىرىيە ئارقىلىق تيەنجىنگە كېتىدۇ.

## 2

شىنجاڭلىق ئەيسا (ئۇيغۇر) بۇرۇن سوۋېتتە تۇرۇشلۇق مەلۇم بىر كونسۇلخانا (ئېھتىمال تاشكەنتتە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانا بولۇشى كېرەك) نىڭ تەرجىمانى بولۇپ، پاسپورت ئوغرىلاپ ساتقانلىقى سېزىلىپ قېلىپ، قاتتىق بىر تەرەپ قىلىنماقچى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ جىنايىتىدىن قورقۇپ، قېچىپ كېتىدۇ. كونسۇلخانا ئۇنى تۇتۇشنى مۇراجىئەت قىلىپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە تېلېگرامما يوللايدۇ. جىن شۇرېن تيەنجىنگە بارغاندا ئەيسا دەل نەنجىڭدا ئىدى. ئۇ مەمۇرىي پالاتاغا بېرىپ جىن شۇرېن ئۈستىدىن ئەرز قىلىشقا بولۇش - بولماسلىق ھەققىدە چۇ مىنيىدىن يوليورۇق سورايدۇ، جىن شۇرېندىن ئۆچ ئېلىشنى كۆزلەپ يۈرگەن چۇ مىنيى بۇ پىكىرگە قوشۇلۇپ، جىن شۇرېنگە يەنە جىنايەتلەرنى قوشۇپ، ئەيساغا مەبلەغ جەھەتتە ياردەم بېرىدۇ. ئۇلار ئۇنىڭغا ئادەم ئۆلتۈرگەن، ئوت قويغان، باشقىلارنىڭ مۈلكىنى ئىگىلىۋالغان، بۇلىغان، ئىچكى جەھەتتە قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇپ، چەت ئەل بىلەن تىل بېرىكتۈرگەن دېگەن جىنايەتلەرنى ئارتىپ، مەمۇرىي پالاتاغا بىۋاسىتە ئەرز سۇنىدۇ. جىن شۇرېن بولسا تيەنجىندە بۇ ئىشتىن قىلچە خەۋەرسىز يۈرۈۋېرىدۇ.

8 - ئايلاردا جياڭ جيېشى چېگرا رايونىنىڭ ئەھۋا-



لىنى سوراشتۇرۇش ئۈچۈن جىن شۇرېننى نەنچاڭغا چاقىرتىدۇ. جىن شۇرېن جياڭ جيېشى بىلەن بىرنەچچە كۈن بىرگە بولىدۇ. جياڭ جيېشى ئۇنىڭدىن قەيەرگە بارىدىغانلىقىنى سورىغاندا، جىن شۇرېن نەنجىڭغا بېرىپ ئۆز خىزمىتىدىن ھەرقايسى مەھكىمىلەرگە مەلۇمات بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. جياڭ جيېشى ئۇنىڭغا: «نەنجىڭغا بارسىڭىز روھلاندۇرۇش جەمئىيىتىگە چۈشۈڭ» دەيدۇ ھەمدە يولدا ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا ئادەم قوشۇپ قويىدۇ. جىن شۇرېن نەنجىڭغا بارغاندىن كېيىن روھلاندۇرۇش جەمئىيىتىگە چۈشمەستىن، مەركىزىي مېھمانخانىغا ئورۇنلىشىدۇ ۋە تالارتۈزگە چىقمايدۇ. ئەتىسى مەمۇرىي پالاتادىن تۆت ئەسكەر كېلىپ، جىن شۇرېنغا قولغا ئېلىش خېتىنى كۆرسىتىپ ئۇنى ئېلىپ ماڭماقچى بولىدۇ. بۇ چاغدا جىن شۇرېننى يوقلاپ كەلگەن ياڭ زۇڭيى قاتارلىق كىشىلەر ئۇنى قەيەرگە ئاپىرىدىغانلىقىنى سورىغاندا، كەلگۈچىلەر ئېنىق جاۋاب بېرەلمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئارىدا تالاش - تارتىش پەيدا بولىدۇ. نەتىجىدە ياڭ زۇڭيى جىن شۇرېن بىلەن بىللە جياڭنىڭ يەرلىك سوتىغا بارىدۇ. ئەنزە ئەدلىيە مەمۇرىي مىنىستىرلىكىگە تاپشۇرۇلۇپ، سۇجۇ ئالىي سوتىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدۇ.

بۇ خەۋەر غەربىي - شىمال رايونىغا پۇر كېتىدۇ. گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەيدىكى ياڭ سى، جاڭ جەن، لاشىجۈن، ما خۇڭبىڭ، شو شىن، مالىن، جاڭ ۋېي، ۋاڭ يەنخەن، پېي جەنجۇڭ، دىڭ لۇڭ، شۈي راڭ، ما گولى قاتارلىق 20 نەچچە كىشى بىرلەشمە تېلېگرامما ئەۋەتىپ، جىن شۇرېنغا ئۇۋال بولدى، دەپ ئۇنى ئاقلاپ، قويۇپ بېرىشنى

تەلەپ قىلىدۇ. مەمۇرىي پالاتا بۇ ئەدلىيە تارماقلىرىنىڭ
ئىشى، دەپ بۇلارغا پىسەنت قىلمايدۇ. سۇجۇ ئالىي سوتى
بىرىنچى سوت ئېچىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردۇ. دەۋاگەر
بىلەن جاۋابكار ئۆز پاكىتلىرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلىقتىن
مەسىلە ھەل بولمايدۇ. سۇجۇ ئالىي سوتى شىنجاڭ ئۆل-
كىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەكشۈرۈپ جاۋاب بېرىشى ئۈچۈن
ئەدلىيە مەمۇرىي مىنىستىرلىكىدىن يولىيورۇق سوراپ ئالاقە
ئەۋەتىدۇ. ئەمما شىنجاڭدىن جاۋاب كەلمەيدۇ. سۈيلەپ
تېلېگرامما بەرسەمۇ جاۋاب بولمايدۇ. نەتىجىدە، سوت ئا-
ساس بولمىغانلىقتىن بىر تەرەپ قىلالمايدۇ. مەن شۇ چاغ-
دا نەنجىڭدا ئىدىم. ھەل قىلىش يولى تېپىلماي ۋاقىت-
نىڭ سوزۇلۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئىشنىڭ تېگىگە
يېتىپ بېقىش ئۈچۈن مەمۇرىي پالاتاغا بېرىپ چۇ مىنيى
بىلەن كۆرۈشتۈم (مەن ئۈرۈمچىدە ئۇنىڭ بىلەن بىر قېتىم
يۈز كۆرۈشكەن). جىن شۇرېننىڭ ئەنزىسى ئۈستىدە توختال-
غاندا، ئۇ مەندىن ئالدىراپ: سىز قانداق قارايسىز، دەپ
سورىدى. مەن 7 - ئىيۇل ئۆزگىرىشىدە ياڭ زېڭشىن سۇ-
يىقەستكە ئۇچراپ، پۈتۈن شەھەر قالايمىقانلىشىپ كەتكەن-
دە جىن شۇرېننىڭ توپىلاڭنى تېزدىن بېسىقتۇرۇشى نە-
تىجىسىدە خەلق بالا - قازادىن قۇتۇلۇپ قالدى، دېيىشىم
بىلەن تەڭلا ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ: «بۇ ئەدلىيە تارماقلىرى-
نىڭ ئىشى، ئەدلىيە مىنىستىرلىكىگە بېرىڭ» —، دەپ كېتىپ
قالدى. مەن يەنە ئەدلىيە مەمۇرىي مىنىستىرلىكىگە بېرىپ،
مىنىستىر ۋاڭ يۇڭبىڭدىن جىن شۇرېننىڭ جىنايىتىنى
سورىدىم. مىنىستىر ۋاڭ: «جىن شۇرېن ئەسلىدە گۇناھسىز
ئىدى. ئەگەر جىن شۇرېننى جىنايەتچى دېسەك، ياڭ شۇ-



لياڭنى تېخىمۇ چوڭ جىنايەتچى دېيىشكە توغرا كېلىدۇ.
ھازىر داۋاگەرمۇ، جاۋابكارمۇ ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇۋاتىدۇ،
پاكىت بولمىغانلىقتىن بىر تەرەپ قىلىش تەسكە چۈشتى،
نېمە بولغانلىقىنى ئۇققىلى بولمايدۇ، قايتا - قايتا تېلې-
گرامما بېرىپمۇ شىنجاڭدىن جاۋاب ئالالمايۋاتىمىز» دېدى.
مەن: «جىن شۇرېن چۆچەكتە خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىپ
شىنجاڭدىن كەتكەندىن كېيىن ماجۇڭيىڭ شىنجاڭغا ئىككى
قېتىم ئەسكەر تارتىپ باردى، شەرقتە گۇچېڭزى (ھازىرقى
چىتەي ناھىيىسى)، جىمساردا زىنىچۈەن، جەنۇب تەرەپتە
داۋانچىڭدا قاتتىق ئۇرۇش بولدى. مەركەز ئەۋەتكەن مەس-
لىھەتچىلەر بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى خۇاڭ مۇسۇڭ، ئەدلىيە
مەمۇرىي مىنىستىرلىكى قوشۇمچە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ
مىنىستىرى لو ۋېنگەنلەر ئىلگىرى كېيىن شىنجاڭغا ھال سوراش-
كۆزدىن كەچۈرۈشكە بېرىپمۇ ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلال-
مىدى، چۈنكى ئەھۋال ناھايىتى مۇرەككەپ ئىدى. ماجۇڭ-
يىڭ ئۈرۈمچىنى ئىككى قېتىم مۇھاسىرىگە ئالدى. شېڭ
شىسەي ئۆز ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن قوشنا دۆلەت-
نىڭ كۈچىگە تايىنىپ، ئىلىدىكى جاڭ پېيۈەننى يوقاتتى،
ئارقىدىن ئۈرۈمچى مۇھاسىرىسىنى بوشاتتى. نەتىجىدە ما-
جۇڭيىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا چېكىندى. دېمەك، شىنجاڭنىڭ
ۋەزىيىتى داۋالغۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. شىنجاڭنىڭ جاۋاب
بەرمەسلىكىدىكى سەۋەب، جىن شۇرېن شىنجاڭغا كونا بولغاچ-
قا شېڭ ئۇنىڭدىن چۆچۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. شۇڭا ئۇ، جىن
شۇرېننىڭ نەنجىڭدا قاماققا ئېلىنغانلىقىنى ھېچكىمگە تىن-
ماي يۈرۈۋاتىدۇ، ھەتتا سىزلەر ئەۋەتكەن تېلېگراممىلارنى
باستۇرۇۋالدى» دەپ جاۋاب بەردىم. مىنىستىر ۋاڭ: «شىن-

جاۋاب كەلمىسە ئەنزىنى ئاخىرلاشتۇرغىلى بولماي-
دۇ» دېدى. شۇ چاغدا باشقا ئامال تېپىلمىغانلىقى ئۈ-
چۈن، مەن بۇنىڭغا قارىتا باشقا سۆز قىلالمىدىم. ئەتىسى
ئەتىگەندە مەن يەنە باردىم، مىنىستىر ۋاڭ مېنى كۆرۈپ:
«تۈنۈگۈنمۇ كەلگەن ئىدىڭىز، بۈگۈنمۇ كەپسىز، زادى
نېمە ئىشىڭىز بار؟» دەپ سورىدى. مەن: «جىن شۇرېن
ئەنزىسىنىڭ ھۆججەتلىرىنى بىر نۇسخا كۆچۈرۈۋېلىشىمغا
ئىجازەت قىلسىڭىز، مەن ئۇنى قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ۋالىي-
سى لىيۇ يىڭلىنغا ئەۋەتىپ بەرسەم، ئۇ مەخسۇس كىشى
ئەۋەتىپ ئۈرۈمچىدىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئىتى لۇ
شاۋزۇغا ئەۋەتىپ بەرسە، لۇ شاۋزۇ ھۆججەتلەرنى ئېلىپ
شېڭ شىسەي بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ جاۋاب بېرىشىگە
دەۋەت قىلسىلا ئىش ئوڭدىن كېلىدۇ» دېدىم. ئۇ: «ئۇلار-
نىڭ جاۋابى بولسىلا ئەنزىگە پايدىسى بولۇپ قالىدۇ. چۈش-
تىن كېيىن ھۆججەتلەرنى ئەۋەتىپ بېرەي» دېدى. شۇ
كۈنى مەن مىنىستىرلىكنىڭ ھۆججىتىنى بىر نۇسخا كۆچۈ-
رۈپ قۇمۇل ۋالىيسى لىيۇ يىڭلىنغا ئەۋەتىپ بەردىم. لىيۇ
يىڭلىن دەرھال ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىۋېتىپتۇ. شېڭ شىسەي
مىنىستىرلىكنىڭ ھۆججىتىنى كۆرۈپ لۇ شاۋزۇغا: «ئېسىمدە
قېلىشىچە بۇ ئىشقا جاۋاب بەرگەن ئىدىغۇ» دەپتۇ. لۇشاۋ-
زۇ: «ئەگەر جاۋاب بېرىلگەن بولسا مىنىستىرلىكتىن بۇ
ھۆججەت قايتا ئەۋەتىلمىگەن بولاتتى» دەپتۇ. شۇنىڭ بى-
لەن شېڭ شىسەي ئۆلكە ئىشلىرى يىغىنى چاقىرتىپتۇ، يىغىن-
غا شېڭنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا بىنائەن سودا ئۇيۇشمىسىمۇ قات-
ناشتۇرۇلۇپتۇ، لىيۇ شاۋزۇ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلىپتۇ.
يىغىندا ھەرقايسىلىرى ئۆز پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ،



ماددىسىمۇ ماددا جاۋاب بېرىپتۇ. جاۋاب خېتى مىنىستىرلىككە
كەلگەندىن كېيىن، سۇجۇ ئالىي سوتى سوت ئېچىپ، جىننى
گۇناھسىز دەپ قويۇۋېتىشكە تېگىشلىك بولسىمۇ، ئەمما مە-
مۇرىي پالاتانىڭ جىن شۇرېن ئەنزىسىنى سۇنۇشتىكى مەق-
سىتى ئۇنى جازالاش بولغاچقا، ۋاڭ جىڭۋېينىڭ يۈز خا-
تىرىسىنى قىلىش ئۈچۈن دەسلەپتە جىن شۇرېنغا ھۆكۈم
چىقىرىدۇ، ئۇ يۇقىرىغا قايتا ئەرز سۇنغاندىن كېيىن ئا-
دىن ھۆكۈمنى قىسقارتىپ قاماققا ئېلىنغان ۋاقتىنى با-
لانىز قىلىپ، ئەنزىنى ئاخىرلاشتۇرۇش چارىسىنى قوللانداق-
چى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئالاقىدار مەھكىمە، مىنىستىر-
لىكلەرنىڭ مۇۋاكىرە قىلىپ، پىكىر قاتناشتۇرۇشى ئارقىلىق،
ئۇسۇلنى ئۆزگەرتىپ، جىنايىتىنى بېكىتىپ، ئاندىن ھۆ-
كۈمەت تەرىپىدىن جىنايىتىنى كەچۈرۈم قىلىش قارار قى-
لىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن مىنگونىڭ 25 - يىلى 5 - ئايدا
(1936 - يىل) سۇجۇ ئالىي سوتى نەنجىڭدا سوت يىغىنى
ئېچىپ، جىن شۇرېندىن ماددىسىمۇ ماددا سورايدۇ. جاڭ
ياۋزىنىڭ قاتارلىق ئۈچ ئادۋوكات ئۇنى ئاقلايدۇ. سوت
شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەكشۈرۈش ماتېرىيالى ۋە
ئادۋوكاتنىڭ ئاقلىشى، جاۋابكارنىڭ بايانىغا ئاساسەن:
ئادەم ئۆلتۈرۈش، ئوت قويۇش، باشقىلارنىڭ مۈلكىنى ئى-
گىلىۋېلىش، بۇلاش، ئىچكى جەھەتتە قالايمىقانچىلىق چىقى-
رىش بىلەن شۇغۇللاندى، دېگەن جىنايەت پۇت تىرەپ
تۇرالمايدۇ، چەتكە باغلاندى دېگەن جىنايەتكە كەلسەك،
چەت ئەل بىلەن شەرتنامە ۋە كېلىشىم تۈزۈش مەركەز-
نىڭ ئالاھىدە ھوقۇقى. جىن شۇرېننىڭ مەركەزنىڭ تەس-
تىقىنى ئالماي تۇرۇپ، سوۋېت ھۆكۈمىتى بىلەن ئۆز مەي-

لىچە سودىلىشىش كېلىشىمىنى تۈزۈشى دۆلەت قانۇنىغا
خىلاپ. قانۇن ماددىلىرىغا ئاساسەن ئۈچ يىرىم يىللىق
قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىندى، دەپ ھۆكۈم چىقىرىلدۇ.
جىن شۇرېن: «ئۇنداقتا مەركەزنىڭ قىسمەن تىنچلىقىنى
ساقلاپ قېلىشقا بولىدۇ، دېگەن جاۋاب تېلېگراممىسى ھې-
ساب ئەمەسكەندە؟» دەپ سورايدۇ. سوتچى: «قايىل بول-
مىساڭ ئەرز قىلىشقا بولىدۇ» دەيدۇ. جىن شۇرېن: «ئەلۋەت-
تە شۇنداق قىلىمەن» دەپ سوت ئاخىرلاشقىچە كېتىپ
قالىدۇ. بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن جىن شۇرېن تۈر-
مىگە ئاپىرىلىدۇ. شۇ يىلى 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى دۆلەت
بايرىمىدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى لىن سىن تەب-
رىكلەش يىغىنىدا: «جىن شۇرېن يەرلىكنى نەزەردە تۇتۇپ،
سوۋېت ھۆكۈمىتى بىلەن ۋاقىتلىق سودىلىشىش كېلىشىمى
ئىمزالىغان. بۇنى ھۆكۈمەت ئىشى مۇناسىۋىتى بىلەن جى-
نايەت ئۆتكۈزدى، دېيىشكە بولىدۇ. شۇڭا ئۇنى ئالاھىدە
كەچۈرۈم قىلىش كېرەك» دەپ جاكالىدى.

جىن شۇرېن ئالاھىدە كەچۈرۈم قىلىنغاندىن كې-
يىن، بالا - چاقىلىرى بىلەن نەنجىڭغا ماكانلاشتى. ياپون
باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، نەنجىڭ قولدىن
كېتىشتىن ئىلگىرى ئۇ لەنجۇغا كەتتى. مىنگونىڭ 30 -
يىلى 63 يېشىدا كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولىدۇ.

## [قوشۇمچە] شىنجاڭ - سوۋېت ئىتتىپاقى ۋاقىتلىق سودا كېلىشىمى

جۇڭخۇا مىنگونىڭ شىنجاڭ ئۆلكىسى سوۋېت جۇمھۇرى-
يىتى بىلەن ئۆز ئارا چېگرىداش بولۇپ، تارىختىن بۇيان



ئۆز ئارا ئىقتىسادى تەرەققىيات مۇناسىۋەتلىرىدە بولۇپ كەلگەن،
شۇنداقلا ئىككى تەرەپ ھۆكۈمەتلىرى شىنجاڭ - سوۋېت
سودىسىنى راۋاجلاندۇرۇشنى خالايدىغانلىقىنى كۆپ قېتىم
بىلدۈرۈشكەن. شۇڭا جۇڭخۇا مىنگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى
ئوتتۇرىسىدا رەسمىي سودا مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىش توغرى-
سىدىكى شەرتنامە تۈزۈلۈشتىن ئىلگىرى شىنجاڭ ئۆلكىلىك
ھۆكۈمەت سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بىلەن ئۇشبۇ كېلى-
شىمنى ئىمزالىدى.

1. شىنجاڭ ئۆلكىسى بىلەن سوۋېت جۇمھۇرىيىتى
ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىدىغان ماللار ۋە بېرىش - كېلىش
قىلىدىغانلار جۇڭگو ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قانۇنلىرى بو-
يىچە ئۆركەشتام (ياكى تورغات)، قورغاس، باقتى، جىمنەي،
(مەكبو چېغاي) چازىلىرىدىن ئۆتكۈزۈلىدۇ.

2. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆ-
كۈمىتىدىن، شىنجاڭ سودىگەرلىرىگە ئالاھىدە رۇخسەت قى-
لىش رەسمىيىتىنى بېجىرگۈزمەي، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ
قانۇنىدا ئىمپورت قىلىش چەكلەنگەن ماللاردىن باشقا شىن-
جاڭنىڭ بارلىق يەرلىك ماللىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا بىما-
لال يۆتكەپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سو-
دا ئورگانلىرىغا سېتىش ھوقۇقى بېرىشنى ئۈمىد قىلىدۇ.

3. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ
سودا ئورگانلىرى ۋە گىراژدانلىرىنىڭ قەشقەر، ئىلى، چۆ-
چەك، ئالتاي، ئۈرۈمچى رايونلىرىدا ئەركىن سودا پائالى-
يەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشىغا رۇخسەت قىلىدۇ ھەمدە ئۇلار يۇ-
قىرىدا تىلغا ئېلىنغان رايونلاردىن يەكەن، تۇرپان، قارا-
شەھەر، خوتەن، ئاقسۇ رايونلىرىدىكى سودىگەرلەر ياكى سو-

دا دۇكانلىرى بىلەن سودا - سېتىق كېلىشىمىنى تۈزۈشكە ۋەكالەتچى ياكى ھەيئەت ئەۋەتىش ۋە ئۇنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت سوۋېت ئىتتىپاقى سودا ئىشلىرىنىڭ يوللۇق ھالدا راۋاجلىنىشى ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقى سودا ئورگانلىرىنىڭ خىزمەتچى خادىملىرى ۋە گىراژدانلىرىنىڭ شىنجاڭنىڭ ھازىرقى قانۇنى ياكى بەلگىلىمە - پرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلىشى شەرتى ئاستىدا ھەرقايسى ۋەكالەتچىلەر سودا ئورگانلىرى تۇرۇشلۇق ئورۇنلاردا ئەركىن بېرىپ - كېلىش ھوقۇقىنى بېرىدۇ.

4. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىدىن شۇنى ئۈمىد قىلىدۇكى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سودا ئورگانلىرى ۋە گىراژدانلىرى شىنجاڭ سودىگەرلىرى ۋە سودا دۇكانلىرى بىلەن سودا - سېتىق توختامى ۋە كېلىشىمى تۈزۈشكەندە، باھا، يۆتكەش ۋە كېلىشىم مۇددىتىدىكى ھەرقايسى شەرتلەرنى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن كېڭىشىپ بېكىتىشى شەرت ھەممە جۇڭگونىڭ ھازىرقى قانۇنىدا بەلگىلەنگەن ھۆكۈمەت نامىدىن گۇۋاھلىق بېرىش تەرتىپى بويىچە سودا - سېتىق توختاملىرىنى ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا تىزىمغا ئالدۇرۇشى لازىم. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت شۇنى جاكالايدۇكى، توختامنى تىزىمغا ئالدۇرۇش ۋاقتى شىنجاڭنىڭ ھازىرقى رەسمىيلەشكەن ئادىتى بويىچە بەش كۈندىن ھالقىپ كەتمەسلىكى لازىم. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت شۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرىدۇكى، ئەگەر ئىككى تەرەپ سودا ئىشلىرىدا تالاش - تارتىش بولۇپ قالسا، شىنجاڭنىڭ يەرلىك مەھكىمىلىرى ئالدى بىلەن ئىككى تەرەپنىڭ توختاملىرىنى ياكى كېلىشىمنى تەكشۈرۈپ، جۇڭگونىڭ ھازىرقى قانۇنى بويىچە ئادىللىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىدۇ.



5. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت شۇنىڭغا رۇخسەت قىلىدۇكى، سوۋېت ئىتتىپاقى سودا ئورگانلىرى ۋە خەلقى مەيلى ھازىر ياكى كەلگۈسىدە بولسۇن جۇڭگونىڭ ھازىرقى قانۇنى بويىچە تاموژنا بېجى ۋە باشقا باجلارنى تاپشۇرىدۇ، بۇ جەھەتتە جۇڭگو سودىگەرلىرى ۋە سودا دۇكانلىرىنىڭكىدىن ئارتۇقراق نەپ ئېلىشقا بولمايدۇ. ئەگەر كەلگۈسىدە شىنجاڭنىڭ ھازىرقى قانۇنى بويىچە تىجارەت بېجى تاپشۇرۇلسا ۋە باشقا تۈرلۈك تىجارەت خاراكتېرىدىكى باجلار تاپشۇرۇلىدىغان ئىش بولسا، سوۋېتنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق سودا ئورگانلىرى ۋە خەلقى جۇڭگو سودىگەرلىرى ۋە سودا دۇكانلىرى بىلەن ئوخشاشلا تاپشۇرۇشى شەرت.

6. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىدىن شۇنى ئۈمىد قىلىدۇكى، شىنجاڭنىڭ ئىگىلىك مەنپەئىتىگە ئەھمىيەت بېرىشنى نەزەردە تۇتۇپ، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشتە ئىشلىتىلىدىغان تۈرلۈك ماشىنىلار مەسىلەن، سانائەت ئېلېكترى، يېزا ئىگىلىك قاتناش ۋاسىتىلىرى قاتارلىقلارنى تامامەن سودا توختامى خاراكتېرى بويىچە تەمىنلىشى ھەممە شۇ خاراكتېردىكى توختام بويىچە، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشكە تېخنىكا ئىگىلىرىنى كۆپرەك ئەۋەتىشى ۋە جۇڭگولۇق ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ بېرىشى، يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش جەھەتلەردە كۆپرەك ياردەم بېرىشى لازىم.

7. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىدىن شۇنى ئۈمىد قىلىدۇكى، شىنجاڭنىڭ خەلق

ئىگىلىكى مەنپەئىتىنى نەزەردە تۇتۇپ، شىنجاڭ سودىگەرلىرى جۇڭگونىڭ ئىچكىرى رايونلىرىدا ئىشلەپچىقىرىلغان تۈرلۈك ماللارنى شىنجاڭغا يۆتكەشتە ياكى شىنجاڭدا ئىشلەپچىقىرىلغان تۈرلۈك ماللارنى جۇڭگونىڭ ئىچكىرى رايونلىرىغا يۆتكەشتە، تالوندا كۆرسىتىلگەن ماللارنى سوۋېت چېگرىسى ئارقىلىق يۆتكەشكە رۇخسەت قىلسا، بۇ تالوننى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئالاھىدە خادىمى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى بىلەن بىرلىكتە شىنجاڭ سوۋېت سودىسىنى راۋاجلاندۇرۇش ئاساسىدا، شۇ يىلنىڭ 15 - نويابىرىدىن بۇرۇن كېڭىشىپ بېكىتسە، بۇ، شىنجاڭ ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى خەلق ئىگىلىكىنىڭ زۆرۈرىيىتىگە قاراپ ھەر يىلى كېڭىشىپ ئۆزگەرتىلسە.

8. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىدىن شۇنى ئۈمىد قىلىدۇكى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت كەلگۈسىدە ئۆزىگە كېرەكلىك بولغان، ئەمما سودا خاراكتېرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان ماللارنى سېتىۋېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېگرىسىدىن ئۆتكۈزۈشكە توغرا كەلسە، مەيلى جۇڭگونىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىدىن شىنجاڭغا يۆتكەشكە ياكى شىنجاڭدىن جۇڭگونىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىگە يۆتكەشكە ۋە ياكى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سودا كېلىشىمى تۇرۇقلۇق باشقا دۆلەت بىلەن سودا كېلىشىمى تۈزۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسىدىن شىنجاڭغا مال يۆتكەشكە توغرا كەلسە، دوستانە پوزىتسىيىدە بولۇپ ئالاقىدار رەسمىيەتلەرنى بېجىرىپ بېرىشى لازىم.

9. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاقىسىدە كۆرسىتىلگەن سوۋېت ئىتتىپاقى



چېگرىسىدىن ئۆتكۈزۈلىدىغان ماللار ھازىرقى قانۇندا چەكلەنگەن بولسا، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ تەكلىپىنى شۇ بويىچە بېجىرىپ بېرەلمەيدۇ، دېگەن مەزمۇنغا قوشۇلدى ھەمدە ئۇنى تەكشۈرۈپ ئەنگە ئالىدىغان بولدى. شىنجاڭ - سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن يۇقىرىقى بەلگىلىمىلەر تۈزۈلدى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بۇنىڭغا قوشۇلىدۇ ۋە بۇنىڭ ئۈنۈم ھاسىل قىلىشىغا ئىشىنىدۇ، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئالاھىدە بۇ كېلىشىم تۈزۈلدى.

جۇڭخۇا مىنگونىڭ 20 - يىلى 1 - ئۆكتەبىر

1931 - يىلى 1 - ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى

قوشۇمچە بىرىنچى ھۆججەت:

شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت شىنجاڭ - سوۋېت سودىسىنى راۋاجلاندۇرۇشنى مەقسەت قىلىپ، ئىككى تەرەپنىڭ سودا ئىشلىرىنىڭ تەڭ قەدەمدە روناق تېپىشى ئۈچۈن، شىنجاڭ تاموژنىسىغا شىنجاڭ - سوۋېت چېگرىسىدىن ئۆتىدىغان تۈرلۈك ماللاردىن ئوخشاش باج ئېلىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىنى ئۇقتۇردى. شۇنىڭ ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ تەكشۈرۈپ، مۇناسىپ پەرمان چىقىرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

قوشۇمچە ئىككىنچى ھۆججەت:

سوۋېت جۇمھۇرىيىتى بىلەن شىنجاڭ ئۆلكىسى ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئىشلىرىغا قولايلىق يارىتىشنى مەقسەت قىلىپ، ئۈرۈمچى، قەشقەر، غۇلجا، چۆچەكلەردە سوۋېت ئىتتىپاقى مالىيە ئورنى تەسىس قىلىدۇ. بۇ ئورۇن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەر قايسى سودا ئورگانلىرىنىڭ سودا - سې

تىق، مالىيە جەھەتتىكى ئىشلىرىنى ياكى جۇڭگو سودا دۇكانلىرى، سودىگەرلىرىنىڭ بېرىش - كېلىش ئىشلىرىنى بېجىرىدۇ. مەزكۇر مالىيە ئورنىغا جۇڭگو سودا دۇكانلىرى، سودىگەرلىرى سودا ئىشلىرىنى ھاۋالە قىلسا بېجىرىپ بېرىدۇ. يۇقىرىقى ئىشلارنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا، مەزكۇر مالىيە ئورنى ئىككى تەرەپنىڭ ئۆز ئارزۇسى بويىچە مۇۋاپىق رەسمىيەت ھەققى ئالىدۇ ۋە ئالاھىدە بەلگىلەنگەن خادىمنىڭ تەكشۈرۈشىگە يوللايدۇ ھەمدە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ يۇقىرىقى ھەر قايسى ماددىلارغا قوشۇلۇشىنى ئۆتۈنىدۇ.

قوشۇمچە ئۈچىنچى ھۆججەت:

سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى مال يۆتكەش ۋە خەلقنىڭ بېرىش - كېلىشىگە قولايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەكشۈرۈپ - نەقلەشتۈرۈپ، تورغات چازىسىنى ئالتە ئاي ئېچىۋەتكەندىن كېيىن ئۈركەشتام چازىسىنى تاقاشنى ئۈمىد قىلىدۇ. شۇ جەريانىدا ئۈركەشتام چازىسىدىن ئۆتۈش ئۈچۈن يولغا چىقىپ قالغان ماللار بولسا، مەنزىلگە يەتكىچە ئالاھىدە بەلگىلەنگەن خادىمنىڭ تەكشۈرۈشىگە ئالاقە ئەۋەتىدۇ. سوۋېت ھۆكۈمىتى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىن شۇنى ئۈمىد قىلىدۇكى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يۇقىرىقى ماددىلارغا قوشۇلۇشى لازىم.

قوشۇمچە تۆتىنچى ھۆججەت:

شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت شىنجاڭ سوۋېت ئوتتۇرىسىدىكى تېلېگرامما لىنىيىسىگە بەلگىلىمە چىقىرىش زۆرۈر دەپ قارايدۇ، شۇڭا چۆچەك بىلەن باقتى ئوتتۇرىسىدىكى



تېلېفون لىنىيىسىنى تۇتاشتۇرۇش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئوتتۇرىسىدىكى سىمسىز ئالاقە ئىشىغا قارىتا بىۋاسىتە ئالاقىلىشىش چارىسىنى بەلگىلەش لازىم. يۇقىرىقى رەسمىيەت ۋە شەرتلەرنى تاشقى مىنىستىرلىكنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئالاھىدە خادىمى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى بىلەن بىرلىكتە كېڭىشىپ بېكىتىدۇ. باش ئەلچىنىڭ بۇنى تەكشۈرۈشىگە ئالاقە ئەۋەتىلىدۇ ھەمدە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ يۇقىرىقى ھەر قايسى ماددىلارغا قوشۇلۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

[ئىزاھات] يۇقىرىقى كېلىشىم تاكى جىن شۇرېن تەختتىن چۈشكىچە يولغا قويۇلمىغانىدى.

## ئىلاۋە

مەن مىنگونىڭ 13 - يىلى شىنجاڭغا كەلدىم، 14 - يىلى جىن شۇرېن بىلەن كۆچا ئامبال مەھكىمىسىگە بېرىپ تامغا باشقۇرۇش ۋە پوچتا خەت - چەكلىرىنى تەكشۈرۈش ئىشلىرىنى بېجىردىم. 15 - يىلى جىن شۇرېن مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ باشلىقلىقىغا يۆتكەلگەندە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۈرۈمچىگە كېلىپ باج نازارىتىدە ئىشلىدىم. مىنگونىڭ 17 - يىلى جىن شۇرېن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بولغاندا مەن مەخپىي ئىشلار بۆلۈمىگە يۆتكەلدىم. 20 - يىلى مەخپىي ئىشلار بۆلۈمىنىڭ مۇدىرلىقىغا ئۆستۈرۈلدۈم. شۇڭا جىن شۇرېننىڭ مەخپىي ئىشلىرىدىن ئاز - تولا خەۋەردار بولۇپ تۇراتتىم. مىنگونىڭ 20 - يىلى 12 - ئاپرېل ۋەقە-

سىدە تامدىن ئارتىلىپ قاچماقچى بولغاندا يىقىلىپ چۈشۈپ بەل، پۇتلىرىم زەخىملىنىپ، رۇخسەت سوراپ ئۆيۈمدە داۋالاندىم. كېيىن تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش كاتىپى شى شىچاڭ بىلەن بولغان سۆھبەتتە جىن شۇرېننىڭ نەنجىڭدە ئەركىنلىكتىن مەھرۇم بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىپ، مىنگونىڭ 23 - يىلى [illegible] ئايدا ئۈرۈمچىدىن نەنجىڭغا جىن شۇرېننى يوقلىغىلى باردىم. شۇڭا بۇ ئەنزىنىڭ ئالدى - ئارقىسىدىكى ئەھۋاللارنىڭ تەپسىلاتىنى خېلى ئوبدان بىلەتتىم، لېكىن جىن شۇرېن ئەنزىسىنىڭ ھۆججەتلىرى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى مەزگىلىدە پۈتۈنلەي يوقاپ كەتتى. شۇڭا پايدىلىنىش ئۈچۈن بۇ ئەسلىمىنى يازدىم. بۇ ئىشلارغا ئۇزۇن يىل بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتىمنىڭ ناچار بولغانلىقى ئۈچۈن خاتالىق ياكى بەزى ئەھۋاللارنىڭ چۈشۈپ قېلىشىدىن ساقلىنىش تەس، بۇ ئەھۋاللاردىن خەۋەردار كىشىلەرنىڭ تۈزىتىپ تولۇقلاپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

تۇردى سابىت تەرجىمىسى



# ماكىناننىڭ ئازادلىق ھارپىسىدىكى بەزى ئەھۋاللىرى توغرىسىدا

ئازادلىق ھارپىسىدا ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق مۇئاۋىن كونسۇلى ماكىنان ۋە كونسۇل باماۋسون ئىككىيلەن پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ ئوسمان، جانىمقانلارنى كومپارتىيىگە قارشى توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە كۈشكۈرتۈپ، شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، جۇڭگونى پارچىلاش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولدى.

1948 - يىلى، ماكىناننىڭ قوللىشى بىلەن ئوسمان قاتارلىقلار «دىنىنى قوغداپ پارتىيىگە، سوۋېتكە قارشى تۇرۇش ھەيئىتى»نى ئوتتۇرىغا كۆتۈرۈپ چىقتى. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى غەربىي - شىمال جەڭ مەيدانىدا كەينى - كەينىدىن غەلىبىگە ئېرىشكەندە، بۇ ھەيئەتمۇ ئۆزىنىڭ پائالىيىتىنى جىددىي يۈرگۈزۈشكە كىرىشتى. 1949 - يىلى 8 - ئايدا ئوسمان قازاقلارنىڭ چوڭلىرىنى يىغىپ يىغىن ئاچتى. جانىمقان ئۆزىنىڭ قار داۋانىدىكى ئوغلى زاكىقان ۋە ئورازبېك موللا، شاھى مەردان، تەكمان باتۇر قاتارلىق 15 كىشىنى چىپىي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى چوگۇنداسا چارۋىچىلىق مەيدانىدىكى ئوسماننىڭ ئۆيىگە ئەۋەتىپ ئۈچ كۈن يىغىنغا قاتناشتۇردى. بۇ قېتىمقى يىغىندا ئوسمان ئۈرۈمچىنىڭ ئەتراپىدىكى قازاق-

لارنى توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە قۇترىتىپ شىنجاڭنىڭ تىنچلىق
بىلەن ئازاد بولۇشىغا قارشى تۇرۇشنى پىلانلىدى. ئۇلار
خىزمەت بۆلۈشۈپ، جانىمقان، ئورازبېك موللا، شاھى مەر-
دانلار سائىجى، قۇتۇبى ئەتراپىدىكى قازاقلارنىڭ توپىلاڭغا
قوماندانلىق قىلىدىغان بولدى. قالى بېك، سالىسلار ئۈرۈم-
چىنىڭ جەنۇبىي تاغ ئەتراپىدىكى قازاقلارنىڭ توپىلاڭغا
مەسئۇل بولدى. ئوسمان ئۆزى بولسا جىمسار، گۇچۇڭ
مورى ئەتراپىدىكى قازاقلارنىڭ توپىلاڭغا قوماندانلىق
قىلىدىغان بولدى.

بۇ چاغدا ئازادلىق ئارمىيە شىنجاڭغا قاراپ تېز
يۈرۈش قىلىۋاتاتتى. شىنجاڭدىكى ھەربىي، ھۆكۈمەت دائىر-
لىرىنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ھەقىقەتكە قايتىش تەييارلىق
خىزمىتى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. شىنجاڭ
تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇش ھارپىسىدا تۇراتتى. ماكىنان
شىنجاڭنىڭ بۇ خىل ئەھۋالىدىن شىنجاڭنى ئۇزۇن
مۇددەت كونترول قىلىپ تۇرۇشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى
چوڭقۇر ھېس قىلدى ۋە 1949 - يىلى 8 - ئاينىڭ ئاخى-
رىدا گومىنداڭ شىنجاڭ مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى جانىم-
قاننى تېپىپ، جانىمقاننىڭ ئامال قىلىپ ئۇنىڭ ئامېرى-
كىغا كېتىشىگە ياردەم قىلىشنى تەلەپ قىلدى. جانىمقان شۇ
چاغدا ماكىنانغا: «ئوسمان بىلەن مەن بىر قىسىم قازاق-
لارنى باشلاپ پاكىستانغا چىقىپ كەتمەكچى بولۇۋاتىمىز،
سىز بىز بىلەن مېڭىڭ، بىز سىزنى بىخەتەر ئامېرىكىغا
يەتكۈزۈپ قويىمىز» دېگەن. ماكىنان دەرھال ئۇنىڭ پىكرىگە
قوشۇلغان ۋە ئوسمان بىلەن ئالاقىلىشىپ كونكرېت قېچىش
پىلانى ئۈستىدە كېڭەشكەن. 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىك-



كى تەرەپ ئۆزلىرىنىڭ كېلىشىپ بېكىتكەن ئۇچرىشىش پى-
لانى بويىچە، ماكىنان كەچتە ئۈرۈمچىدىن جىپ ماشىنىغا
ئولتۇرۇپ يولغا چىققان ۋە جىمسار ناھىيە بازىرىنىڭ
شەرقىي جەنۇب تەرىپىدىكى مىڭ ئۆينىڭ ئەتراپىدا ئوس-
ماننىڭ ئەۋەتكەن ئادەملىرى بىلەن ئۇچرىشىدۇ ھەمدە
ماشىنىنى شۇ يەرگە تاشلىۋېتىدۇ. ئوسمان ئەۋەتكەن رۇس
ئەسكەرلەر ئۇنى ئاتقا يۆلەپ چىقىرىپ، ئۇدۇل ئوسماننىڭ
ئالدىغا ئاپىرىدۇ. شۇ چاغدا ئوسمان جىمسار ناھىيە با-
زىرىنىڭ شەرقىي شىمالىغا تەخمىنەن 20 كىلومېتر كېلىدى-
غان يىجاخۇ دېگەن جايدا تۇراتتى. مىڭ ئۆي بىلەن
يىجاخۇنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن 25 كىلومېتر كېلىدۇ.

ئوسمان ماكىنان بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن،
جانىمقان قاتارلىق كىشىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ،
مۇشۇ ئەتراپقا توپلانغان قازاق قەبىلىلىرىنى باشلاپ
بارىكۆلگە بېرىشنى قارار قىلىدۇ. بارىكۆل
چەت چېگرا رايون بولۇپ، موڭغۇلىيىگە يېقىن ھەم
قازاقلار مەركەزلەشكەن رايون ئىدى. يەر شارائىتىمۇ
ناھايىتى ئەپلىك، بىخەتەر، ئىشەنچلىك جاي ئىدى.
بارىكۆلگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن ئوسمان، جانىمقان،
سۇلتان شېرىپ تەيجى قاتارلىقلار نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتنى
تەھلىل قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ بۇندىن كېيىنكى ھەرىكەت پىلانى
ئۈستىدە يەنە بىر قېتىم مەسلىھەتلىشىدۇ ۋە يىغىندىن كې-
يىن ئالدى بىلەن ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق مۇئا-
ۋىن كونسۇلى ماكىناننى مۇھاپىزەت قىلىپ، پاكىستان ئار-
قىلىق ئامېرىكىغا يەتكۈزۈپ قويۇشنى، ئاندىن ماكىنان ئار-
قىلىق ئامېرىكا ھۆكۈمىتىدىن ياردەم سوراپ، ئامېرىكا

ھۆكۈمىتىنىڭ جامائەت پىكرى ۋە ماددىي جەھەتتىكى ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشىنى توسماقچى بولدۇ. ماكىنان بۇ قارارغا قوشۇلدۇ. ئوسمان ئۆزىنىڭ قوغدىغۇچى قىسىملىرى ئىچىدىن يەتتە نەپەر قاۋۇل ئەسكەرنى قوشۇپ بەردى. يولنى پىششىق بىلىدىغان قارقا، سالاباي، قەيسەر قاتارلىقلار يول باشلاپ ماڭدى. شۇ يىلى 10 - ئاينىڭ ئاخىرى، ماكىنان ئوسمان ئەۋەتكەن قوغدىغۇچى خادىملارنىڭ ھىمايىسىدە باركۆلدىن ئاتلىق يولغا چىقىپ، پاكىستانغا قاراپ يول ئالدى.

ئۇلار باركۆلدىن چىقىپ، شىنجاڭ، چىڭخەي چېگرىسىنى بېسىپ ئۆتۈپ شىزاڭغا كىردى. شىزاڭدىكى سەپەردە ئۇلار بىر كۈنى ئوتلاقتا ئولتۇرۇپ دەم ئېلىپ غىزالىنىۋاتقاندا، تۇيۇقسىز بىر مۇنچە شىزاڭ يەرلىك قىسىملىرى ئۇلارنى قورشىۋالدى. ئىككى تەرەپ كەسكىن ئېتىشتى، بۇ جەرياندا ماكىنانغا ئوق تېگىپ نەق مەيداندىلا ئۆلدى. ماكىناننىڭ قوغدىغۇچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، سىناق تەرىقىسىدە گومىنداڭنىڭ بايرىقىنى چىقىرىپ پۇلاڭلاتتى، قارشى تەرەپ بۇ بايراقنى كۆرگەندىن كېيىن دىگەندەك ئېتىشنى توختاتتى. ئىككى تەرەپ سۆزلىشىپ ئەھۋالنى چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، ئۇلار ماكىناننىڭ جەسىدىنى ئاتقا ئارتىپ شىزاڭ يەرلىك ھۆكۈمىتىگە ئاپىرىدۇ، ھەمدە شىزاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ، جەسەتنى پاكىستاندىكى ئامېرىكا كونسۇلخانىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ ئىش بولۇشتىن ئىلگىرى ماكىناننىڭ ئائىلىسى ماكىناننىڭ پاكىستان ئارقىلىق ۋەتەنگە قايتىدىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ بولغان ئىكەن ۋە ئايالى پاكىس-



تانغا كېلىپ كۈتۈپ تۇرغان ئىكەن، لېكىن ئۇلار ماكىناننىڭ ئۆزىنى ئەمەس بەلكى جەسىدىنى كۈتۈۋېلىشنى ئويلاپمۇ يەتمىگەن بولسا كېرەك. ئاڭلىشىمىزچە، شۇ چاغدا ماكىناننىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىللە ئامېرىكىغا قايتقانلار ئىچىدە يەنە ئىككى نەپەر رۇس قوغدىغۇچى ئەسكەر بولۇپ، ئۇلاردا ئالاقىلىشىش ئۈسكۈنىلىرى بار ئىكەن. قازاق ئەسكەرلەر ئامېرىكىنىڭ پاكىستاندا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

[ئىزاھات] ماكىناننىڭ پاكىستانغا قاچقانلىقى توغرىسىدىكى ماتېرىيالنى شۇ چاغدا ماكىناننى قوغداپ يول باشلاپ ماڭغان قارقاننىڭ ئۇكىسى ساۋۇت ھاجى تەمىنلىگەن. ساۋۇت ھاجى ھازىر تۈركىيىدە، 1985 - يىلى 12 - ئاينىڭ ئاخىرى ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ، ناھىيىمىزنىڭ شىڭدى يېزىسى شىڭدى كەنتىدىكى چارۋىچى مۇراتنىڭ ئۆيىدە تۇرغان.

(تەرجىمە قىلغۇچى پەرىدە ھەسەن كېرىم)

# شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى ھەققىدە بايان

ليۇ دېخې

شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ئالتە بۈيۈك سىياسىتىنى يۈرگۈزىدىغان كۈچلۈك ئىستىھكامى ئىدى. ئۇ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ بۇرۇندىن بار بولغان مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش، مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە جەمئىيەتكە پايدىلىق ئىشلارنى ئېلىپ بېرىش جەھەتلەردە مۇئەييەن ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىغان بولۇپ، شىنجاڭ تارىخىدا مۇھىم ئورۇننى تۇتىدۇ.

مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىدىن جەمئىي ئالتىسى بولۇپ، ئۇلار خەنزۇ ئۇيۇشمىسى، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى، خۇيزۇ، موڭغۇل، قازاق، شىبە، سولۇن، مانجۇ ئۇيۇشمىلىرىدىن ئىبارەت ئىدى.

شېڭ شىسەينىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى ئۆز مىللىتىنىڭ ئەنئەنىلىرىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ، ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى مەزمۇن قىلغان ھالدا ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنى-



يىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. بىر مەزگىل ئىچىدە، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى سىياسەت، مائارىپ، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە پائالىيەت ئېلىپ بېرىش مەركىزى بولۇپ قالدى.

## 1. خەنزۇ مەدەنىيىتىنى ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى

خەنزۇ ئۇيۇشمىسى بولسا خەنزۇ مەدەنىيىتىنى ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ قىسقىچە ئاتىلىشى بولىدۇ. ئۇ قۇرۇلغاندىن كېيىن ئالدى بىلەن ئۈرۈمچىدىكى بارلىق بۇتخانا، ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ ۋەخپىلىرىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ بىر تۇتاش باشقۇردى ۋە شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن خادىملار يېتەكچىلىك قىلدى. ھەرقايسى بۇتخانا ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ قىسمەن ئىش باشقۇرغۇچى خادىملىرى قوبۇل قىلىنىپ خەنزۇ ئۇيۇشمىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. خەنزۇ ئۇيۇشمىسىدا مۇدىرىيەت تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئۈرۈمچىدىكى تەسىرى بىرقەدەر چوڭ بولغان خۇتەن، خۇبېي، گەنسۇ، سىچۈەن، جياڭشى، جېجياڭ، سەنشى قاتارلىق ئالتە ئاممىۋى تەشكىلات ۋە ۋاكېيمياۋ بۇتخانىسى، چىڭ خۇاڭمياۋ بۇتخانىسى قاتارلىقلاردىن بىردىن ئاقساقالنى دائىمىي مۇدىرلىققا كۆرسىتىپ بەردى، شۇنداقلا سودا-سانائەت ساھەسىدىكى ئايرىم داڭلىق سودىگەرلەرمۇ مۇدىرىيەتكە قاتناشتۇرۇلدى. شېڭ شىسەي دىڭ جۈكۈينى خەنزۇ ئۇيۇشمىسى مۇدىرىيىتىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەپ، ئۇنى بۇتخانىلارنىڭ ۋەخپىلىرىنى ئۆتكۈزۈۋېلىشقا ئەۋەتتى. ئۆت-

كۆزۋۋالغان ۋەخىملەر ئۇيۇشما فوندى قىلىندى. دىڭ جو-
كۆيدىن كېيىن شۇجەن (كېيىن ئىسمىنى شۇ بوداغا ئۆز-
گەرتكەن)، لى پېيكى، ليۇ شاۋلى، ليۇ يوڭشاڭ قاتارلىقلار
ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، مۇدىرىيەتنىڭ مۇدىرى بولدى.
ئۇلارنىڭ ئىچىدە دىڭ جۈكۈي، شۇجەن، لى پېيكى قاتار-
لىقلار كېيىنچە شىڭ شىسەي تەرىپىدىن قاماققا ئېلىنىپ
زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى.

1950 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە، ماۋدۇن، جاڭ
جۈگشى، ساكوگلياۋ، دۇجۇگيۈەن، جاۋدەن قاتارلىق ئات-
اغلىق ئىلىم ئەھلىلىرى ۋە سەنئەتكارلار شىنجاڭغا كېلىپ،
چىن تەنچيۇ، ماۋزېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق يولداشلارنىڭ
رەھبەرلىكىدە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى
مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش ۋە مەدەنىيەت، مائارىپ ئىش-
لىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن شۇغۇللاندى. ماۋۇدۇن
قاتارلىقلار كەلگەندىن كېيىن، شىنجاڭدا مەدەنىيەت، مائا-
رىپ ئىشلىرى گۈللەپ ياشنىغان دەۋر بارلىققا كەلدى. ئۇ-
لارنىڭ قاتنىشىشى بىلەن خەنزۇ ئۇيۇشمىسى ناھايىتى جان-
لىنىپ كەتتى. سىجۈەن ئۇيۇشما سارىيى تىياتىرخانا قىلىپ
ئۆزگەرتىلدى. جاۋدەن، يې لۇچيەن، ۋاڭ ۋېيبى، شۇتاۋ
قاتارلىق كىشىلەر بىر تۈركۈم دراما ھەۋەسكارلىرىنى قو-
بۇل قىلىپ، دراما ئۆمىكى تەشكىللەپ، ساۋيۇ، دىڭ لىڭ-
لارنىڭ ئاتاقلىق ئەسەرلىرىنى سەھنىگە ئېلىپ چىقتى.
«كۆرەش» ناملىق دراما تۇنجى قېتىم تاماشىبىنلار بىلەن
يۈز كۆرۈشۈپلا مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

ليۇ شاۋلى خەنزۇ ئۇيۇشمىسىنىڭ خىزمىتىگە رىيا-
سەتچىلىك قىلغاندىن كېيىن، شىڭ شىسەينىڭ پەرمانىغا



بىنائەن، مىس بازىرى، خىچى كوچىسى، كىيىم - كېچەك
بازىرى، ليۇشخاڭ كوچىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى چې-
قىۋېتىپ مەيدان ياسىدى، ھەمدە قۇرۇلۇش باشقارمىسى
قۇردى. خەنزۇ ئۇيۇشمىسى مىس بازىرى، خىچى كوچىسى-
نى چېقىپ قايتا قۇرۇش ئىشىغا مەسئۇل بولدى. قۇرۇلۇش
باشقارمىسى كىيىم - كېچەك بازىرى، ليۇشخاڭ كوچىسىنى
چېقىپ، قايتا قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش ئىشىغا مەسئۇل بول-
دى. قۇرۇلۇش باشقارمىسى ئۈرۈمچى شەھرىنىڭ يېڭى پە-
لانىغا ئاساسەن، چاڭجياڭ يولى، خۇاڭخې يوللىرىدا دۇ-
كان ياساپ، ئۆيلىرى چېقىلغان ئائىلىلەرنى يېڭى ئورۇن-
غا يۆتكەپ تىجارەت قىلدۇردى. ئەينى ۋاقىتتا، چاڭجياڭ،
خۇاڭخې يوللىرى پۈتۈنلەي چۆللۈك بولۇپ، ئادەمزات
ئاياغ باسمىغانىدى. سۇ مەنبەسىمۇ يوق ئىدى. بۇ جاينى
ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ھۆكۈمەت 2 مىليون 600 مىڭ يۈەندىن
كۆپرەك پۇل ۋە نۇرغۇن ئەمگەك كۈچى ئاجراتتى. لېكىن
قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن كىشىلەر بۇ جايغا كۆچۈشكە
ئۇنىماي، كېيىنكى ۋاقىتقا بارغاندا ئاندىن ئاستا - ئاستا
كۆچۈپ بېرىشقا باشلىدى. خەنزۇ ئۇيۇشمىسى خۇاڭچېڭنى
ئائىلىلىكلەر ئولتۇرۇشلۇق جاي قىلىپ بېكىتىپ، مىس بازىرى،
خىچى كوچىدىكى ئۆيلىرى چېقىلغان ئائىلىلەرنى ئورۇنلاش-
تۇرۇشقا مەسئۇل بولدى. خۇاڭچېڭ يەر يۈزى ئېگىز -
پەس كەتكەن قاقاس جاي بولۇپ، قۇرۇلۇش ۋەزىپىسى
ناھايىتى جاپالىق ئىدى. خەنزۇ ئۇيۇشمىسى فەن جۇيىنى
قۇرۇلۇشنىڭ ئومۇمىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا بەلگىلىدى.
فەن جۇيى سەنشى ئۇيۇشما سارىيىنىڭ مۇدىرى ئىدى.
ئۇ سەنشىلىك بولۇپ، مالىيە ئىشلىرىنى ئوبدان باشقۇرات-

تى، ئۆزى سەزگۈر ئىدى. فەن جۈيى كۆپچىلىكنىڭ ئۇ-
سۇلىنى يەردە قويماي، بىر يۈرۈش كۈچلۈك تەدبىرلەرنى
قوللاندى. مەسىلەن، ئۆز ئورنىدىكى ماتېرىياللاردىن پاي-
دىلىنىپ، خۇمدان ياساپ پىششىق خىش كۆيدۈردى. چې-
قىلغان ئۆيلەردىن چىققان ياغاچ ماتېرىياللارنى تۈرگە
بۆلۈپ، ھەممىسىدىن لايىقىدا پايدىلاندى، ھەم نەنسەنلىك
چارۋىچىلار كېسىپ ئەكەلگەن ياغاچ ماتېرىياللارنى سېتىۋ-
الدى. قانچىلىك ماتېرىيال تەييار بولسا شۇنچىلىك ئۆي
سېلىندى. ھەر بىر كورپۇسقا يەتتە ئېغىزدىن ئۆي سېلىنىپ
بىر ھويلا شەكىللەندى. ھەر بىر كورپۇسنىڭ ئارىلىقىدىن
يول ئۆتۈپ مۇۋاپىق ئورۇن قالدۇرۇلۇپ، جەمئىي 70 كور-
پۇس، 490 ئېغىز ئۆي سېلىندى. بۇ ئۆيلەر ئۈچۈن ئارانلا
40 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك پۇل ئىشلىتىلدى. بۇ خىراجەت
ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇش باشقارمىسى ئىشلەتكەن خىراجەتتى
بىلەن ئاسمان - زېمىن پەرق قىلاتتى. خۇاڭچېڭدا يېڭى-
دىن قۇرۇلغان ئائىلىلىكلەر ئورنى بازارغا يېقىن ۋە سو-
دا - سېتىق ئىشلىرى ئۈچۈن قولايلىق ئىدى. ئۆيلىرى
بۇزۇۋېتىلگەن ئائىلىلەرنىڭ ھەممىسى ئىچى - ئىچىدىن
خۇشال بولۇشۇپ، رازىلىق بىلەن يېڭى ئۆيلەرگە كۆ-
چۈپ باردى.

خەنزۇ ئۇيۇشمىسى بۇتخانا، ئۇيۇشما سارايلارنىڭ
ۋەخپىلىرىنى ئۆزىگە ئۆتكۈزۈۋالغاندا بىر تۈركۈم ئاسارە -
ئەتىقە، ئۈنچە - مەرۋايىت، قاشتاش ئۇسكۇنىلەر ۋە ئا-
تاقلىق رەسساملار سىزغان رەسىملەر، شۇنداقلا ھەر خىل
نۇسخىدىكى بۇددا نوملىرىنىمۇ ئۆتكۈزۈۋالغانىدى. كىشىلەر-
نىڭ كۆرۈشى ئۈچۈن بەش چوڭ زال سېلىپ كۆرگەزمىخا-



نا ئاچتى. 1944 - يىلى قىشتا ئۈرۈمچى شىنگۇاڭ توك ئې-
لېكتر شىركىتى پايپىكلار يىغىنى ئاچماقچى بولۇپ بۇ
زاللارنى ئىجارىگە ئالغانىدى. يىغىن ئېچىشنىڭ ئالدىنقى
كۈنى ئۆيلەرنى ئىسسىتىش ئۈچۈن ھەممە تام مەشلەرگە
ئوت قالىغانىدى. كېچىدە دېجۇرنى ئادەم بولمىغانلىقى
ئۈچۈن، يېرىم كېچىدە تۇساتتىن ئوت كېتىپ، قىممەتلىك
ئۇسكۇنە ۋە كىتاب، رەسىملەرنىڭ ھەممىسى كۆيۈپ تۈ-
گىدى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئوت كېتىشنىڭ سەۋەبى
بۇددا دىنىي كىتابلىرى قويۇلغان جاي تام مەشكە يېقىن
بولۇپ، مەشنىڭ ئىسسىقى بىلەن ئوت كەتكەن ئىكەن. يە-
نە ئاڭلىشىمچە، جىمسادىن كولاپ چىقىلغان بىر مۇميامۇ
مۇشۇ چاغدا كۆيۈپ كەتكەن.

ھازىرقى دېموكراتىيە يولىدىكى 2 - باشلانغۇچ مەك-
تەپنى خەنزۇ ئۇيۇشمىسى قۇرغان. ئارقىدىن ئۆلكىلىك ھۆ-
كۈمەت خەنزۇ ئۇيۇشمىسىغا زور مىقداردا پۇل ئاجرىتىپ،
بېيىمىڭ سىفەن مەكتىپىنىڭ بىناسىنى سېلىشقا مەسئۇل قىل-
دى. خەنزۇ ئۇيۇشمىسى ۋاڭ دۈنەن باشچىلىقىدىكى بىر
گۇرۇپپىنى ئۇسكۇنە - جابدۇق سېتىۋېلىش ئۈچۈن كۆپ
پۇل بىلەن لەنجۇغا ئەۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار پۇل-
نى ئۆزلىرىنىڭ چۆنتىكىگە سېلىپ يوق قىلغان.

شىمالىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا خەنزۇ ئۇ-
يۇشمىسى بار بولۇپ، كۆلىمى چوڭراقلىرى گۇچۈڭ، ماناس،
غۇلجا قاتارلىق جايلاردىكىسى ئىدى. بۇنىڭدىكى سەۋەب،
بۇ جايلاردىكى بۇتخانىلارنىڭ مۈلۈك ئىقتىسادىي خېلى كۆپ
بولۇپ، مەبلەغ تولۇق ئىدى.

1936 - يىللىرى، دۇكبىيلىق سۇڭ شياۋبۇ قەشقەر يې-

گىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى بولۇپ تۇرغاندا، خەنزۇ ئۇيۇشمىسى تەسىس قىلىنغانىدى. ئۇنىڭ توساق تېمى ۋە چوڭ دەرۋازىسى، ئۈچ ئېغىز زالى بولۇپ، خەنزۇلارنىڭ يىغىن ياكى توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرى ئومۇمەن مۇشۇ قورۇدا ئۆتكۈزۈلەتتى. قورۇنىڭ ئارقىسىدىكى بوش يەردە بىر گۈللۈك بىنا قىلىنغان بولۇپ، گۈللەرنىڭ تۈرى خېلى جىق ئىدى. قارىياغاچ، تال، تېرەك قاتارلىق دەل - دەرەخلەر تىكىلگەنىدى. بىر پارچە يەر تۈزلىنىپ ۋاسكىتبول مەيدانى قىلىندى، تاشلاندۇق توپىلارنى دۆۋىلەپ بىر راۋاق ياسالدى. ھەر يىلى يازدا بۇ يەرگە كېلىدىغان ساياھەتچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. يېڭىشەھەر ناھىيىسىدە بۇرۇن گەرچە بۇتخانىلارنىڭ ئۆز ئالدىغا مۈلكى بار بولسىمۇ، لېكىن نەچچە قېتىملىق ئۆزگىرىش ۋە ئۇرۇش ئاپىتى دەستىدىن بۇتخانىلار ۋەيران بولۇپ كەتكەنىدى. مۇشۇ سەۋەبتىن خەنزۇ ئۇيۇشمىسىنىڭ مەبلىغى يېتىشمەيتتى. مەن قەشقەر باج ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ تۇرغان چاغدا، سوۋېت - شىنجاڭ سودا شىركىتىنىڭ دىرېكتورى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، خەنزۇ ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىچىدە بىر ماگىزىن ئاچقانىدۇق. مالنى سودا شىركىتى تەمىنلىدى. قەرز پۇلنى بانكا چىقاردى. مالنى توپ ئېلىشتا باھا تۆۋەن بولغاچقا، پايدىسى كۆرۈنەرلىك بولغانىدى. بۇ كىرگەن پايدا بىلەن كۆلىمى خېلى چوڭ بولغان بىر كۇلۇب سېلىندى. ئۇنىڭ دەم ئېلىش ئۆيى، گىرىم قىلىش بۆلۈمى ھەممە بىر قەۋەتلىك بەش ئېغىز ئۆيى بار ئىدى. يېڭىشەھەر ناھىيىلىك سودا ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى گاۋ خۇسىڭ چوڭ پەردە تەقدىم قىلدى.



كۇلۇبنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئامانلىقنى ساقلاش ئۈچۈن، ھەر قېتىم پائالىيەت كۈنى بولغاندا ئوقۇغۇچىلاردىن تەشكىللەنگەن ئىزچىلار تەرتىپ ساقلايتتى. مەن يەر بېجىدىن بىر قىسىم پۇلنى تۇتۇپ قېلىپ، ئىزچىلارغا بىر يۈرۈش كىيىم تىكتۈرۈپ ئىئانە قىلغانىدىم. قەشقەر مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لى جۈلياڭ يولداش ماۋ زېمىن بىلەن بىرگە شىنجاڭغا كىرگەن بولۇپ، خەنزۇ ئۇيۇشمىسى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش تەشۋىقات پائالىيىتى ئېلىپ بارغاندا ئۇمۇ كېلىپ قاتناشتى ھەم ئۆزى ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ناخشا ئۆگەتتى. «مايدا ئېچىلغان گۈل» ناملىق ناخشىنىڭ شىمالىي چېگرا رايونىدىكى مۇھىم شەھەرلەردە ياڭرىشى تامامەن لى جۈلياڭنىڭ مېھنىتىدىن بولغانىدى.

خەنزۇ ئۇيۇشمىسىنىڭ پائالىيىتى كۈندىن - كۈنگە يۈكسىلىۋاتقاندا، توساتتىن ئاتالمىش «چوڭ سۇيىقەستلىك توپىلاڭ ئەنزىسى» يۈز بېرىپ، پۈتۈن شىنجاڭدا نۇرغۇن كىشىلەر ناھەق ئەيىبلەندى. دۇجۇڭيۈەن، جاۋدەن قاتارلىقلار قولغا ئېلىندى. يولداش چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇلار تېخىمۇ ساق قالمىدى. شۇ ۋاقىتتا شىنجاڭدىكى ھەر بىر ئادەم خەۋپ ئىچىدە قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە باشقۇرۇش ياخشى بولماي، ئۆيلەر ئۇزۇن يىللارغىچە رېمونتسىز قالدى. مۇنداق ئەھۋالدا خىزمەتنى داۋاملاشتۇرۇش قىيىن ئىدى. ئۈرۈمچىنىڭ ئەھۋالىمۇ شۇنداق ئىدى. شۇندىن ئېتىبارەن خەنزۇ ئۇيۇشمىسى خارابىلىشىشقا باشلىدى.

## 2. ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى

ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى نەنمىڭنىڭ سىرتىدا بولۇپ، ئورنى ھازىرقى مەدەنىيەت كىنوخانىسىدا ئىدى. ئۇلار يەنە نەنگۇڭيۈەندىكى ئۇيغۇرلار زىچ ئولتۇرۇشلۇق رايوندا بىر نەچچە باشلانغۇچ مەكتەپ ئېچىپ، ئوقۇش يېشىغا توشقان ئۆسمۈرلەرنى بىلىم ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. جەنۇبىي شىنجاڭدا بولسا، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ ئاكتىپلىق بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيە ۋە يېزىلاردا ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتەپلىرى خېلى دەرىجىدە ئومۇملاشقان ئىدى. 1936 - يىلى مەن مالىيە نازىرى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرگىلى بارغىنىمدا، كىشىنى خۇشال قىلىدىغان بۇ ئەھۋالنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ياڭ زېڭشىننىڭ دەۋرىدە بۇيرۇق چۈشۈرۈش ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلاردىن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنى ئۆلكە مەركىزىگە ئوقۇشقا قوبۇل قىلاتتى. قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى ناھايىتى ئاز بولۇپ سىفەن كۇرسىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئالدى بىلەن بۆلۈم خادىمى بولۇپ، كېيىن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ناھىيىلەرگە ئەۋەتىلىپ ھاكىملىق ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالاتتى. مىنگونىڭ 9 - يىلى ياڭ زېڭشىن تۆت يىللىق سىنىپتىن بىر سىنىپ ئېچىپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى تاھىر، يونۇس ئىسىملىك ئىككى نەپەر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن



كېيىن، يەنە رۇسچە سىياسىي قانۇن مەكتىپىگە بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىلگەنىدى. كېيىنچە يونۇس بەگ سانائەت كان نازىرى بولدى. بىر تۈركۈم ئوقۇغۇچىلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلى بولدى. خۇشۇكاڭ مالىيە نازارىتىغا نازىر بولدى.

1939 - يىلى مەن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ يېڭىشەھەر ۋە يەكەن ناھىيىلىرىگە ھاكىم بولدۇم. مەن يېزىلارغا چۈشۈپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغىنىمدا ئۇيغۇر مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇشقا قارىتا ئاممىنىڭ تونۇشىنىڭ ئۆسكەنلىكىنى كۆردۈم. لېكىن قوللىنىلغان دەرسلىك ماتېرىياللار مۇۋاپىق ئەمەس بولۇپ، بەزى ماتېرىياللارنى ئۆزلىرى تۈزۈپ ئىشلىتەتتى. مەسىلە ھەقىقەتەنمۇ كۆپ ئىدى.

قەشقەر كونىشەھەرلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىك خەنزۇ ئۇيۇشمىسىنىڭ مەبلەغ توپلاپ كۇلۇب سالغانلىقىغا ناھايىتى ھەۋەس قىلدى. ئەينى ۋاقىتتىكى قەشقەر ھەربىي قوماندانى جياڭ يۈفېڭ مەمۇرىي باشلىق ۋاڭ باۋچيەن (كېيىن ئىسمىنى ۋەن شيەنتىڭ قىلىپ ئۆزگەرتكەن)، مامۇت سىجاڭلارمۇ ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا كۇلۇب سېلىش تەكلىپىنى بەرگەن بولۇپ، مامۇت سىجاڭنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بېرىشى بىلەن ئۇيغۇر ئۇيۇشما كۇلۇبى سېلىندى. ھازىرقى قەشقەر شەھەرلىك خەلق كىنوخانىسى بۇرۇنقى كۇلۇب ئاساسىدا ئۆزگەرتىلگەن.

ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ كىرىمى ئاساسەن ئۆشرە زاكات يىغىشتىن كېلىدىغان بولۇپ، مامۇت سىجاڭمۇ ياردەم قىلىپ تۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەينى ۋاقىتتا مەبلەغ خېلى كەڭرى ئىدى، كېيىن مامۇت ھىندىستانغا قېچىپ كەتتى. ئۇي-

غۇر دېھقانلىرى بولسا باج تاپشۇرۇشقا قارشى چىقىپ، مەبلەغنىڭ كېلىش مەنبەيى بولمىغانلىقتىن ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى راۋاجلىنالماي قالدى.

## 3. خۇيزۇ مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى

خۇيزۇ ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغلاردا، شىڭ شىسەي بارلىق مەسچىتلەرنىڭ ۋەخپە مۈلۈكلىرىنى توپلاپ، خۇيزۇ مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئىشلەتمەكچى بولدى. لېكىن ھەرقايسى مەسچىتلەرنىڭ بۇنىڭغا بولغان پوزىتسىيىسى ناھايىتى پاسسىپ بولۇپ بەزىلىرى ئاز - تولا پۇل بەرگەن بولدى، بەزىلىرى زادى بولمىغاندا ئاندىن ئانچە - مۇنچە پۇل بېرىپ قويۇپ بولدى قىلغانىدى. شۇ سەۋەبتىن بۇ ئۇيۇشمىنىڭ پائالىيىتى باشقا ئۇيۇشمىلارنىڭ ئارقىدا قالدى. خۇيزۇ خەلقىنىڭ تۇرمۇشى بىر قەدەر تەس بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۇششاق ئوقەت قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىپ كۈن كەچۈرەتتى، ئۇلاردا ساۋاتسىزلار كۆپرەك ئىدى. خۇيزۇ ئۇيۇشمىسى بۇ ئەھۋالغا ئاساسەن قەتئىي نىيەتكە كېلىپ مەكتەپ ئېچىش ئىشىنى يولغا قويۇپ، ئات بازىرى ۋە شياۋدۇڭلياڭدا كەينى-كەينىدىن باشلانغۇچ مەكتەپ سالدى. ئارقىدىنلا چوڭ كۆۋرۈكتە يەنە بىر مەكتەپ ئېچىلىپ، قۇرئانمۇ بىر دەرسلىك قىلىپ كىرگۈزۈلگەنىدى.

شىڭ شىسەي چوڭ قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىۋاتقان مەزگىلدە خۇيزۇ مەدەنىيەت مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا كۈچ چىقارغان نۇرغۇن يۇقىرى قاتلامدىكى كىشىلەر



مەسىلەن، لەن يەنشۇ، يۈ جىڭگو، مادەن لۇ، سۇ جىڭشۇ ۋە سوۋېتتە ئوقۇپ كەلگەن قىسمەن ئوقۇغۇچىلار زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى.

## 4. شىبە، سولون، مانجۇ مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى

1940 - يىلى شىڭ شىسەي تەمىرات نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى ليۇ دېيىن قاتارلىقلارغا شىبە، سولون، مانجۇ مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنى قۇرۇش ئىشىنى تاپشۇردى. مەن ئۇيۇشمىنى قۇرۇش ئىشىغا ياردەملەشتىم ۋە گۈچۈڭ، چاپچال شۆبە ئۇيۇشمىسى قۇردۇق. گۈچۈڭدا ئاساسەن مانجۇلار، چاپچالدا شىبەلەر، قورغاس ۋە چۆچەكتە سولونلار ئولتۇراقلاشقانىدى. سولون مىللىتىدىن تۇشىچۈن ھەيئەتلىكتە، ليۇ دېيىن بىلەن ئەن زىيىڭلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا مۇدىر ۋە مۇئاۋىن مۇدىر ھەيئەتلىكلىكىگە تەيىنلەندى. ئەن زىيىڭ شىبە بولۇپ، جاھانگىرلارغا قارشى ئۇيۇشمىسىدا بۆلۈم باشلىقى، مەن مۇئاۋىن مۇدىر ھەيئەت ئىدىم. 1940 - يىلى كۈزدە ليۇ دېيىن قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، مەن مۇدىر ھەيئەت، تۇشىچۈن مۇئاۋىن مۇدىر ھەيئەت بولدۇق. مەن قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن ئۇيۇشمىنىڭ خىزمىتى بىر مەزگىل توختاپ قالدى. كېيىن شىبە مۇجىڭئا ھۆكۈمەتتىن خىراجەت تەلەپ قىلىپ ئېلىپ، مەدەنىيەت يولىدا بىر قورۇ جاي سېتىۋېلىپ ئۇيۇشمىنىڭ ئورنى قىلدى. لۇجىڭئا بىلەن ۋۇيۇنجۇ ئايرىم - ئايرىم ھالدا مۇدىر ھەيئەت ۋە مۇئاۋىن مۇدىر ھەيئەت بولدى. ۋۇيۇنجۇ مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى ئىدى. ھەر

قىتىملىق يىغىندا ئۇ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى سەپەرۋەر-
لىك سۆزى سۆزلەپ، ھېيت - بايرام كۈنلىرىگە ماسلاش-
تۇرۇپ تەشۋىقات پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ باراتتى.

گۇاڭشۈ يىللىرى زوزۇڭتاڭ خۇنەن، ئەنخۇي ئەسكەر-
لىرىنى ۋە سەككىز ئايماق ئەسكەرلىرىنى شىنجاڭغا باشلاپ
كىرىپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، چىتەي، ئۈرۈمچى، كۇرە قاتار-
لىق ئۈچ ئورۇندا مانجۇ شەھىرى بىنا قىلىنغانىدى. مانجۇ-
لار پۈتۈن شەھەر ئاھالىسىنىڭ $\frac{1}{4}$ قىسمىنى ئىگىلەيتتى.
ئۇلار خان مىللىتى بولغاچقا، مەنچىڭنىڭ شەھەر ئوتتۇرى-
سىغا ئالايىتەن بىر دۇمباق راۋىقى ياسىدى. بۇ جاي
شەھەرنىڭ ھەممىلا تەرىپىگە تۇتىشاتتى. ئاھالىلەر رايونى-
دىكى ھەر بىر قورۇغا ئۈچ ئېغىز كۆنگەي ئۆي، ئىككى ئېغىز
تەسكەي ئۆي سېلىنغان بولۇپ، كىمگە بۆلۈپ بېرىلسە،
مۈلۈك ھوقۇقى شۇنىڭ ئىلكىگە ئۆتەتتى. بۇ، خان ئىلتىپا-
تى ھېسابلىناتتى. مانجۇلار ئاھالىلەر نۇقتىلىرىنى كېڭەيتىش
ئۈچۈن ئاۋۋال بارىكۆلدىكى مانجۇلارنىڭ ھەممىسى تۇرپان-
غا يۆتكىلىپ، كېيىن گۇچۇڭغا مەركەزلەشتۈرۈپ، سەككىز
ئايماق بويىچە رايونلارغا بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. ھەر
بىر ئايماققا بىردىن باشلىق تەيىنلەنگەن بولۇپ، شۇ يو-
سۇندا ھەرقايسى ئايماقلارنى باشقۇراتتى. گۇچۇڭنى قوغ-
دىغۇچى قىسىملارنىڭ قوماندانى ئۇلارنى ئومۇمىي جەھەت-
تىن باشقۇراتتى.

شۈەنتۇڭ خان تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن، ياڭ
زېڭشىن يەنىلا كونا قائىدە بويىچە ئۇلدا ئىككى يىل ئاش-
لىق خىراجىتى تەمىناتىنى تارقاتقانىدى. مىنگونىڭ 3 -
يىلىغا كەلگەندە يەنە بىر يىللىق خىراجەت تارقىتىلدى.



مىنگونىڭ 4 - يىلى ياڭ زېڭشىننىڭ ئىلتىپاتى بىلەن، ئەس-
كەرلەرنىڭ ئۈچ يىللىق مۇئاشىنى بىر قېتىمدىلا تارقىتىپ
بەردى. بۇنى كىشىلەر «مېھرى مائاش» دەپ ئاتاشتى.
سەككىز ئايماق مانجۇ ئەسكەرلىرى ئىشلەمچى چىشلەپ،
تەييارغا ھەييار بولۇش ئادىتىگە ئۆگىنىپ قالغانلىقتىن،
ئۆي مۈلۈكلىرىنى سېتىۋېتىپ، جاي - جايلاردا تىرىكچىلىك
قىلىدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدى. گۇچۇڭدا بىر قېتىم
چاشقان ۋاباسى تارقىلىپ مانجۇلار شەھىرىنىڭ شىمالىي
جەنۇبىي تەرىپىدىكى ئاھالىلەر بۇ ۋاباغا گىرىپتار بولۇپ،
نۇرغۇن ئادەم ھاياتىدىن جۇدا بولدى، ئۆلگەنلەر
تەخمىنەن پۈتۈن شەھەردىكى ئاھالە نوپۇسىنىڭ $\frac{4}{5}$ قىسمى-
نى ئىگىلىگەنىدى. بۇنىڭ بىلەن مانجۇلارنىڭ ئادەم سانى
كۆپ ئازىيىپ كەتتى. ياڭ زېڭشىن مانجۇلارغا ھەقىقەتەن-
مۇ ئالاھىدە ئېتىبار بېرەتتى. مەسىلەن، بىرەر مانجۇ بالىسى
ئوقۇشقا كىرسە، ناھىيە ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا ھەر ئايدا 30
جىڭ ئۇن قوشۇپ بېرىپ ئۇلارنىڭ تېخىمۇ ياخشى ئوقۇشى
ئۈچۈن يارىيۆلەك بولاتتى. مىنگونىڭ 5 - يىلىدىن 9 -
يىلىغىچە بولغان بۇ توققۇز يىل ئىچىدە ھەر ئىككى يىلدا
بىر قارار سىنەن كۇرسى ئېچىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ 1 -، 2 -،
3 -، قارارىدا ئوقۇغانلار پۈتۈنلەي مانجۇ ئوقۇغۇچىلىرى
ئىدى. مىنگونىڭ 9 - يىلىدىن باشلاپ يەنە بىر تولۇقسىز
سىنىپ ئېچىلدى. بۇ سىنىپنى پۈتتۈرگەنلەر سىياسىي قانۇن
مەكتىپىگە كىرىپ ئوقۇدى. مەن ۋە ئاكام ليۇ دېمىن، ئىنىم
ليۇدېجۈنلەر قوشۇمچە ياردەم ئالىدىغانلار-
دىن ئىدۇق. شىڭ شىسەي چوڭ قىرغىنچىلىق ئېلىپ
بارغاندا، مانجۇلارمۇ ئوخشاشلا زىيانكەشلىككە

ئۇچرىدى. لىيەن جۇن، لىيەن جىڭ، لىيەن ۋىي قاتارلىق ئاتا - بالا ئۇچۇيلەن ۋەھشىلىك بىلەن ئۆلتۈرۈلدى. مانجۇلارنىڭ تىل - يېزىقى خەنزۇلار بىلەن توپلىشىپ تۇرۇپ ئاستا - ئاستا يوقىلىپ كەتتى. ھازىر مانجۇلار ئىتتىپاق بىرلەشكەن ئازسانلىق مىللەتلەر قاتارىغا كىرمەيدۇ.

## 5. موڭغۇل مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى

موڭغۇل ئۇيۇشمىسى بۇرۇنقى خەنۋاڭ سارىيى ئورنىغا قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ جاي قارا شەھەردىكى مەنخەن ۋاڭنىڭ ئۇرۇمچىدە سالدۇرغان سارىيى ئىدى. ئۇرۇمچىدە موڭغۇللار ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن، شىبەلەردىن مودېكى، ئەردېنى ۋە مىنى تەييارلىق خىزمەتكە تەيىنلىدى. شېڭ شىسەي تەختىگە چىققاندىن كېيىن بىز بەزى كۆكۆل ئىچىش پائالىيەتلىرىنى، مەسىلەن، موڭغۇلچە ئۇسسۇل ئويناش، موڭغۇلچە ناخشا ئېيتىش، ئوچۇق ئويۇن قويۇش قاتارلىقلارنى ئويۇشتۇرغان ئىدۇق. موڭغۇللار ئاساسەن خوتۇنسۇمۇل، خۇشۇت، ئالتاي ۋە چۆچەككە قاراشلىق تۆتئاغاچ قاتارلىق جايلارغا ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ئۇلارنىڭ ئاقساقىلى خېلى بۇرۇنلا ۋاپات بولۇپ كەتكەن بولۇپ، چۆچەكتىكى قۇبۇق قەبىلىسىدىن فۇجىڭ چياۋجيايۇ ۋاكالىتەن ۋارىسلىق قىلغانىدى. خەلقلەر ئۇنى ئادەتتە چياۋجىنۋاڭ دەپ ئاتىشاتتى. ھايات بۇت شالۋا ئىدى. قارا شەھەردىكى موڭغۇللارنىڭ ئاقساقىلى شىلىكى بىلەن مانچۇك جابۇ ئىدى. ئالدىنقى ئادەم بولسا شېڭ شىسەينىڭ



تۈرمىسىدە ئۆلۈپ كەتكەن. يەنە بىرسى روھىي كېسەل بولۇپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن فۇجىڭ، ئوجىڭبىڭ ۋە شىمۇجىڭلار موڭغۇللارنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرغانىدى. خەنۋاڭ ۋەمەن قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن خەنۋاڭ سارىيى 5 - تۈرمە قىلىندى. موڭغۇل ئۇيۇشمىسى نەنبېگىنىڭ سىرتىغا جايلاشقان بۇرۇنقى بايلىق ئىلاھى بىناسىنىڭ يېنىغا يېڭى ئۇيۇشما سالدى. چۆچەك تۆتئاغاچتىكى تىرىك بۇت شەلۋە ئاغرىپ ۋاپات بولغاندىن كېيىن چياۋ جياۋيۇ چىڭخەيگە بېرىپ تىرىك بۇت بەنچەندىن شالۋانىڭ كېيىنكى ئىز باسارىنى بېكىتىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلغان. كۆچمەن چارۋىچىلىق رايونلىرىنى زىيارەت قىلىش ۋە ئىزدەش ئارقىلىق ئاندىن ھازىرقى شالۋا بېكىتىلگەنىدى. ئۇ ئازادلىقتىن كېيىن بېيجىڭ مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا بارغان. ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۇرۇن بالغۇنتاي بىلەن خوتۇنسۇمۇلدا ئىككى لاما بۇتخانىسى بولۇپ ئۇنىڭدا بۇددا نومىنى ئۆگىنىپ تەفسىل قىلىدىغان ئوقۇغۇچىلار بار ئىدى، كېيىنچە بۇ بۇتخانىلارمۇ تاقىلىپ قالدى.

## 6. قازاق مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى

قازاق ئۇيۇشمىسى كېيىنرەك قۇرۇلغان. ئۇرۇمچىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغلىقتا ئاز ساندا قازاقلار ئولتۇراقلاشقانىدى. مىنگونىڭ 13 - يىلى ياڭ زېڭشىن سىفەن مەكتەپتە تونجى قېتىم تولۇق پەن سىنىپى ئاچقاندا، ئاباۋ، مورلى

ئىسىملىك ئىككى نەپەر قازاق ئوقۇغۇچى بار ئىدى. ئاباۋ كېيىن ج خ باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى بولدى. مورلۇ كېسەل سەۋەبى بىلەن ئۆلۈپ كەتتى. قازاقلارنىڭ كۆپىنچىسى ئالتاي، تارباغاتاي ۋە ئىلىدىكى جۇڭگو سوۋېت چېگرىسىدىكى ھەرقايسى ناھىيىلەردە مەسىلەن، نىلقا، قورغاس، تېكەس، موڭغۇلكۈرە قاتارلىق جايلاردا ئولتۇراقلاشقان. قازاقلار جۇڭگو قازاقلىرى ۋە روسىيە قازاقلىرى دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنەتتى. جۇڭگو قازاقلىرى جۇڭگو - سوۋېت چېگراسىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن چارۋىچىلار بولۇپ، ئۇلار ئەۋلادتىن - ئەۋلات جۇڭگو زېمىنىدا ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن. روسىيە قازاقلىرى مىڭگونىڭ باشلىرىدىن چار پادىشاھنىڭ ئىزىشىگە قارشىلىق كۆرسىتىپ، جۇڭگو - سوۋېت چېگرىسىدىكى جايلارغا كۆچۈپ چىققانلار بولىدۇ. يەنە بىر قىسمى بولسا روسىيە ئىنقىلابى مەزگىلىدە يولغا قويۇلغان ئەسكەر ئېلىش تۈزۈمىنى چۈشەنمىگەنلىكتىن شىنجاڭغا كۆچۈپ چىققانلار بولىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئۈچتۇرپان، ئاقچى، كەلپىن، ئۇلۇغچات، يېڭىساردىكى قىرغىز چارۋىچىلارنىڭ ئەھۋالى روسىيە قازاقلىرىنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاپ كېتەتتى. ئۇلار شىنجاڭغا قېچىپ كەلگەندىن كېيىن، يەرلىك چارۋىچىلار بىلەن يايلاق ۋە سۇ مەنبەيى تالاشتى. ياڭ زېڭشىن توقۇنۇش سادىر بولۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، بۇرۇنقى چارۋىچىلارنى گۈچۈڭ، جىمسار، مورى، ساۋەن، ماناس قاتارلىق ناھىيىلەرگە ئورۇنلاشتۇردى. كۇچا، شايار، باي قاتارلىق ناھىيىلەرگىمۇ ئورۇنلاشتۇرغانىدى. روسىيە ئىنقىلابى غەلىبە قازانغاندىن كېيىن قېچىپ كەلگەن روسىيە قازاق، قىرغىزلىرى ئىلگىرى - كې-



يىن بولۇپ قايتىپ كەتتى.

ياڭ زېڭشىننىڭ دەۋرىدە، موڭغۇل، قازاق مەكتەپلىرى ئېچىلغان بولۇپ، جىن شۇرېن ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان ۋاقىتتا، موڭغۇل، قازاق مەكتەپلىرى خوتەن يولى ئەتراپىغا كۆچتى. بۇ چاغدىكى مەكتەپ مۇدىرى خۇنەنلىك تەن فىڭيى دېگەن كىشى ئىدى. شېڭ شىسەي ۋاقتىدا، خې شىجۇن مەكتەپكە مۇدىر بولدى.

قازاق ئۇيۇشمىسىنىڭ خىراجىتى كەمچىل بولغانلىقتىن، خىزمەتلەر ئانچە جانلىق ئېلىپ بېرىلمىغانىدى.

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلگەن ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى ئازادلىقتىن كېيىن ئۆزگەرتىلىپ شىنجاڭدا تىنچلىقنى، خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىغا قوشۇۋېتىلدى. كېيىن ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭدا تىنچلىقنى، خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى ئۆزىنىڭ تارىخىي بۇرچىنى ئادا قىلغان بولۇپ تارقىلىپ كەتتى.

(پولات ئابلىز سەمى تەرجىمىسى)

# شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ قىسقىچە تارىخى

خې گېڭگۇاڭ

## 1

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دەسلەپكى گەۋدىسى شىنجاڭ ئىنستىتۇتى بولىدۇ. شىنجاڭ ئىنستىتۇتى بولسا مىنگونىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە قۇرۇلغان شىنجاڭ رۇسچە، سىياسىي قانۇن ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ رۇسچە سىياسىي قانۇن مەخسۇس مەكتىپى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. راۋاجلىنىش جەريانىدا ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 60 يىلدىن كۆپرەك ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى.

1884 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن خۇتەن ئارمىيىسىنىڭ ئەمەلدارى ليۇ جىنتاڭ شىنجاڭنىڭ ھەربىي - مەمۇرىي ۋالىيسى (ئۆلكە باشلىقى) بولىدۇ ۋە ئورۇمچىنىڭ بېيلياڭ شويۈەن كوچىسى بويىدا بىلىم يۇرتى ئاچىدۇ. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، مىنگونىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئورۇمچى ئوتتۇرا دەرىجىلىك شۆتاڭ، يەنە كېيىنكى كۈنلەردە ئۆلكىلىك بىرىنچى ئوتتۇرا مەكتەپ قىلىپ ئۆزگەرتىلىدۇ.



1924 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ دۇدۇسى ۋە ئۆلكە باشلىقى ياڭ زېڭشىن ئىلگىرىكى بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ كادىر يېتىشتۈرۈپ بېرىشكە بېقىنىش ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ، جەددىي كېرەكلىك بولۇۋاتقان مەمۇرىي، تاشقى ئىشلار، ئەدلىيە جەھەتتىكى ئىختىساس ئىگىلىرىنى شىنجاڭ ئۆزى تەربىيىلەش ئۈچۈن، ئۆلكىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ غەربىي يېرىم تەرىپىنى ئاجرىتىپ رۇسچە، سىياسىي قانۇن مەخسۇس مەكتىپى قۇرۇشنى قارار قىلىدۇ. ئۆلكىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنى ئەلا پۈتتۈرگەن 32 ئوقۇغۇچى تاللىنىپ بۇ مەكتەپنىڭ 1 - قارارلىق سىنىپىغا قوبۇل قىلىنىدۇ. مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى ليۇ ۋېنلۇڭ مەكتەپ مۇدىرى بولىدۇ (ليۇ ۋېنلۇڭ «12 - ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشىدىن كېيىن ئۆلكە رەئىسى بولغان. كېيىن شېڭ شىسەي تەرىپىدىن ئۇزۇن يىل نەزەربەنت قىلىنغان، شېڭ شىسەي شىنجاڭدىن كەتكەندىن كېيىن، گومىنداڭ سەنجىڭفۇيىنىڭ ئەزاسى بولغان). ئىككىنچى قارارغا 40 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىدۇ. جاڭ چۈنشى ئىلمىي مۇدىر، لى زېيىن خوجىلىق مۇدىرى بولىدۇ. 1925 - يىلى رۇس تىلى سىنىپىغا يەنە 20 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىدۇ. كېيىن بۇ سىنىپ تەييارلىق سىنىپىغا ئۆزگەرتىلىدۇ. 1928 - يىلى 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى بىرىنچى قاراردىكى ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈرىدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن سىنىپتا زىياپەت ئۆتكۈزۈلۈپ، زىياپەتكە ئۆلكە رەئىسى ياڭ زېڭشىن تەكلىپ قىلىنىدۇ. ئۇ زىياپەتتە سۆز قىلىدۇ ۋە ئوقۇغۇچىلارغا ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىدۇ. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەربىي ئىشلار نازىرى فەن ياۋنەن، ئىلمىي مۇدىر جاڭ چۈنشى بىلەن

بىرلىشىپ سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، ياڭ زىڭشىننى زى-
ياپەت ئۈستىدە ئۆلتۈرىدۇ. مەمۇرىي ئىشلار نازىرى جىن
شۇرېن سىياسىي ئۆزگىرىشنى باستۇرۇپ، فەن ياۋنەن قا-
تارلىقلارنى ئۆلتۈرۈپ شېرىكلىرىنى قامايدۇ (بۇ مەكتەپنىڭ
ئوقۇتقۇچىسى جاڭ شىن خۇبېيلىق بولۇپ، سىياسىي قانۇن
شۆتاڭىنى پۈتتۈرگەن. ئۇ فەن ياۋنەننىڭ يۇرتدىشى ئىدى.
كېيىن شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ مائارىپ نازىرى بول-
دۇ). شۇ يىلى كۆزدە تەييارلىق سىنىپ ئىككىنچى سىنىپقا
قوشۇۋېتىلىدۇ. جىن شۇرېن ئۆلكە رەئىسى بولغاندىن كې-
يىن، رۇسچە، سىياسىي قانۇن مەخسۇس مەكتىپىنى رۇسچە،
سىياسىي قانۇن ئىنستىتۇتى قىلىپ ئۆزگەرتىدۇ. 1931 -
يىلى ئۈچىنچى قارارغا 40 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىدۇ. 1932-
يىلى ئىككىنچى قارارلىق ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈرىدۇ.
بىرىنچى، ئىككىنچى قارارنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆ-
پىنچىسى سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق كونسۇل ۋە ئۆلكىدىكى
ئورگانلاردا ئالىي، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كادىر بولىدۇ. مە-
سىلەن، بىرىنچى قارارنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى يۈي ۋىن-
بىڭ (ئۇيغۇر، يەنى يونۇس بېك)، ماۋەنلۇ (خۇيزۇ) يېزا
ئىگىلىك كان نازارىتىنىڭ نازىرى ۋە مۇئاۋىن نازىرى
بولغان. ئىككىنچى قارارنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى خۇشو-
كاڭ مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، سەي خېڭسىن
مالىيە نازارىتىدە بۆلۈم باشلىقى، ۋاڭ يىڭلۇ تاشقى ئىش-
لار مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ليۇ دېيىن تەمىرات
نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى بولغان. 1933 - يىلى تۆتىن-
چى قارار ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىدۇ. خۇ بىڭجاڭ ئىنستىتۇت
باشلىقى، سەي خېڭسىن ئىلمىي مۇدىرى، ۋاڭ مىندې تەر-



تىپ مۇدىرى، چاڭ لياڭ خوجىلىق مۇدىرى بولىدۇ. 1934 -
يىلى خۇبىڭجاڭ ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىپ، ليۇ گۇاڭخەن
ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈۋالىدۇ.

## 2

1934 - يىلى 7 - ئايدا خې يۈيجۇ شىڭ شىسەينىڭ
تەكلىپى بىلەن شىنجاڭغا كېلىدۇ. ئۇ لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ
كەييۈەن ناھىيىسىدىن بولۇپ، شىڭ شىسەينىڭ يۇرتدىشى
ئىدى. ئۇ ياپونىيە توكيو ئالىي دەرىجىلىك دارىلمۇئەللىمىن-
دە پېداگوگىكا ئىلمىنى ئوقۇغان. شىڭ شىسەي شىنجاڭ-
نىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۆلكىلىك
ھۆكۈمەتكە خې يۈيجۇنى رۇسچە، سىياسىي قانۇن ئىنستىتۇتى-
نىڭ باشلىقلىقىغا كۆرسىتىدۇ.

شىنجاڭدا «12 - ئاپرېل» ئۆزگىرىشىنىڭ يۈز بەرگىنى-
گە بىر يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، ئەمما ئورگان، مەكتەپلەر-
دە يەنىلا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، مىنگونىڭ دەسلەپ-
كى مەزگىللىرىدىكى كونا ئادەتلەر ئۆزگەرمىگەنىدى. مەسى-
لەن، مائارىپ نازارىتىنىڭ چوڭ زالىدا ھاكىمىيەت دۇمبى-
قى بار ئىدى. رۇسچە، سىياسىي قانۇن ئىنستىتۇتىنىڭ
ئىشىكىنىڭ ئىككى تەرىپىگە «مەكتەپ مۇھىم ئورۇن»، «ئىشى
يوقلارنىڭ كىرىشىگە بولمايدۇ» دېگەن خەتلەر يېزىلغان
يولۋاس باشلىق لەۋھە تاختىسى ئېسىپ قويۇلاتتى. مەكتەپ
ئىشچىلىرى ئىنستىتۇت باشلىقىنى «ھەزرەت بېگىم» دەپ
ئاتايتتى. بۇلاردىن شۇ چاغدىكى قالاقلىقنى تولۇق كۆرۈ-
ۋالغىلى بولىدۇ. خې يۈيجۇ ۋەزىپىسى ئۈستىگە ئالغاندىن
كېيىن، مەكتەپنى تەرتىپكە سېلىشقا باشلاپ، مەكتەپنىڭ

كادىرلار ئىشىدا ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقىنى
كېڭەيتىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئوقۇتقۇچىلارنى تەيىنلەش
تۈزۈمىنى تەكلىپ قىلىش تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىدۇ (ئىلگىرى
ئوقۇتقۇچىلار مائارىپ نازارىتى تەرىپىدىن تەيىنلىنەتتى).
چېڭ دۇكبەي (ياپونىيە مىڭجى ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن فا-
كۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن) ئىلمىي مۇدىرلىقتا، ليۇ فۇۋۇ (ياپون-
يە زاۋداتىيەن ئۇنىۋېرسىتېتى سىياسىي ئىقتىساد فاكۇلتېتىنى
پۈتتۈرگەن) تەرتىپ مۇدىرلىقتا، ۋۇ يىمىن كاتىپلىقتا، جاڭ
لياڭ خوجىلىق مۇدىرلىقتا، لى خەنيەن تىزىملىك مۇدىرلىقى-
غا، جاڭ جىڭشەن (خېبېي يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنى
پۈتتۈرگەن) تەرتىپچىلىككە تەكلىپ قىلىنىدۇ. ئوقۇتقۇچىلىققا
ئەسلىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان خۇشۇ كاڭ، سەي خېڭ-
سىن، ليۇ خەنشىڭ (بېيجىڭ چاۋياڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى
پۈتتۈرگەن)، خۇ جىنشەن (خاربىن سىياسىي، ئىقتىساد
مەخسۇس مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن)، كوۋەن چىڭجيەن (شىبەي،
روسىيەدە ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن، رۇس تىلى ئوقۇتقۇ-
چىسى) لەردىن سىرت، يەنە لاڭ داۋخىڭ (ئۆلكىلىك دارىل-
مۇئەللىمىنىڭ باشلىقى) قاتارلىق بىر قانچە كىشى تەك-
لىپ قىلىنىدۇ. خې يۈيجۇ، چېڭ دۇكبەي، ليۇ خوۋۇ، ۋۇ
يىمىنلەرنىڭ ھەممىسى قوشۇمچە دەرس ئۆتىدۇ. شۇندىن
ئېتىبارەن ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى جانلىنىدۇ.

مالىيە جەھەتتە، ئىقتىسادنى دېموكراتىك ھالدا
باشقۇرۇش، مالىيەنى ئاشكارا تۇتۇش يولغا قويۇلىدۇ.
ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرىدىن تەركىب تاپقان
ئىقتىسادنى تەكشۈرۈش ھەيئىتى قۇرۇلۇپ مالىيە خىزمىتىگە
نازارەت قىلىدۇ. بوغالتىرلار مۇدىرى ئەزەلدىنلا مائارىپ



نازارىتى تەرىپىدىن تەيىنلىنەتتى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى
ئەمەلدارلىق سورۇنىدىكى ئەرباپلار ياكى ۋەزىپىسىدىن قال-
غان ھاكىملار بولۇپ، كەسپىنى بىلمەيتتى. ئەينى چاغدى-
كى بوغالتىرلار مۇدىرى ئۆز ۋاقتىدا جىيەنەي ناھىيىسىگە
ھاكىم بولغان ما فامىلىلىك بىر چال ئىدى. ئۇ خىزمەتتى-
نىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغانلىقى ئۈچۈن ۋەزىپىسىدىن
قالدۇرۇلۇپ، ئورنىغا دۇكبېي پىدائىكارلار ئارمىيىسىنىڭ
بوغالتىر كادىرى خې ليەنچېڭ تەكلىپ قىلىنىدۇ.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاماق پۇلى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن
بېرىلىپ، ئىنستىتۇت تەرىپىدىن باشقۇرۇلاتتى ئوقۇغۇچىلارنىڭ
تامىقى خېلىلا ناچار ئىدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاماق پۇلى
ئۆزلىرىگە بېرىلىپ، ئوقۇغۇچىلار ۋەكىلى تاماقنى باشقۇرغان-
دىن كېيىن تاماق تەدرىجىي ياخشىلىنىشقا باشلاندى، ئوقۇ-
غۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش ئاكتىپچانلىقىمۇ زور دەرىجىدە يۇ-
قىرى كۆتۈرۈلدى.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيىسىدىمۇ كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش
بولىدۇ. تەربىيە بېرىش، يېتەكلەش خىزمىتى كۈچەيتىلگەن-
لىكتىن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش مۇددىئاسىمۇ تەدرىجىي
ئايدىڭلىشىدۇ. بولۇپمۇ ئىنستىتۇتتا جاھانگىرلىككە قارشى
تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ شۆبىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، جاھان-
گىرلىككە قارشى تۇرۇش، تىنچلىقنى ھىمايە قىلىش، شىنجاڭ-
نى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ سىياسەتنىڭ يېتەك-
چىلىكىدە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيىسى يېڭى تۈس ئالىدۇ.

1934 - يىلى 1 - ئايدا ئۆلكىلىك بىرىنچى ئوتتۇرا
مەكتەپنىڭ باشلىقى سۈي گوجىڭ ئىلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش
مەھكىمىسىنىڭ كاتىپلىقىغا يۆتكىلىدۇ. ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى

خې يۈيجۇ قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدۇ. شۇندىن ئېتىبارەن ئىككى مەكتەپ بىرلىكتە باشقۇرۇلۇپ، ئوقۇتقۇچىلار ئۆزئارا دەرس ئۆتۈشىدۇ. ئوقۇغۇچىلار بىر تۇتاش باشقۇرۇلىدۇ. ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر سانى كېمەيگەن بولسىمۇ، خىزمەت ئۈنۈمى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، «قوشۇن خىل، ئاپپارات ئىخچام بولۇش» ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ.

3

1934 - يىلى 12 - ئايدا، شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، مەكتەپتە باشقا كەسىپلەرنى كۆپەيتىشكە توغرا كەلدى. خې يۈيجۇ بۇنى نەزەردە تۇتۇپ، شېڭ شىسەينىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ، رۇسچە، سىياسىي قانۇن مەكتىپىنى شىنجاڭ ئىنستىتۇتى قىلىپ ئۆزگەرتىش ھەققىدە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە تەكلىپ بېردۇ ھەمدە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈپ، مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىنى قولغا كەلتۈردۇ. ئىلگىرىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلەش تۈزۈمى ئۆزگەرتىلىپ، مائارىپ مىنىستىرلىكى خې يۈيجۇنى شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ باشلىقلىقىغا تەكلىپ قىلدۇ. 1935 - يىلى 1 - ئايدا شىنجاڭ ئىنستىتۇتى رەسمىي قۇرۇلدۇ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىر دانە مىس تامغا بېردۇ. ئىنستىتۇت دەرۋازىسىنىڭ ئۈستىگە لاڭ داۋخىنىڭ يازغان شىنجاڭ ئىنستىتۇتى دېگەن خەتلەر، ئۇنىڭ ئاستىغا ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ئويۇلدۇ.

1935 - يىلى سىياسىي ئىقتىساد فاكۇلتېتىغا 30 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ، بىر سىنىپ ئېچىلدۇ، ئۆلچەش -



سىزىش مەكتىپىگە قوبۇل قىلىنغان 30 ئوقۇغۇچى ئۆتكۈزۈۋېلىندۇ. باج كەسپىي بويىچە بىلىم ئاشۇرۇش بۆلۈمى تەسىس قىلىندۇ. پېداگوگىكا فاكۇلتېتىنىڭ بىر سىنىپىغا 30 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندۇ. لىۋ فوۋۋ سىياسىي ئىقتىساد فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا، سۇڭ يىڭگو (چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى تەتقىقات ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن)، پېداگوگىكا فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا، خودۇڭلىڭ (ئۆلكىلىك سودا بانكىسىنىڭ باش مۇپەتتىشى) باج كەسپىي بىلىم ئاشۇرۇش بۆلۈمىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەكلىپ قىلىندۇ. ۋۇيىمىن دۆلەت تىلى ئوقۇتقۇچىسى، ۋاڭ يىجې (ياپونىيە توكيو ئالىي دەرىجىلىك دارىلمۇئەللىمىنىڭ پېداگوگىكا بۆلۈمىنى پۈتتۈرگەن) پېداگوگىكا ئوقۇتقۇچىسى، گۇەن چىڭجيەن رۇس تىلى ئوقۇتقۇچىسى بولدۇ. شېڭ شىسەي ئوقۇغۇچىلارغا ئاساسەن ھۆكۈمەت سىياسىتى ھەققىدە لېكسىيە سۆزلەيدۇ. ئىنستىتۇت باشلىقى خې يۈيجۇ قوشۇمچە سىياسىي دەرس ئۆتىدۇ.

1934 - يىلى خې يۈيجۇ يېڭىدىن ئىنستىتۇت باشلىقى بولغاندا ئىككى سىنىپ (يەنى قانۇن فاكۇلتېتىنىڭ 3 ـ، 4 - سىنىپى) ئوقۇغۇچى بولۇپ، ئادەم سانى 100 دىن ئاشمايتتى. ئوقۇغۇچىلار يەرلىك ياشلاردىن سىرت، دۇڭبېي پىداكارلار ئارمىيىسى ئىچىدىكى زىيالىي ياشلار ئىدى. مەسىلەن، ئۇلار لوجۈ (ئازادلىقتىن كېيىن شىنجاڭ جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى بولغان)، سەي پېيپىڭ (چاۋشيەن مىللىتىدىن)، ماچىڭلۇڭ قاتارلىقلاردىن ئىبارەت، ماچىڭلۇڭ كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا مېدىتسىنا ئىلمىنى ئۆگىنىشكە ئەۋەتىلدى. 1935 - يىلى ئوقۇغۇچى

قوبۇل قىلغاندا بىر قىسىم ئۇيغۇر، قازاق ئوقۇغۇچىلار
قوبۇل قىلىندى. شۇ يىلى ئىنستىتۇتتىكى ئوقۇغۇچىلار سانى
100 دىن ئېشىپ كېتىندۇ.
شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ ھەرقايسى فاكۇلتېتلىرىدىكى
ئوقۇغۇچىلار جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ
رەھبەرلىكىدە دائىم تۈرلۈك پائالىيەتلەرگە قاتنىشىپ تۇر-
دۇ. 1935 - يىلى ئەتىيازدا ئوقۇغۇچىلار جاھانگىرلىككە
قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى قانات يايدۇرغان ئەتىيازلىق
تېرىلغۇنى كېڭەيتىش ھەرىكىتىگە پائال قاتنىشىپ، ئە-
تىيازلىق تېرىلغۇنى تەشۋىق قىلىش ئەترىتىنى تەشكىل-
لەپ، ھەرقايسى ناھىيىلەرگە بېرىپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم
ھاسىل قىلىدۇ. نەتىجىدە 1935 - يىلى مول ھوسۇل
ئېلىشقا ياخشى ئاساس سېلىنىدۇ. ئۇندىن قالسا
جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى ھەر يىلى قىش-
لىق ۋە يازلىق كانىكولدا يۇرتىغا قايتىدىغان ئوقۇغۇچى-
لارنى دېھقانلارغا تەشۋىق قىلىش خىزمىتىنى ئىشلەشكە تەش-
كىللەيدۇ. بۇندىن باشقا يەنە تىياتىر ئۆمىكى تەشكىللىنىپ
جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى ئۇيۇشتۇرغان تى-
ياتىر مۇسابىقىسىگە قاتناشتۇرۇلىدۇ.
1935 - يىلى 11 - ئايدا قانۇن فاكۇلتېتىنىڭ 3 -
سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇش پۈتتۈرىدۇ. ئۆلكىلىك ھۆكۈ-
مەت ئۇلارنى خىزمەتكە بىر تۇتاش تەقسىم قىلىدۇ. بۇلار-
نىڭ ئىچىدە ۋۇچىجۈن ئۆلكىلىك ئامانلىق ساقلاش باش
ئىدارىسىگە، شۆي خۇڭمۇ، شى يۇيشى يەرلىك سوتقا، جاڭ
جىيى شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسىگە، ياڭ شىلىن، سەي خېڭ-
سىن چۆچەك مەمۇرىي ۋىلايىتى مائارىپ ئىدارىسىگە، گو-



پۈدىڭ ئۆلكىلىك بىرىنچى ئوتتۇرا مەكتەپكە تەقسىم قىلىنىدۇ.
خى يۈيجۇ 1934 - يىلى 8 - ئايدىن باشلاپ ئىلگى-
رى - كېيىن بولۇپ، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇش-
مىسىنىڭ باشلىقلىقىنى، مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىر-
لىقىنى، تەمىرات نازارىتىنىڭ مۇۋەققەت نازىرلىقىنى قوشۇم-
چە ئۈستىگە ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ئىنستىتۇتقا بولغان
رەھبەرلىكنى ۋە دەرس ئۆتۈشنى قىلچىمۇ بوشاشتۇرمىدى.

## 4

1936 - يىلى 1 - ئايدا، يەرلىك مەدەنىيەت - ما-
ئارىپ خىزمىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، خې يۈيجۇ چۆ-
چەك مەمۇرىي ۋىلايىتى مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقى
قوشۇمچە «شىنجاڭ گېزىتى» چۆچەك شۆبىسىنىڭ باشلىقلىقى-
غا يۆتكىلىپ، ئىنستىتۇتتىن ئايرىلىدۇ. ئىنستىتۇت باشلىق-
لىقىنى جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ باش
كاتىپى ۋاڭ شۇچيۈڭ داۋاملاشتۇرىدۇ. كادىرلار ئىشىدا ئۆز-
گىرىش بولمايدۇ. 1937 - يىل 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى
ۋاڭ شۇچيۈڭ قولغا ئېلىنىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ۋۇيې-
سىن، لى خەنجۈن، جاڭ ياشو، چيەن چىنيەن، فۇ شىرو
قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلار قولغا ئېلىنىدۇ. مائارىپ نازارىتىنىڭ
نازىرى مياڭ يىمىڭ ئىنستىتۇت باشلىقى بولىدۇ. كومپار-
تىيە ئەزاسى لىن جىلۇ (ياپونىيە مىگجى ئونىۋېرسىتېتىنى
پۈتتۈرگەن) ئىلمىي مۇدىرلىقىنى، قوشۇمچە سىياسىي - ئىقتى-
ساد فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرلىقىنى، چى تيەنمىن پېداگوگىكا
فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرلىقىنى، ليۇ جىفاڭ تىزىملىك مۇدىرلىق-

نى ئۇستىگە ئالدۇ. چاڭ لياڭ يەنىلا خوجىلىق مۇدىرلىقنى
قىلدۇ، 1939 - يىلى ئەتىيازدا دېموكراتىك زات دۇجۇڭيۈەن
شىنجاڭغا كېلىپ ئىنستىتۇت باشلىقى بولدۇ. گو شىڭشەن
لىن جىلۇنىڭ ئورنىغا ئىلمىي مۇدىر بولدۇ. تېزىمىلىك مۇ-
دىرلىقنى لۇ خىڭ (ئىنستىتۇت سىياسىي ئىقتىساد فاكۇل-
تېتىنىڭ 1 - سىنىپىنى پۈتتۈرگەن) ئۈستىگە ئالدۇ. شېڭ
يەنبىڭ، جاڭ جۇڭشى، شى مېي، گاۋ تاۋ قاتارلىقلار پرو-
فېسسور ۋە لېكتورلۇققا ئۆستۈرۈلدۇ. 1940 - يىلى 4 - ئاي-
دا دۇ جۇڭيۈەن قولغا ئېلىندۇ. سابىق سىياسەت - تەر-
تىپ باشقارمىسىنىڭ باشلىقى جياڭ روجۇ (نەنكەي ئۇنىۋېر-
سىتېتىنى پۈتتۈرگەن) ئىنستىتۇت باشلىقى، شۈي ئەرچېڭ
(ئىنستىتۇت سىياسىي ئىقتىساد فاكۇلتېتىنىڭ 1 - سىنىپ-
نى پۈتتۈرگەن) ئىلمىي مۇدىر، ساڭ جېنشىن خوجىلىق مۇ-
دىرى بولدۇ. 1941 - يىلى يازدا جياڭ زۇجۇ قولغا ئېلى-
نىدۇ، ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى لى يىشاۋ داۋاملاشتۇرىدۇ. دىڭ
كېچاڭ ئىلمىي مۇدىر بولدۇ. ساڭ جېنشىن يەنىلا خوجى-
لىق مۇدىرلىقنى ئۆتەيدۇ. 1942 - يىل 1 - ئاينىڭ 10 -
كۈنى لى يىشاۋ قولغا ئېلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىنستىتۇت
باشلىقلىقنى شېڭ شىسەي ئۆزى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدۇ.
لى ياۋۋۇ ئىلمىي مۇدىرى، لى شۇشياڭ (ئىنستىتۇت سىيا-
سىي ئىقتىساد فاكۇلتېتىنىڭ 2 - سىنىپىنى پۈتتۈرگەن)
تەرتىپ مۇدىرى بولدۇ. 1943 - يىلى چېڭ دۇڭبەي تەلىم-
تەربىيە باشلىقى، تۇجۇ ئىلمىي مۇدىرى بولدۇ. سابىق ئى-
نستىتۇت باشلىقى خې يۈيجۇ تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ پروفېس-
سورى بولۇپ، جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدىن دەرس
بېرىدۇ. 1944 - يىلى كۈزدە شېڭ شىسەي شىنجاڭدىن يۆت-



كەلگەندىن كېيىن، مائارىپ مىنىستىرلىكى ۋەن چاڭپەننى
ئىنستىتۇت باشلىقلىقىغا تەكلىپ قىلدۇ. ۋەن چاڭپەن خىز-
مىتىدىن ئىستىپا بېرىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي مائارىپ نازارىتى-
نىڭ نازىرى شۈي لېيەنشى ئىنستىتۇت باشلىقلىقىنى قوشۇم-
چە ئۆتەيدۇ. شۈڭ داسەن (بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈر-
گەن، بۇرۇنقى ئىسمى شى جىڭبېي) ئىلمىي مۇدىرى، سەي
زۇڭشەن (مەركىزىي سىياسىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن) تەرتىپ
مۇدىرى بولدۇ. كېيىن سۈڭ داشەن ئىنستىتۇتنىڭ مۇئا-
ۋىن باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلدۇ. شۈي لېيەنشى شىنجاڭدىن
كەتكەندىن كېيىن، سۈڭ داشەن ئىنستىتۇتنىڭ مۇۋەققەت
باشلىقى بولدۇ. ۋاڭ زىڭيى (شىئەن بىرلەشمە ئۇنىۋېرسىتې-
تىنى پۈتتۈرگەن) ئىلمىي مۇدىر، جۇ مىڭيې (فۇرېن ئۇنى-
ۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن) تەرتىپ مۇدىرى بولدۇ. 1947 -
يىلى ئىنستىتۇتنىڭ رەھبەرلىكى ئالايمىقانلىشىپ، 3 - ئاي-
نىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئوقۇش باشلانمىغانلىقتىن، ئوقۇغۇچى-
لار كۆڭلىنى بىر يەرگە توختىتالماي خالىغان يەردە يۈرىدۇ.
بۇ ئىش تاكى 3 - ئاينىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە «شىن-
جاڭ گېزىتى» گە «شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ ھازىرقى ھالى-
تى ـــ ئۆلكىمىز ئالىي مائارىپىدىكى كىرزىسنىڭ ئالامىتىدۇر»
دېگەن تېمىدىكى مۇشتىرىلار خېتى ئېلان قىلىنغاندىن كې-
يىن ئاندىن جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ دىققىتى-
نى قوزغايدۇ. 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى «شىنجاڭ گېزىتى»دە
شىنجاڭ ئىنستىتۇتى تەڭرى تاغ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئۆزگەرتىلىشكە
تەييارلىق كۆرۈلۈۋاتىدۇ، دېگەن خەۋەر ئېلان قىلىنىدۇ.
ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يىغىنىدا تەڭرى تاغ ئۇنىۋېرسىتېتىغا تەي-
يارلىق كۆرۈش باشقارمىسىنى تەسىس قىلىش ماقۇللىنىپ،

مۇئاۋىن رەئىسى بۇرھان مۇدىر بولىدۇ. شىنجاڭ ئىنستىت-
تۇتىنىڭ باشلىقى سۇڭ داشەن ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بەر-
گەندىن كېيىن بۇرھان قوشۇمچە ئىنستىتۇت باشلىقلىقىنى
ئۈستىگە ئالىدۇ.

شىنجاڭ ئىنستىتۇتى 1935 - يىلى قۇرۇلۇپ تاكى
1947 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا 9 ئادەم ئىنستىتۇت
باشلىقى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى خې يۈيجۇ، ئەڭ ئا-
خىرقىسى بۇرھان. بۇرھان كېيىن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ
بىرىنچى قېتىملىق باشلىقى بولىدۇ.

## 5

شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەنلەر ۋە يېڭىدىن قو-
بۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

1935 - يىلى سىياسىي - ئىقتىساد فاكۇلتېتىغا بىر
سىنىپ، پېداگوگىكا فاكۇلتېتىغا بىر سىنىپ، باج كەسپىي
بىلىم ئاشۇرۇش بۆلۈمىگە بىر سىنىپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قى-
لىنىدۇ. قانۇن فاكۇلتېتىنىڭ 3 - قارار سىنىپىنى ئوقۇغان-
لار ئوقۇش پۈتتۈرىدۇ. 1936 - يىلى قانۇن فاكۇلتېتىنىڭ
4 - قارار سىنىپىنى ئوقۇغانلار ئوقۇش پۈتتۈرىدۇ. 1937 -
يىلى تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ 1 - قارار سىنى-
پىغا ئوندىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىدۇ. 1938 -
يىلى سىياسىي ئىقتىساد فاكۇلتېتىنىڭ 2 - قارار سىنىپىغا
ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىدۇ. يازلىق كانىكۇلدا 1 - قا-
رار سىنىپىنى ئوقۇغانلار ئوقۇش پۈتتۈرىدۇ. 1939 - يىلى
يازلىق كانىكۇلدا پېداگوگىكا فاكۇلتېتىنىڭ 1 - قارار



سىنىپىنى ئوقۇغانلار ئوقۇش پۈتتۈرىدۇ ۋە 2 - قارار سى-
نىپىغا 30 نەچچە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىدۇ. تەبىئىي پەن
ۋە سانائەت پەنلىرى فاكۇلتېتلىرى تەسىس قىلىنىپ، بىر
سىنىپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىدۇ. 1940 - يىلى سىياسىي -
ئىقتىساد فاكۇلتېتىنىڭ 2 - قارار سىنىپىنى ئوقۇغانلار ئو-
قۇش پۈتتۈرىدۇ. سىياسىي - ئىقتىساد فاكۇلتېتىنىڭ 3 -
قارار سىنىپى، تەبىئىي پەن ۋە سانائەت پەنلىرى فاكۇل-
تېتىنىڭ 2 - قارار سىنىپى، ئۇيغۇر تىلى پېداگوگىكا
فاكۇلتېتىنىڭ 1 - سىنىپلىرىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىدۇ.
1941 - يىلى سىياسىي - ئىقتىساد فاكۇلتېتىنىڭ 4 - قارار
سىنىپىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىدۇ. تولۇق ئوتتۇرا ئىجتى-
مائىي پەن سىنىپلىرىدىن بىردىن ئېچىلىدۇ. تەمرات نازارى-
تى ئاچقان يېزا ئىگىلىك مەكتىپى ئىنستىتۇتقا ئۆتكۈزۈپ
بېرىلىدۇ ھەمدە بۇ مەكتەپنىڭ دېھقانچىلىق تېخنىكىسى ئىك-
كى سىنىپ (خەنزۇ - خۇيزۇلار ئىككى سىنىپ)، چارۋىچىلىق
بىر سىنىپ (ئون نەچچە نەپەر ئۇيغۇر، قازاق ئوقۇغۇچى)،
مال - دوختۇرلۇق ئىككى سىنىپ (60 نەپەر ئۇيغۇر، قازاق
ئوقۇغۇچى)، سۇ ئىشلىرى بىر سىنىپ (30 نەپەر ئۇيغۇر، قا-
زاق ئوقۇغۇچى) لىرى ئالىي تېخنىكومغا ئۆزگەرتىلدى. قىش-
لىق كانىكۇلدا تىل ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ 2 - قارارلىق
سىنىپىنى ئوقۇغانلار ئوقۇش پۈتتۈرىدۇ. پېداگوگىكا فاكۇل-
تېتىنىڭ 2 - سىنىپى مۇددەتتىن بۇرۇن ئوقۇش پۈتتۈرىدۇ.
1942 - يىلى 2 - قارارلىق چارۋىچىلىق، مال - دوختۇر-
لۇق سىنىپلىرىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىدۇ. 1943 - يىلى
سىياسىي - ئىقتىساد فاكۇلتېتىنىڭ 3 - قارارلىق سىنىپىنى
ئوقۇغانلار ۋە تەبىئىي پەن سانائەت پەنلىرى فاكۇلتېتى

ئۇيغۇر تىلى پېداگوگىكا فاكۇلتېتىدا ئوقۇغانلار ئوقۇش
پۈتتۈردى. شۇ يىلى بىناكارلىق قۇرۇلۇش فاكۇلتېتى، ما-
شىنىسازلىق قۇرۇلۇش فاكۇلتېتى، تارىخ فاكۇلتېتلىرى تە-
سىس قىلىندى. 1944 - يىلى پېداگوگىكا فاكۇلتېتىنىڭ 4 -
سىنىپىنى ئوقۇغانلار ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، تارىخ فاكۇلتېتى-
نىڭ 2 - سىنىپىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. 1945 - يى-
لى چارۋىچىلىق، مال - دوختۇرلۇق فاكۇلتېتىنىڭ 2 - سى-
نىپلىرىنى ئوقۇغانلار ئوقۇش پۈتتۈردى ۋە تىل - ئەدە-
بىيات كەسپىي بىلىم ئاشۇرۇش بۆلۈمى دۆلەت تىلى گۇرۇپ-
پىسىغا بىر سىنىپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. 1945 - يى-
لى 8 - ئايلاردا شىنجاڭدا ۋەزىيەت جىددىيلىشىپ 1943 -
يىلدىن بۇيان شىنجاڭغا كەلگەن ئوقۇغۇچىلار ئارقا - ئارقىدىن
ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە قايتىپ كېتىپ ئوقۇتقۇچىلار قىس بولۇپ
كېتىدۇ. بىناكارلىق قۇرۇلۇش فاكۇلتېتىنىڭ 3 - يىللىقىدى-
كى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھەممىسى مەركىزىي ئۆلچەش - سىزىش
مەكتىپىگە يۆتكەلدى. تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ 2 - سىنىپ ئو-
قۇغۇچىلىرىنىڭ بىر قىسمى چېگرا رايون مەكتىپىگە، يەنە
بىر قىسمى مەركىزىي ئۆلچەش سىزىش مەكتىپى ئۆلچەش-
سىزىش كۇرسىغا يۆتكەلدى. ماشىنىسازلىق قۇرۇلۇش فا-
كۇلتېتىنىڭ كۆپ قىسىم ئوقۇغۇچىلىرى مەركىزىي سىياسىي
مەكتەپكە، دۆلەت تىلى فاكۇلتېتىنىڭ 2 - يىللىق ئۇيغۇر،
قازاق ئوقۇغۇچىلىرى مەركىزىي تەربىيىلەش ئۆمىكىنىڭ شىن-
جاڭ شۆبىسىگە يۆتكەلدى. ئەسلىدىكى بىناكارلىق - قۇرۇلۇش
فاكۇلتېتىنىڭ 3 - يىللىق سىنىپى، تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ
2 - يىللىق سىنىپى، 3 - يىللىق سىنىپى، دۆلەت تىلى
گۇرۇپپىسىنىڭ 2 - يىللىق سىنىپلىرى بولۇپ، جەمئىي بەش



سىنىپ توختىتىلدى. مەكتەپتە پەقەت بىناكارلىق قۇرۇلۇش
فاكۇلتېتىنىڭ 1 - يىللىق سىنىپى بىلەن دۆلەت تىلى
گۇرۇپپىسىنىڭ 1 - يىللىقىدىن ئىبارەت ئىككى سىنىپ-
لا قالدى. 1946 - يىلى شىنجاڭ قىزلار ئىنستىتۇتى ئەمەل-
دىن قالدۇرۇلۇپ، شىنجاڭ ئىنستىتۇتىغا قوشۇۋېتىلدى. شۇ يى-
لى يازدا جۇڭگو ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىنىڭ 4 - يىللىقى،
پېداگوگىكا فاكۇلتېتىنىڭ 4 - يىللىقى بولۇپ، ئىككى سىنىپ-
نىڭ ئون ئوقۇغۇچىسى ئوقۇش پۈتتۈردى. شۇ يىلى قىشتا
بۇيرۇققا بىنائەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بۆلۈمىنىڭ تۆت
تەبىئىي پەن سىنىپى ئۆلكىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپكە قوشۇ-
ۋېتىلدى. 1947 - يىلى كۈزگە قەدەر پېداگوگىكا، بىناكارلىق
قۇرۇلۇش، جۇڭگو ئەدەبىياتى فاكۇلتېتلىرىنىڭ بەش سىنى-
پىدا 20 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى قالدى.

شىنجاڭ ئىنستىتۇتى قۇرۇلغاندىن باشلاپ، تىل ئەدە-
بىيات فاكۇلتېتىنىڭ كەسپىي بىلىم ئاشۇرۇش سىنىپلىرىنىڭ
ئوقۇش مۇددىتى ئىككى يىللىق بولغاندىن باشقا، قالغانلى-
رىنىڭ ھەممىسى ئۈچ يىللىق ئىدى. ئۇنىڭغا ئاساسەن تو-
لۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەنلەر قوبۇل قىلىناتتى.
1935 - يىلى ئېچىلغان باج كەسپىي بىلىم ئاشۇرۇش سىنى-
پىنىڭ ئوقۇش مۇددىتى ئىككى يىللىق بولغاندىن باشقا
قالغانلىرى ئۈچ يىللىق ئىدى. ئاساسەن تولۇقسىزنى پۈت-
تۈرگەنلەر قوبۇل قىلىناتتى. 1943 - يىلىدىن باشلاپ ھەر-
قايسى فاكۇلتېتلار تۆت يىللىققا ئۆزگەرتىلىپ، تولۇق ئوت-
تۇرا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەنلەر قوبۇل قىلىنىدىغان بولدى.

6

شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ كونا ئورنى ئۈرۈمچى شو- يۈەن كوچىسىدىكى ئۆلكىلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئالدى تەرىپىدە بولۇپ، غەرپ تەرىپىنىڭ يېرىمىدا ئۆلكىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ سىنىپلىرى ئو- رۇنلاشتۇرۇلغان. 1934 - يىلى 8 - ئايدىن 1935 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە ئىنستىتۇت باشلىقى خې يۈيجۇ ئۆلكىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ باشلىقلىقىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئېلىپ، ئىككى مەكتەپنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ باشقۇرغان. كېيىن يول ياساشقا توغرا كېلىپ قېلىپ، مەكتەپنىڭ كۆپ قىسمى چېقىۋېتىلىدۇ. 1939 - يىلى نەنلياڭدىكى 4 - دۇتزىيىنىڭ ئورنىغا كۆچۈرۈلىدۇ. 1940 - يىلى يەنە ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىننىڭ كونا ئورنى- غا كۆچىدۇ (دارىلمۇئەللىمىن نەنلياڭدىكى يېڭى مەكتەپ بىناسىغا كۆچۈرۈلىدۇ). 1941 - يىلى يەنە نەنلياڭغا كۆچۈ- رۈلىدۇ. 1942 - يىلى دارىلمۇئەللىمىننىڭ يېڭى بىناسىغا كۆ- چۈرۈلىدۇ. بۇ چاغدا دارىلمۇئەللىمىن يەنە لومەنچىڭدىكى كونا ئورنىغا كۆچىدۇ. 1946 - يىلى ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتىپى بىلەن دارىلمۇئەللىمىن قۇرۇلغاندا يېڭى بىنا ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتىپىگە قالدۇرۇلۇپ، شەھەرنىڭ غەربىي شىمال تەرى- پىدىكى ۋاقىتلىق سەنيىخۇيغا كۆچۈرۈلىدۇ.

تۇردى سابىت تەرجىمىسى



# 1939 - يىلدىن 1942 - يىلغىچە بولغان «شىنجاڭ گېزىتى»

جاۋ شىنيا

## باھار شامىلى تۈنجى قېتىم يۈمەن قوۋۇقىدىن ئۆتتى

1938 - يىلى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە رەئىس ماۋزېدۇڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كەڭ ئارقا سەپ ۋە ئۇنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن بىر تۈركۈم كادىرلارنى شىن- جاڭدا خىزمەت قىلىشقا ئەۋەتكەنىدى.

ئەينى ۋاقىتتا، شىنجاڭ شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىقىدا بولۇپ، ھەرقايسى جەھەتلەردە ناھايىتى قالاق ئىدى. جۇڭ- گو كوممۇنىستلىرىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى ئىنقىلابنىڭ باھار شامىلى يۈمەن قوۋۇقىدىن ئۆتۈپ، غەپلەت ئۇيقۇدا ياتقان كەڭ شىنجاڭ خەلقىنى ئويغاتتى، دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

جۇڭگو كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ بىۋاستە قاتنىشىشى بىلەن تەھرىرلەپ نەشر قىلىنغان «شىنجاڭ گېزىتى» شىن- جاڭدا ئىنقىلاب ئۇرۇقىنى چاچتى.

1939 - يىلى مەن قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئىشلىدىم. دەسلەپتە كۆڭلۈم زىددىيەت

بىلەن تولغانىدى. بىر تەرەپتىن يەنئەندىن كەلگەن يولداش-
لار بىلەن ئىشلەش ماڭا ناھايىتى بەختلىك تۇيۇلاتتى. يە-
نە بىر تەرەپتىن، ئۆزۈم ئاران بەش يىللا ئوقۇغان، سىيا-
سىي، مەدەنىيەت سەۋىيەم تۆۋەن، گېزىتخانىغا بارسام ماڭا
بەرگەن ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماسمەنمىكىن، دەپ
ئەندىشە قىلاتتىم.

مەن گېزىتخانىغا بېرىپ ئالدى بىلەن ئۇچراشقان كى-
شى مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى ۋاڭ شياۋچۈن (ۋاڭ شياۋچۈەن)
بىلەن باش تەھرىر شاۋ پىڭ (لى زۇڭلىڭ) بولدى
ئۇ ۋاقىتتا يولداش ۋاڭ شياۋچۈن 24 ـ 25 ياشلاردا بولۇپ،
جياڭشى تەلەپپۇزىدا سۆزلەيتتى. ئۇ قەددى ـ قامەتلىك، كى-
شىلەرگە بولغان پوزىتسىيىسى مۇلايىم ھەم قىزغىن كىشى ئى-
دى. يولداش لى شاۋپىڭ 30 ياش ئەتراپىدا بولۇپ، سى-
چۈەن تەلەپپۇزىدا سۆزلەيتتى. چىرايى جۇدەڭگۈ بولۇپ كۆ-
زەينەك تاقايتتى. ئۇ چىقىشقاق ئادەم بولۇپ، نۇرغۇن ئىش-
لارنى بېشىدىن كەچۈرگەن، ئېغىر ـ بېسىق ئىدى. بىر قاراش-
تىلا ئۇنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك كۈرەشلەرنىڭ چېنىقىشىدىن
ئۆتكەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى. مۇزاكىرە ئارقىلىق ئاۋۋال مېنى
سىرتتا مۇخبىرلىق قىلىشقا بېكىتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا
ئۇلار مېنىڭ تۇرمۇشۇمنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇردى.

خىزمەتكە چۈشۈپ ئۇزاق ئۆتمەي، بۇ يېڭى مۇھىتتى-
كى كىشىلەرنىڭ خىزمەتتە ئەستايىدىل ۋە جىددىي ئىكەنلى-
كىنى، تۇرمۇشىنىڭ كۆڭۈللۈك ھەم جانلىق ئىكەنلىكىنى ھېس
قىلدىم. بۇ يەردە ئەمەلدارلار بىلەن ئادەتتىكى خىزمەتچى-
لەرنىڭ پەرقى يوق ئىدى. گېزىتخانا باشلىقىدىن ئىشچى-
لارغىچە ئۆزئارا چىن قېرىنداشلاردەك ئۆتۈشەتتى. شۇنداق-



لا بۇ يەردە مىللەت پەرقى ۋە يۇرتۋازلىق يوق ئىدى. ھەر
قايسى جايلاردىن كەلگەنلەر ئۆزئارا ياردەم بېرىپ، ئۆز-
ئارا ئۆگىنىپ خۇددى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ئۆتۈشەتتى.
بۇ خىل ئەھۋالدا مەندىكى ئۆز ئۆزۈمنى كۆرەلمەسلىك ھېس-
سىياتى ئۆزلۈكىدىن يوقاپ كەتتى.

## كۆپ مىللەتلىك ئاخبارات قوشۇنى

فېئودال مىلىتارىستلارنىڭ ئۇزۇن مۇددەت ھۆكۈمرانلىق
قىلىشى تۈپەيلىدىن، شىنجاڭ رايونىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ
مەدەنىيىتى ئىنتايىن ئارقىدا قالغانىدى. ئىختىساس ئىگى-
لىرىمۇ كەمچىل بولۇپ، بەزى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھەت-
تا ئۆز ئالدىغا مەكتىپىمۇ يوق ئىدى. ئۆز ئالدىغا گېزىت
چىقىرىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

شىنجاڭ گېزىتخانىسى ئالدى بىلەن مەتبەئە ئىشچىلى-
رىنى يېتىشتۈرۈش (ئەمەلىيەتتە ئاخبارات ـ مەتبەئە جەھەت-
لەردە يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئىدى) كۇرسىنى ئاچتى. گې-
زىتخانىنىڭ باشلىقى ۋە مۇئاۋىن باشلىقلىرى بۇ ئىشقا شەخ-
سەن ئۆزلىرى رەھبەرلىك قىلدى. يولداش ۋاڭ موشىڭ مۇ-
دىر بولدى. تەھرىرلەر ۋە پېشقەدەم مەتبەئە تېخنىك ئىشچى-
لىرى ئوقۇتقۇچىلىقنى ئۈستىگە ئالدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ
مەتبەئە ئىنژېنېرى مەسلىھەتچى بولدى. كۇرسقا ئوقۇشتىن
قالغان، خىزمىتى يوق بىر تۈركۈم ياشلار قوبۇل قىلىندى.
كىمىمۇ ئويلاپ يەتسۇن، ئىلگىرى كوچىلاردا سەرگەردان بو-
لۇپ يۈرگەن بۇ ياش ـ ئۆسمۈرلەر بۈگۈن ھەرپ تىزىشنىڭ
ماھىرلىرىغا ئايلاندى. تۇنۇگۈنلا توقماق، قامچا ئاستىدا

يۇرگەن قۇللار بىگۇنكى كۇندە گۇكىرەپ تۇرغان ماشىنىلارنى ھە-
يدىسىيەلەيدىغان بولدى؛ تۇنۇگۇن تېخى يۇزىنى ئېچىپ يۇرۇش
ھوقۇقىمۇ بولمىغان قىز - ئاياللار بىگۇنكى كۇندە چوڭ پەردىلىرىنى
ئېلىپ تاشلاپ، تۇپلەش ئىشچىلىرىغا ئايلاندى. بەزىلىرى تې-
خى كوررېكتور، ياردەمچى تەھرىرلىكنى ئۇستىگە ئالدى. فو-
توچىلىق، بەت ياساش، خەت ئويۇش، رەسىم سىزىش قاتار-
لىق تېخنىكىلارنى ئىگىلىدى. ئۇلار ناھايىتى تېزلىكتە شىن-
جاڭنى گۇللەندۇرۇشتىكى جەڭگىۋار يېڭى قوشۇنغا ئايلاندى.

ھەر مىللەت يېزىقىدىكى گېزىتلەرنىڭ تەھرىرلىك خىز-
مىتىنى كۇچلەندۇرۇش ئۇچۇن، بىز ھەر مىللەت ئىلغار زى-
يالىيلىرىنى ئەترابىمىزغا ئىتتىپاقلاشتۇردۇق. مەسلەن، سوۋېت
ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىن يولداش لى تەي-
يۇ، پېي جېنجېي، لى شۇجيەن، لى جوڭكەي قاتارلىقلارنى
قوبۇل قىلدۇق. سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ۋەتەنگە قايتقان مۇھا-
جىرلار ئىچىدىن يولداش يۇجياگجېنى، ئالمي، ئوتتۇرا تېخ-
نىكۇمنى پۇتتۇرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن يولداش سەي جىڭلىڭ،
ۋۇ جىشياۋنى قوبۇل قىلدۇق. كېيىن ئۇلار شىنجاڭنىڭ ئاخبا-
رات خىزمىتىدىكى تايانچلاردىن بولۇپ قالدى

## «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ يېڭى ھاياتلىققا ئېرىشىشى

شىنجاڭدا ئىلگىرى تۆت فورماتلىق خەنزۇچە كىچىك
گېزىتتىن باشقا، قالغان ئون نەچچە مىللەتنىڭ يېزىقىدا
نەشر قىلىنىدىغان گېزىت يوق ئىدى. جۇڭگو كوممۇنىست-
لىرى شىنجاڭغا كېلىپ ئىككى يىل بولمايلا ئەسلىدىكى «شىن-



جاڭ گېزىتى» ئاساسىدا خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە ۋە
رۇسچە تۆت خىل يېزىقتىكى گېزىتنى تەسىس قىلىپ كېڭەي-
تىپ، پۇتۇن شىنجاڭدىكى 13 مىللەتنى گېزىت كۆرۈش ئىم-
كانىيىتىگە ئىگە قىلدى (بىر خىل يېزىق قوللىنىدىغان بىر
قانچە مىللەتلەرمۇ بار) ھەمدە ئۇرۇمچى شەھىرىدىكى باش
گېزىتخانىدىن باشقا، ئىلى، چۆچەك، ئالتاي، ئاقسۇ، قەش-
قەر، خوتەن قاتارلىق ئالتە ئورۇندا شىنجاڭ گېزىتخانىسى-
نىڭ شۆبىسى تەسىس قىلىنىپ، شۇ جايلار ئۆز ئالدىغا گې-
زىت چىقىرىپ، ھەر مىللەت خەلقىنى دۆلەتنىڭ ئىچى ۋە
سىرتىدىكى چوڭ ئىشلاردىن خەۋەردار بولۇش ئىمكانىيىتىگە
ئىگە قىلدى.

1939 - يىلى پارتىيە «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ سىياسىتى-
نى ياخشىلاش ئۇچۇن، ئەينى ۋاقىتتا گېزىتخانىنىڭ مۇئا-
ۋىن باشلىقلىقىنى ئۇستىگە ئالغان، دۆلىتىمىزدىكى ئاتاقلىق
ئاخباراتچى يولداش ساكۇگلياۋنى شىياگگاڭغا بېرىپ ئاخ-
بارات تېخنىكىسى جەھەتتىكى ئىختىساسلىق كىشىلەرنى تەك-
لىپ قىلىشقا، ئىلغار مەتبەئە، ئالاقىلىشىش ئۈسكۈنىلە-
رى سېتىۋېلىشقا ئەۋەتتى. يولداش ساكۇگلياۋ ياپون باسقۇن-
چىلىرىنىڭ بومباردىمان قىلىشى ۋە قامال قىلىپ توسۇشىغا
قارىماي، ئۇزۇن مۇساپىلەرنى بېسىپ شىياگگاڭغا بېرىپ ئا-
لاقىلىشىش، ھەرپ قۇيۇش، ھەرپ تىزىش، خەت ئويىمىچى-
لىق قاتارلىق كەسپلەردە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئاخ-
بارات ساھەسىدىكى ئىختىساسلىق خادىملارنى تەكلىپ قىلىپ
ئەكەلدى. ئاتاقلىق رەسسام لۇشياۋفېيمۇ تەكلىپ قىلىندى، شياڭ-
گاڭدەك يىراق يەردىن ئەينى ۋاقىتتىكى ئىلغار مەتبەئە ئۇس-
كۇنىلىرى كۆپلەپ كەلتۇرۇلدى. بۇ ئىختىساس ئىگىلىرى ۋە

مەتبەئە ئۈسكۈنىلىرى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنىڭ كەڭ ئارقا سېپى ئۈچۈن ئىنتايىن قىممەتلىك بولۇپ «شىنجاڭ گېزىتى» نى ياخشىلاش ئۈچۈن شارائىت يارىتىلدى.

گېزىتنى ياخشىلاش شەرتى ھازىرلانغاندىن كېيىن ئالدى بىلەن خەنزۇچە گېزىتنىڭ ھەرپلىرى ئالماشتۇرۇلدى. ئىلگىرىكى كونا 5 ـ ھەرپ يېڭى 5 ـ ھەرپكە ئۆزگەرتىلدى. ماۋزۇلىرى ھەر خىل خەت شەكىللىرى بىلەن ئىشلىنىدىغان بولدى ھەمدە قىستۇرما رەسىملەر ۋە ئاتاقلىق رەسساملارنىڭ ھەجۋى رەسىملىرى قوشۇپ بېرىلىدىغان بولدى. ئەينى ۋاقىتتا دۈشمەننىڭ قامال قىلىشى سەۋەبىدىن مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرقايسى گېزىتلەر ئۆزىمىز ياسىغان سامان قەغەزدە چىقىرىلاتتى، يالغۇز «شىنجاڭ گېزىتى» لا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىمپورت قىلىنغان ئاق گېزىت قەغىزىگە بېسىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن «شىنجاڭ گېزىتى» يېڭىچە، جانلىق بولۇپلا قالماي، خەتلىرىمۇ ئېنىق بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنىڭ ۋە ئىچكى جايلاردىكى زاتلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا مۇيەسسەر بولدى.

جۇڭگو كوممۇنىستلىرى شىنجاڭ گېزىتىنىڭ رەھبەرلىك ۋە تەھرىرلىك خىزمىتىگە قاتناشقاندىن كېيىن، شۇ چاغدىكى مۇرەككەپ شارائىتتا ئۇنىڭ مەيدانى باشتىن ـ ئاخىر مۇستەھكەم، بايرىقى روشەن بولۇپ، ئۇنىڭدا گومىنداڭ مەركىزىي ئاگېنتلىقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش توغرىسىدىكى بىرقانچە خەۋىرى ئىشلىتىلگەندىن باشقا، كۆپىنچە شىنخۇا ئاگېنتلىقى بىلەن چەتئەل ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋەرلىرى ۋە پارتىيەمىزنىڭ گېزىت ـ ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلىنغان ماقالىلەر، شۇنىڭدەك «ھەقىقەت گېزىتى» دىن تەرجىمە



قىلىنغان ماقالىلەر بېسىلاتتى ھەمدە مەملىكەت ئىچىدىكى ئىلغار ئاگېنتلىقلارنىڭ خەۋەرلىرىمۇ بېسىلاتتى. كومپارتىيە ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى ئىلغار يازغۇچىلار ماقالە يېزىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىناتتى. شىنجاڭغا خىزمەتكە كەلگەن جاڭ جۇڭشى، لىن جىلۇ، ماۋدۇن، دۇ جۇڭيۈەن، گاۋتاۋ، جاۋدەن قاتارلىق يولداشلار «شىنجاڭ گېزىتى» گە ماقالە يازغانىدى.

«شىنجاڭ گېزىتى» ئاممىغا تايىنىپ گېزىت چىقىرىشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرەتتى. مەن گېزىتخانىغا كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، تەھرىر بۆلۈم باشلىقى يولداش لى شاۋپېڭنىڭ يېتەكچىلىكىدە خەۋەر ئالاقە بۆلۈمى تەشكىللىنىپ، شىنجاڭ بويىچە خەۋەر بېرىش تورى شەكىللەندۈرۈلگەنىدى. شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ۋىلايەت تارماقلاردىن ئىختىيارى مۇخبىرلار تەكلىپ قىلىندى. مەن يولداش لى شاۋپېڭنىڭ يوليورۇقىغا بىنائەن، دائىم پارتىيە گېزىتىنى ۋە يەنئەندە نەشر قىلىنغان ۋە خەلقئارا كىتابخانىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ئىنقىلابىي بىروشۇرلارنى قەلەم ھەققى سۈپىتىدە ھەرقايسى جايلاردىكى ئىختىيارىي مۇخبىرلارغا ئەۋەتىپ بېرەتتىم، شۇنىڭ بىلەن پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى ئىختىيارىي مۇخبىرلار گېزىتكە ماقالە يېزىپ بېرىپلا قالماستىن، يەنە ئىنقىلابىي ئىدىيىنى تەرغىب قىلىدىغان تەشۋىقاتچىلارغا ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەرقايسى مىللەت يېزىقلىرىدىكى تەھرىر بۆلۈملەرمۇ شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئاخبارات تورى شەكىللەندۈردى. بۇنىڭ بىلەن ھەر قايسى تەھرىر بۆلۈملىرىنىڭ ماقالىلىرى ئۈزۈلمەي كېلىپ، گېزىتنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتتى.

«شىنجاڭ گېزىتى» شىنجاڭدىكى بىرىنچى زامانىۋى

ئىلغار مەتبەئە ئۈسكۈنىلىرىگە ئىگە گېزىتخانا بولۇپ، ئۇ گېزىت چىقىرىشقىلا كاپالەتلىك قىلىپ قالماستىن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، نەشىر قىلىش ۋەزىپىسىنىمۇ ئۈستىگە ئېلىپ، پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى مائارىپ تارماقلىرىنىڭ نۇرغۇن ئوقۇتۇش كىتابلىرىنى بېسىپ بەرگەنىدى. پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى ئاممىۋى تەشكىلات — جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن چىقىرىلىدىغان «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش سېپى» ژۇرنىلى، شىنجاڭ ئىنىستىتۇتى تەرىپىدىن چىقىرىلىدىغان «شىنجاڭ ياشلىرى»، ئاياللار جەمئىيىتى تەرىپىدىن چىقىرىلىدىغان «شىنجاڭ ئاياللىرى» ژۇرناللىرى شىنجاڭ گېزىتخانىسىدا بېسىلاتتى.

## يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ ئىنقىلاب ئۇرۇقىنى چېچىش

ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى پەۋقۇلئاددە بولۇپ، پارتىيە تەشكىلاتى ئوچۇق - ئاشكارا پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنالمايتتى، پارتىيە ئەزالىرىنى تەرەققىي قىلدۇرالمايتتى. ئامما ئارىسىدا خىزمەت ئىشلەش ئىنتايىن قىيىن ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇلار ئەمەلىيەت جەريانىدا، ئۆزلىرى ئۈلگە بولۇپ تۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىنقىلابىي غايىسى ۋە قىزغىنلىقى ئارقىلىق ئاممىنىڭ كۆڭلىنى ئىللىتىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنى ئەتراپىغا ئىتتىپاقلاشتۇراتتى.

گېزىتخانا باشلىقى يولداش ۋاڭ باۋچيەن (جاۋشى) ئەينى ۋاقىتتا بىر نەچچە خىل ۋەزىپىنى قوشۇمچە ئىشلەۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ قۇرۇلۇشى،



كېڭەيتىش ئىشلىرىغا بىۋاسىتە قول سېلىپ ئىشلىدى. دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدىمۇ دائىم ئاساسىي قاتلامدىكى ھەر قايسى ئاساسىي قاتلام تارماقلىرىغا چۈشۈپ، خىزمەتلەرگە كونكرېت يېتەكچىلىك قىلاتتى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلاتتى. ئۇنىڭ ئىنقىلابىي ئاخبارات ئىشلىرىغا بولغان ئىخلاسى، ھېرىپ - چارچاشنى بىلمەيدىغان خىزمەت روھى پۈتۈن ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۈچۈن ئۈلگە بولغانىدى.

مۇئاۋىن گېزىتخانا باشلىقى يولداش ۋاڭ شياۋچۈن ئىدىيىسى جانلىق، خىزمەتتە كەسكىن، ئەستايىدىل ئىشلەش روھىغا ئىگە ياش رەھبەر ئىدى. گېزىتخانا باشلىقى يوق چاغلاردا ئۇ پۈتۈن گېزىتخانىنىڭ خىزمىتىگە مەسئۇل بولاتتى ھەمدە تۆۋەندىكى 16 شۆبە گېزىتخانىغا يېتەكچىلىك قىلاتتى، شۇنداقلا تۆت مىللەت يېزىقىدىكى تەھرىر بۆلۈمىگە ۋە باسما زاۋۇتىغا چۈشۈپ، خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلاتتى. ئەمگەككە قاتنىشاتتى. بىر قېتىم مەن شىنجاڭ بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تەنھەرىكەت يىغىنىنى زىيارەت قىلىپ گېزىتخانىغا ناھايىتى كەچ قايتىپ كەلگەنىدىم. بۇ خەۋەرنى بېسىش ئۈچۈن گېزىتكە بوش ئورۇن قالدۇرغانىكەن. شۇڭا ئۇ تاماقمۇ يېمەي ماڭا ماقالە يازدۇرۇپ، ئۆزى ئۈستىدىن تەھرىرلەپ، بىر بەت پۈتسە بىر بەتنى باسمىغا بېرەتتى. بۇ ئىشلار تامام بولغاندىن كېيىن ئۇ مېنى تاماققا ماڭغۇزۇپ، ئۆزى باسما زاۋۇتىنىڭ كوررېكتورلار ئىشخانىسىغا بېرىپ ماقالىنىڭ ۋاقتىدا ئېلان قىلىنىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلدى.

ماڭا ئەڭ چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغىنى تەھرىر بۆلۈم

باشلىقى يولداش لى شياۋپىڭ بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى سەممىي ھالدا «پىشقەدەم تەھرىر» دەپ ئاتىشاتتى. يولداش لى شياۋپىڭدا ئېغىر يۈرەك، ئاشقازان كېسىلى بولۇپ، كۆزىنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى ياخشى ئەمەس ئىدى. گېزىتخانىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋاڭ شىياۋچۈن يۆتكىلىپ كېتىپ، ئۇ گېزىتخانىنىڭ باشلىقلىقىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالغاندىن كېيىن ئۇ تۆت مىللەت يېزىقىدىكى تەھرىر بۆلۈملىرىگە رەھبەرلىك قىلغانىنىڭ سىرتىدا، يەنە پۈتۈن گېزىتخانىنىڭ تىجارەت، باسما خىزمەتلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئىشىغىمۇ مەسئۇل بولدى. ئۇ كېسەلىنىڭ ئېغىرلىشىپ كېتىپ بارغىنىغا قارىماي، پارتىيىنىڭ ئاخبارات ئىشلىرى ئۈچۈن كۆز يۇمماي، دەم ئالماي ئىشلىدى. ھەر كۈنى تەھرىرلەر ئىشقا چىقىشتىن بۇرۇن تېلېگرامما خەۋەرلىرى ئىشخانىسىنىڭ خەۋەرلىشىش بۆلۈمىدە تەييار بولغان ماقالىلەرنى قۇرمۇ قۇر كۆرۈپ چىقاتتى. تەھرىرلەر ئىشتىن چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ يەنىلا ھەرىپ تىزىش، بەت ياساش سېخىغا ۋە كوررېكتور ئىشخانىسىغا بېرىپ، خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلاتتى. ئۇ قەيەرگە بارسا شۇ يەردىكى ئىشلار جانلىنىپ كېتەتتى. ئۇ دائىم بەت نۇسخىسىنى تەكشۈرۈپ تۈنجى گېزىت چىققاندىن كېيىن ئاندىن قايتىپ دەم ئالاتتى. ئۇنىڭ ئۇيقۇسىمۇ، تاماقمۇ كەم ئىدى. بىز ئۇنىڭ شۇنچە ئېغىر خىزمەتكە بەرداشلىق بېرەلەيدىغانلىقىغا ھەيران بولۇشاتتۇق. مەن ھەر قېتىم ئىشچىلارنىڭ ئۇنى يۆلەپ ياتىقىغا ياكى تەھرىر بۆلۈمىگە ئەكىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىمدە ئىچىم تولىمۇ سىيرىلاتتى.



ئۆزۈمنىڭ سىياسىي - مەدەنىيەت سەۋىيەم ئانچە يۇقىرى بولمىغانلىقتىن، گېزىتخانىغا يېڭى كىرگىنىمدە پەقەت ئانچە، مۇنچە خەۋەر يېزىشقىلا قۇدرىتىم يېتەتتى. لېكىن پىشقەدەم باش تەھرىر يولداش لى شياۋپىڭ مېنى ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن ئۆگىتىپ تەربىيىلەپ ماڭدى. 1939 - يىلى «18 - سېنتەبىر» ۋەقەسىنى خاتىرىلەش ۋاقتىدا، ئۇ ماڭا شەرقىي شىمالدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا دائىر ماتېرىياللارنى تېپىپ بېرىپ، مېنىڭ شەرقىي شىمالدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا دائىر ماقالە يېزىشىمنى تاپشۇردى. مەن يېزىپ يېرىمىغا كەلگەندە، داۋاملاشتۇرالماي قالدىم. بۇ چاغدا پىشقەدەم باش تەھرىر ماڭا سەممىي ھالدا: «ياشلار نېمە ئىش قىلىشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنى ئاخىرىغا چىقىرىشى، ھەرگىز يېرىم يولدا توختاپ قالماسلىقى كېرەك» دېدى. ئۇنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشى بىلەن مەن ماقالىنى ئاخىرى يېزىپ تۈگەتتىم، ئۇ تۈزىتىش كىرگۈزگەندىن كېيىن ماقالەم گېزىتتە ئېلان قىلىندى. كېيىن يولداش لى شياۋپىڭنىڭ كونكرېت يېتەكچىلىكىدە مەن ئوچېرىك، مەخسۇس بەت ماقالىلىرى، كېيىنچە باش ماقالە يازالايدىغان بولۇپ، سەۋىيەم خېلى كۆتۈرۈلۈپ قالدى.

ئاتاقلىق ئارتىست جاۋدەن قاتارلىقلار شىنجاڭغا كەلگەندە، گېزىتخانا ئۇلارنى زىيارەت قىلىش ۋەزىپىسىنى ماڭا تاپشۇرغانىدى. مەن: «ئۇلار دېگەن ئاتاقلىق ئارتىست تۇرسا، مېنىڭ كىنو، تىياتىر دېگەنلەردىن خەۋىرىم بولمىسا، مەندەك بىر يېرىم - ياتا مەلۇماتلىق مۇخبىر قانداقمۇ ئاتاقلىق ئارتىستلارنى زىيارەت قىلالايمەن؟» دەپ ئۇنىمىدىم. يولداش لى شياۋپىڭ ماڭا شىنجاڭ خەلقىنىڭ

بۇ خەۋەرلەرنى بىلىشكە بەكمۇ تەقەززا بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى، مېنىڭ يەرلىك كادىر بولغاچقا، زىيارەت قىلىپ خەۋەر بېرىشىمنىڭ مۇۋاپىق كېلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى. مەن ئاماننىڭ يوقلۇقىدىن ئىشپىيونلارنىڭ نازارىتى ئاستىدا (شېڭ دۇبەننىڭ كۈتكۈچى فۇگۇەنى نامىدا بارغان ئىدىم) جاۋدەن، ۋاڭ ۋېيبى، جۇجىننىڭ، يى لۇسەي قاتارلىق يولداشلارنى زىيارەت قىلدىم، خەۋەر ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئامما بۇ ئىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. بۇ ئىشتىن مەن ئامماننىڭ ئېھتىياجىنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى تونۇۋالدىم. كېيىنچە مېنىڭ خىزمىتىم كۆپ قېتىم ئالماشتى. يەرلىك خەۋەر ئىشلەشتىن خەۋەر - ئالاقە بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، تىجارەت بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، ماتېرىيال ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى بولدۇم. مەن تەدرىجىي ھالدا ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ ئەركىن، چېچىلاڭغۇ ئىستىلىنى ۋە ئۆزۈمنى كەمسىتىش كەيپىياتىنى يەڭدىم. مېنىڭ ئۈچۈن پېشقەدەم باش تەھرىر لى شياۋپېڭ ئۆزىنىڭ كۆپلىگەن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلدى.

مەملىكەت ئىچىدە كومپارتىيىگە قارشى تۇرۇش دولقۇنى پەيدا بولغان ۋە خەلقئارادا فاشىستلارغا قارشى تۇرۇش جىددىي باسقۇچقا كىرگەندە شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى كۈنسايىن يامانلاشتى. شىنجاڭدا پارتىيىنىڭ ئاخبارات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىش ئىنتايىن ئېغىر ۋە خەتەرلىك ئىش بولۇپ قالدى. «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ بەتلىرى ئۆزگەرتىلىپ، ھەرپلىرى ئالماشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەر بەتكە تەخمىنەن 12 مىڭ خەت سىغاتتى. ھەر بىر بەتكە يەنىلا بىر تەھرىر، بىر ياردەمچى تەھرىر مەسئۇل بولۇپ، ئۇلار



يەنە مەخسۇس بەت ماقالىلىرى، باش ماقالە يازاتتى. ئېسىمدە قېلىشىچە، تىنچ ئوكيان ئۇرۇشى پارتلىغاندا يولداش لىيۇ بوخەن (بەي دافاڭ) ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ، ماتېرىيال ئىشخانىسىغا كىرىپ ئۇرۇش باشلانغانلىقىنى ئېيتقان ۋە مەندىن خېلى نۇرغۇن ماتېرىيالنى ئېلىپ كەتكەنىدى. ئىككىنچى كۈنى ئۇنىڭ قېشىغا بارسام ياتىقىدا ئادەم يوق، ئۆي ئىچى بولسا يىقىلغان سەرەڭگە ياغىچى بىلەن تولغانىدى. ئايانكى، ئۇ كېچىچە توختىماي ماقالە يازغان ۋە تاڭ ئېتىشى بىلەنلا ئىشخانىغا چىقىپ كەتكەن.

«ئۈرۈمچى رايونىدىكى بىر كۈن» دېگەن زىيارەت پائالىيىتىدە يولداش لىيۇ بوخەن ئىككىيلەن نەنسەن ئاقتېرەك جىلغىسىدىكى قازاق چارۋىچىلىق رايونىنى زىيارەت قىلىشقا تەقسىم قىلىندۇق. بۇ قىش ۋاقتى بولۇپ، قار - شۋىرغانلىق بىر كۈن ئىدى. ماشىنا يولغا چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەي ماشىنىنىڭ سىلكىنىشىدىن چاچراپ چىققان ئۇچقۇن يولداش لىيو بوخەننىڭ ئىككى پۇتىغا تېگىپ، كۆيۈپ يارىلاندى. بۇ ئەھۋالدا ئۇنىڭ ھەرىكەت قىلىشى ئىنتايىن قىيىن ئىدى. مەن ئۇنىڭغا قايتىپ كەتكىن، مەن ئۆزۈم يالغۇز زىيارەت قىلىپ كېلەي، دېسەم، ئۇ قەتئىي ئۇنىمىدى. ماشىنىدىن چۈشكەندىن كېيىن، ئۇ ھەرىكەت قىلالمايتتى، ھەر كۈنى بىر ئادەم ئۇنى يۆلەپ ئاتنىڭ ئۈستىگە چىقىرىپ قوياتتى. مۇشۇنداق ئەھۋالدىمۇ بىز ئاخىرى زىيارەت قىلىش ۋەزىپىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق.

جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ئەنە شۇنداق يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلدى، قاقاس چۆللەرگە ئىنقىلاپ ئۇرۇقىنى چاچتى.

# ئەڭ ئاخىرقى بىر مىنۇتقىچە كۈرەش قىلىش

1942 - يىلى خەلقئارا بويىچە فاشىستلارغا قارشى كۈرەش جىددىي باسقۇچقا كىرىپ مەملىكەت ئىچىدە كومپارتىيىگە قارشى تۇرۇش يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەنىدە شېڭ شىسەي ئاخىرى ئۆزىنى گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئاتتى. ۋەزىيەت جىددىيلەشكەندىن كېيىن گېزىتخانا پارتىيە رەھبەرلىكى ۋەزىيەت تەرەققىياتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلدى. گەرچە بەزى خەۋەرلەرنى ئېلان قىلىش مۇمكىنچىلىكى بولمىسىمۇ، يولداش لى شياۋپېڭ ماڭا شىنجاڭ دائىرىلىرىنىڭ مۇھىم ئادەملىرىنى قارشى ئېلىش سورۇنلىرىنى زىيارەت قىلىپ، بۇنىڭ ئىچىدىن ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ يۆنىلىشىنى ئىگىلەش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى.

ۋەزىيەت كۈنسايىن يامانلىشىپ، گومىنداڭنىڭ مۇھىم ئەربابلىرى كەينى - كەينىدىن شىنجاڭغا كېلىشكە باشلىدى. يولداش لى شياۋپېڭ ماڭا ئىنقىلابىي كىتاب - ژۇرناللارنى ئوبدان ساقلاشنى ھەمدە تېخى نەشر قىلىنمىغان «ئۈرۈمچى رايونىدىكى بىر كۈن» دېگەن زىيارەت خاتىرىسىنىڭ قوليازمىسىنى ۋە فاشىستلارغا قارشى تۇرۇش توغرىسىدىكى ئىككى بىرۇشۇرنى كەلگۈسىدە نەشر قىلىشنى تاپىلىدى.

7 - ئاينىڭ 31 - كۈنى پېشقەدەم باش تەھرىر يولداش لى شياۋپېڭ رەھبەرلىكىدە تەھرىر بۆلۈمى ئەڭ ئاخىرقى بىر يۈرۈش ماتېرىياللارنى ئىشلەپ گېزىتكە بەردى.



ئۇلارنىڭ ئىچىدە مېنىڭ ئارمىيىنىڭ قۇرۇلۇش بايرىمىغا ئاتاپ يازغان ماقالەم ۋە شىنجاڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش قوشۇنىنىڭ 1937 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭدا گومىنداڭنىڭ 36 - دىۋىزىيىسىنى تارمار قىلغانلىق توغرىسىدىكى ئەسلىمە ماقالەم بار ئىدى. شۇ كۈنى گېزىتنىڭ سىگنالى چىققاندىن كېيىن پارتىيىلىك يولداشلار ئاساسىي جەھەتتىن ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ گېزىتخانىدىن ئايرىلدى.

«1 - ئاۋغۇست» كۈنى، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا گومىنداڭ بايرىقى ئېسىلدى. شىنجاڭ گېزىتخانىسىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ يېقىن كىشىلىرىدىن ئايرىلدى. ئۆتكەندىكى خۇشال كۈلكىلەر غايىپ بولۇپ، ھەممەيلەن تېڭىرقاش، سېغىنىش، بۇرۇقتۇملۇق كەيپىياتىغا چۈشۈپ قالدى. بىزنىڭ بىردىنبىر كۆڭۈل بۆلىدىغىنىمىز يەنئەندىن كەلگەن يولداشلارنىڭ ھازىر قەيەردە ئىكەنلىكى ئىدى. بۇ چاغدا شىنجاڭغا ياردەمگە كەلگەن سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىلىرى، ئىنژېنېرلار تېخى چېكىنمىگەنىدى. مىلىتارىست شېڭ شىسەينىڭ يەنە قانداق تاكتىكىلارنى قوللىنىپ، نېمە ئويۇنلارنى ئوينايدىغانلىقى، شىنجاڭنىڭ چىقىش يولىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى بىزگە تېخى نامەلۇم بولۇپ، بۇ توغرىلىق خىلمۇ خىل كۆز قاراشلار بار ئىدى. ھەتتا بىر قىسىم كىشىلەر يەنىلا شېڭ شىسەيگە ئۈمىد باغلاپ تۇرۇۋاتاتتى.

1942 - يىلى 9 - ئاينىڭ باشلىرىدا، مەن پېشقەدەم باش تەھرىر يولداش لى شياۋپېڭنىڭ بۇرۇنقى ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە خەلقئارا ياشلار بايرىمىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن بىر پارچە ماقالە يازدىم. ماقالىدە شىنجاڭ ياش

لىرىنىڭ چوڭ بۆرۆلۈش دەۋرىدە داۋاملىق ماركسىزم - لېنىنىزم مەيدانىدا چىڭ تۇرۇشى كېرەكلىكى مەزمۇن قىلىنغانىدى. يېڭى باش تەھرىر سۇڭ نىيەنسى بۇ ماقالىنى گېزىتكە بېرىشكە جۈرئەت قىلالماي، شېڭ شىسەينىڭ كۆرۈپ تەكشۈرۈشىگە تاپشۇردى. بىر كۈنى توساتتىن شېڭ شىسەيدىن تېلېفون كېلىپ مېنىڭدىن: «سەن خەلقئارا ياشلار بايرىمىنى خاتىرىلەيدىغان ماقالە يازغانمىدىڭ؟» دەپ سورىدى. مەن: «يازغانىدىم» دەپ جاۋاب بەردىم. ئۇ: «ماقالەڭدىكى چوڭ بۆرۆلۈش دېگىنىڭ نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟» دەپ سورىدى. مەن: «خەلقئارا ۋەزىيەتنى كۆرسىتىدۇ» دېدىم. ئۇ: «ئۇنداق ئەمەس، سەن بۇ يەردە شىنجاڭنى دارتمىلىغان» دېدى ۋە: «شىنجاڭ ياشلىرى ناھايىتى ياخشى، سەن دېگەندەك ئۇلار ئىككىلىنىپ، تېڭىرقاپ يۈرگىنى يوق» دېدى ھەمدە «كىم سېنى ياز دېدى؟» دەپ سۈرۈشتۈردى. مەن: «ھېچكىم، بىز ئادەت بويىچە ھەر يىلى مۇشۇنداق ماقالىلەرنى يازاتتۇق» دېدىم. ئاخىردا ئۇ: «بۇنى بىز مۇزاكىرە قىلىپ باقايلى» دېدى.

نەچچە كۈن ئۆتمەي، مەن سىرتقا چىقىپ بىر خالتا كوچىغا تاسادىپىي كىرىپ قالدىم ۋە شۇ چاغدا كەينىمدە ئىشپىيون بارلىقىنى بايقىدىم. كېيىن ئاڭلىسام يەنئەندىن كەلگەن يولداشلارنىڭ ھەممىسىلا يېنىۋېلىش لاگېرىغا سولىنىپتۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭغا ياردەمگە ئەۋەتكەن خادىملىرىنى چېكىنىشكە باشلاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ماڭا ھەممە ئىش ئايان بولدى. ئۇزۇن ئۆتمەي گومىنداڭ خادىملىرى ۋە ھەربىي قوشۇنلىرى ئۈزۈلمەي شىنجاڭغا كىرىشكە باشلىدى.

خام خىيالنى تاشلاپ، جەڭگە تەييارلىق قىلىش كېرەك.

مەن يولداش لى شياۋپېڭنىڭ يوليورۇقىغا بىنائەن، گومىن



داڭ ئىنقىلابىي كىتاب - ژۇرناللارنى كۆيدۈرۈۋېتىشتىن ئىلگىرى ئىنقىلابىي كىتاب، گېزىت، ژۇرناللارنىڭ كۆپ قىسمىنى ئوغرىلىقچە يۆتكەپ چىقىپ يوشۇرۇپ ساقلىدىم. كىتابلارنىڭ ئىچىدە يولداش ساكۇڭلياۋ شياڭگاڭدىن سېتىۋالغان ياپونىيىدە نەشر قىلىنغان «لۇشۈن ئەسەرلىرى» بار ئىدى. بۇ كىتاب يولداش خې رۇينىڭ قولىغا تا ئازادلىققا قەدەر ساقلاندى. مېنى ھەسرەتكە سالغىنى شۇكى، يولداش لى شياۋپېڭ ماڭا ھاۋالە قىلغان ئۈچ ئىنقىلابىي بىرۇشورنى نەشر قىلدۇرالمىدىم، بۇ ئىش «شىنجاڭ گېزىتى» گومىنداڭنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن مۇمكىن بولماي قالدى، ئەلۋەتتە.

1943 - يىلدىن كېيىن ئاڭلىشىمچە، شېڭ شىسەي بىلەن گومىنداڭ 100 دىن ئارتۇق جۇڭگو كومپارتىيە ئەزالىرىنى بىراقلا تۈرمىگە تاشلاپتۇ. دۈشمەن سوتىدا، تۈرمىدە، كوممۇنىستلار قەھرىمانلارچە كۈرەش قىلىپ قەتئىي باش ئەگمەپتۇ. چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق يولداشلار كۆپ قېتىملىق قاتتىق جازا، سوراقلاردىن كېيىن مەخپىي ئۆلتۈرۈلۈپتۇ.

ئارىدىن 40 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتتى، ئەينى يىللاردىكى «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئىشلىگەن يولداشلارنىڭ بەزىلىرى ئىنقىلاب ئۈچۈن ئۆمۈر بويى خىزمەت قىلدى. ھازىر ئۇلارنىڭ بىرمۇنچىلىرى ۋاپات بولۇپ كەتتى. بەزىلىرى ئون يىللىق ئىچكى مالىمانچىلىقتا «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ ئۆلۈپ كەتتى...... لېكىن ئۇلارنىڭ ئىنقىلابىي ئىش ئىزلىرى مەڭگۈ پارلاق نۇر چېچىپ تۇرىدۇ، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى ئۇلارنى مەڭگۈ يادئېتىدۇ.

تەرجىمە قىلغۇچى: ھەبىبۇللار سوپى

# جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتىكى بۇرۇنقى سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق بەش كونسۇلخانىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

سەي خېڭسىڭ

## 1. كونسۇلخانىنىڭ بارلىققا كېلىشى

چىڭ سۇلالىسى شيەنفېڭنىڭ 10 - يىلى (1860 - يىل)، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىلەن چارروسىيە ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن «جۇڭگو - روسىيە بېيجىڭ شەرتنامىسى» مەملىكىتىمىزنىڭ تاشقى ئىشلار تارىخىدا تۈزۈلگەن نۇرغۇنلىغان تەڭسىز شەرتنامىلەرنىڭ بىرى بولىدۇ. بۇ شەرتنامە بويىچە دۆلىتىمىز چارروسىيىنىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى ئىلى، چۆچەك، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا كونسۇلخانا تەسىس قىلىشىغا رۇخسەت قىلغانىدى. سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ھەلى كۆپ ساندىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ئولتۇراقلاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا بىرەر تاشقى ئىشلار ئورگىنى يوق ئىدى. بۇ خىل نامۇۋاپىق ئەھۋاللارغا ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابى غەلىبە قىلغان-



دىن كېيىن، كۆپ قېتىملىق سۆھبەتلەر ئارقىلىق خاتىمە بېرىلىپ، 1924 - يىلى كېلىشىم ھاسىل قىلىندى. كېلىشىمدىكى باباراۋەرلىك، ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش پرىنسىپىغا ئاساسەن، سوۋېت تەرەپ شىنجاڭ چېگرىسىغا يېقىن بولغان زەيسان، شەمەي، ئالموتا، تاشكەنت، ئەنجان قاتارلىق بەش جايدا كونسۇلخانا قۇرۇشقا ماقۇل بولدى.

ياڭ زېڭشىن شىنجاڭنىڭ ھەربىي ۋە سىياسىي ھوقۇقىنى قولىغا كىرگۈزۈۋالغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ سىياسىي تەسىر دائىرىسىنى زورايتىپ، تاشقى كۈچلەرنى چەتكە قېقىش ئۈچۈن، بەش كونسۇلخانىنىڭ كونسۇل نامزاتىنى شىنجاڭنىڭ بەلگىلەيدىغانلىقىنى، ئاندىن تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى مۇقىملاشتۇرۇپ بېكىتىدىغانلىقىنى بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشىغا سۇندى. ئۇنىڭ باھانىسى دەبدەبىلىك ئىدى، ئۇ بولسىمۇ شىنجاڭ بىلەن سوۋېتنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ھەرقايسى رېسپۇبلىكىلىرىنىڭ مىللەتلىرى ئوخشاش، قانداشلىق مۇناسىۋىتى يېقىن، مەدەنىيىتىمۇ ئوخشىشىپ كېتىدۇ، بۇ خىل مۇناسىۋەت خېلى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. ئەگەر شىنجاڭدا ئۇزۇن مۇددەت تۇرغان، چېگرا رايونىنىڭ ئەھۋالىنى ئوبدان بىلىدىغان ئادەم بولمىسا، كونسۇللۇق ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىشى مۇمكىن ئەمەس. كونسۇل نامزاتىنىڭ مۇۋاپىق بولماسلىقىدىن كېلىپ چىقىدىغان چېگرا سۈركىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن نامزاتلارنى شىنجاڭ كۆرسەتكىنى تۈزۈك، دېگەنلەردىن ئىبارەت ئىدى. ياڭ زېڭشىن يەنە بېيجىڭ ھۆكۈمىتى مالىيىسىدە چىقىمنىڭ كىرىمدىن ئېشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، چەت ئەلدە تۇرۇشلۇق

ئەلچىخانا، كونسۇلخانىلارنىڭ خىراجىتىنى ھەل قىلىش بىر مەسىلە بولۇپ قالغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇ بۇ ئاجىزلىقنى تۇتۇۋېلىپ، بېيجىڭ ھۆكۈمىتىگە سوۋېت چېگرىسى ئىچىدىكى بەش كونسۇلخانىنىڭ بارلىق خىراجىتىنى ئەمدى بېيجىڭ ھۆكۈمىتى ئۆز ئۈستىگە ئالماي شىنجاڭ ئۆلكىسى ئۆز ئۈستىگە ئېلىش تەكلىپىنى بەردى. بۇ ناھايىتى ئاقىلانە تەكلىپ بولدى. بېيجىڭ ھۆكۈمىتى سۇنىڭ ئېقىشىغا بېقىپ، ياڭ زېڭشىننىڭ تەكلىپىگە تەستىق سالدى. بۇنىڭ بىلەن بەش كونسۇلخانىنىڭ ئادەم ۋە مالىيە ھوقۇقى پۈتۈنلەي ياڭ زېڭشىننىڭ قولىغا ئۆتتى. ياڭ زېڭشىن، كېيىن جىن شۇرېن، شېڭ شىسەيلەرمۇ يەنىلا كونا يولدا مېڭىپ، تەييارغا ھەييار بولدى. ئەمەلىيەتتە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بۇنىڭغا چامى يەتمەيتتى، ئۇلار ئەرزىمەس بەش كىچىك كونسۇلخانىنى شىنجاڭ يەرلىك ھۆكۈمىتى باشقۇرسىمۇ ئومۇمىي ۋەزىيەتكە تەسىر يەتمەيدۇ، دەپ قاراشقانىدى.

## 2. سوۋېت چېگرىسىدىكى بەش كونسۇلخانىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى

مەملىكىتىمىزنىڭ سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ھەرقايسى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلىرىدە تەسىس قىلىنغان بەش كونسۇلخانىسىنىڭ كۆپ قىسمى جۇڭگو - سوۋېت چېگرىسىغا يېقىن جايلارغا جايلاشقان. ئەڭ يېقىنى زەيسان بولۇپ، مەملىكىتىمىز چېگرىسى بىلەن بولغان ئارىلىقى پەقەت بىرقانچە ئون كىلومېتىرلا كېلىدۇ، ئەڭ يىراق بولغان شەمەينىڭ مەملىكىتىمىز چېگرىسى بىلەن بولغان ئارىلىقى 300



كىلومېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. بۇ جايلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان قاتارلىق ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەر زېمىنى دائىرىسىدە. بۇ جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ ئاساسلىق مىللەتلىرى بىلەن شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەر دىنىي بىرلىك ۋە قانداشلىق مۇناسىۋەتكە ئىگە. ھەتتا بەزىلىرىنىڭ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىمۇ بار. ئۇزاقتىن بۇيان ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قويۇق بېرىش - كېلىش ۋە ئىقتىساد مۇناسىۋەتلەر ئالاھىدە تارىخىي مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇنىڭ ئىجابىي تەرىپىمۇ بار، ھەم كەلتۈرگەن سەلبىي تەرىپىمۇ بار، مەسىلەن، چىڭ سۇلالىسى تۇڭجىنىڭ 10 - يىلى (1871 - يىلى) چاررۇسىيە ئىمپېرىيىسى بىلەن ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسى تىل بىرىكتۈرۈپ، قوقان ئوفىتسېرى ياقۇپبەگنى شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشكە قۇتراتتى. شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە چاررۇسىيە «چېگرا تەرتىپىنى تىنچلاندۇرۇش» نى باھانە قىلىپ ئەسكەر ئەۋەتىپ، ئىلى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارنى بېسىۋالدى ھەمدە بۇ جايلارنى ئون يىلدىن ئۇزاقراق بېسىپ ياتتى. بۇ مەزگىلدە، 100 مىڭدىن ئارتۇق جۇڭگو چېگرا پۇقرالىرىغا تەھدىت سېلىش ۋە قىزىقتۇرۇش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، ئۇلارنى پۈتۈن ئۆي - ۋاقلىرى بىلەن روسىيە تەۋەسىگە ئۆتۈشكە مەجبۇرلىدى. بۇ رايوندىكى جۇڭگو پۇقرالىرىغا روسىيە پاسپورتىنى خالىغانچە تارقاتتى. بۇنىڭ قالدۇق زەھەرلىرىنى تازىلاش ئۇزۇن ۋاقىتقىچە ناھايىتى قىيىنغا چۈشتى.

ياقۇپبەگ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇپ ۋە شىمالىدىكى خېلى زور كۆلەمدىكى جۇڭگو زېمىنىنى ئىگىلىۋېلىپ، ئاتالمىش

«يەتتە شەھەر دۆلىتى»نى قۇرغان ۋاقىتتا، ئەسلىدە ئوت-
تۇرا ئاسىيادا ئولتۇراقلاشقان خېلى كۆپ ساندىكى ئۆزبېك،
تاجىك قاتارلىق مىللەتلەر شىنجاڭغا ئېقىپ كىردى. خېلى
كۆپ ساندىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ياقۇپبەگنىڭ زۇلۇمىغا
چىدىيالماي ئوتتۇرا ئاسىياغا قېچىپ بېرىپ ئولتۇراقلاشقان.
بەييەنخۇ باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم خۇيزۇلار قاراكۆل ئەت-
راپلىرىغا چېكىنىپ بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان. شۇنداق
قىلىپ بەزى كىشىلەر قوش دۆلەت تەۋەلىكىگە ئىگە بولسا،
يەنە بەزى كىشىلەرنىڭ دۆلەت تەۋەلىكى ئېنىق بولماسلىق-
تەك ئەھۋاللار كېلىپ چىقتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە چېگرىنى
كېسىپ ئۆتۈشۈپ تۇرغان تاغ - دەريالار ھەم يوللار كۆپ
بولۇپ، چېگرىدىن خالىغانچە كىرىپ - چىقىش، ئىككى تە-
رەپتىكىلەر ئۆزئارا تويلىشىش، تۇغقان يوقلاش، چېگرا
ئاتلاپ ئەتكەسچىلىك قىلىش، ھەتتا زەھەرلىك چېكىملىكلەر-
نى ئېلىپ - سېتىش، باج ئوغرىلاش ۋە باج تۆلىمەسلىك
قاتارلىق ئىشلارنىڭ كۆپ سادىر بولۇپ تۇرۇشى تۈپەيلىدىن
چېگرا ماجراسى ۋە مۇھاجىرلار ماجراسى ئۈزۈلمەي سادىر
بولۇپ تۇردى. شۇڭلاشقا، سوۋېت زېمىنىدا بەش كونسۇل-
خانىنى قۇرۇش ئوبيېكتىپ رېئاللىقنىڭ تەلىپى بولۇپ قال-
دى. جۇڭگو ۋە سوۋېت خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى دوستا-
نە بېرىش - كېلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ھەمدە قوشنىلار
ئىناق ئۆتۈش، چېگرىنى تىنچلاندۇرۇشقىمۇ پايدىلىق ئىدى.
بۇلار ئۆز ۋاقتىدىكى كونسۇلخانا مەسئۇل ئەمەلدارلىرىنىڭ
دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، ۋەتەننىڭ غۇرۇرى، مۇھاجىرلارنىڭ
مەنپەئەتىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇش ياكى قويماسلىقىغا باغ-
لىق ئىدى.



## 8. شىنجاڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ كونسۇلخانا ھوقۇقىنى ئۆز قولىغا ئېلىشتىكى مۇددىئاسى

ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن، شېڭ شىسەي زامانلىرى-
دىكى گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتلىرى بۇ بەش
كونسۇلخانىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. ئۇلار بۇ ھو-
قۇقىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ سىياسىي تەلىپىنى قاندۇر-
غانىدى. بۇ ئۈچەيلەن ئۈچۈن ئېيتقاندا، باشقىلارنىڭ ئۇ-
لارنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشى ئەڭ چوڭ ئەندىشە ئىدى.
ياڭ زېڭشىن سىرتقا قارىتا ئىشىكنى تاقىۋېلىش، شىنجاڭ-
غا قارىتا خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇشتىن ئىبارەت سىيا-
سىي پرىنسىپنى يولغا قويدى. ئۇ چېگرىدىن كىرگۈچىلەر-
گە بىردەك «قوبۇل قىلماسلىق» ئۇسۇلىنى قوللاندى. ئۇ،
ياڭگۇەندىن ياخشى ئادەم چىقمايدۇ، شىنجاڭغا كەلگەنلەر-
نىڭ ھەممىسىنى تىجمەل ئالۋاستىلار، جىنىدىن تويغان
ئوششۇقلار دەپ قارايتتى. شۇنىڭ بىلەن شىڭشىڭشيا پولات
دەرۋازىغا ئايلىنىپ، ئۇنىڭدىن بىرەرمۇ «تىجمەل ئالۋاس-
تىلار» كىرەلمەيتتى. جىن شۇرېن گەرچە بۇرۇنقى قائىدە
بويىچە ئىش ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ قانداقلا
بولمىسۇن گەنسۇ خېجۇۋلىقلارغا ئىشىكنى كەڭ ئېچىۋەتتى
ھەمدە ئۇلارغا كۆپ ئېتىبار بەردى. ئەمما شېڭ شىسەي تې-
خىمۇ قاتتىق كونترول قىلىپ ھەممە يەرگە ئىشپىيون ئورۇن-
لاشتۇرغانىدى. جىنايىتى بولمىسىمۇ يوقلاڭ ئىشلار بىلەن
ئۆلۈم جازاسى بېرىلەتتى. سەللا نارازىلىقىنى قوزغاپ قوي-

سا قېچىپ قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ سوۋېت زېمىنى تەۋەسىدىكى بەش كونسۇلخانىنىڭ ئادەم ۋە مالىيە ھوقۇقىنى قاتتىق كونترول قىلىۋېلىشىدىكى مەسىلىنىڭ تۈگۈنىمۇ مانا مۇشۇ يەردە. ناۋادا بەش كونسۇلخانىنىڭ كادىرلار ھوقۇقى مەركەزنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتسە، گومىنداڭ مەركىزىي ئۈچۈن جۇڭگو - روسىيە چېگرىسىغا بەش تېلىسكوپ ئورنىتىپ بەرگەندەك بىر ئىش بولاتتى - دە، شىنجاڭنىڭ ھەر خىل پائالىيەتلىرى ئۇنىڭ كۆزىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئەپتى - بەشىرىسى ئاشكارىلىناتتى. 1935 - يىلىدىن 1936 - يىلى ئەتىيازغىچە گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى بىلەن شېڭ شىسەي شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى بۇ بەش كونسۇلخانىنىڭ باشقۇرۇش ھوقۇقىنى بىر مەزگىل تالاشتى. گومىنداڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى كونسۇل تەيىنلەش ۋە قالدۇرۇش ھوقۇقىنى قايتۇرۇۋېلىشقا بەل باغلىدى. بۇ ئىشتا شېڭ شىسەيمۇ بوش كەلمىدى. شۇ ۋاقىتتا ئەسلىدىكى شەمەي كونسۇلى ئەنزە سادىر قىلىپ قويۇپ، ئوغرىلىقچە قېچىپ كەتكەنىدى. شېڭ شىسەي ئورنىغا ئادەم ئەۋەتكىچە گومىنداڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى چاققانلىق بىلەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ۋلادىۋوستوك باش كونسۇلخانىسىنىڭ پراكتىكانت كونسۇلى تيەن باۋچېنى شەمەيگە كونسۇلخانا ئىشلىرىنى بىرتەرەپ قىلىشقا ئەۋەتتى. شېڭ شىسەي يېقىندىن ئەۋەتىلىدىغان كونسۇل لىۋ دېئىنغا مېڭىش ئالدىدا سەن بارغاندىن كېيىن چوقۇم تيەن باۋچېنى ھەيدىۋەت دەپ تاپىلايدۇ. بۇنىڭدا باشقىچە غەرەز بار ئىدى. چۈنكى ئۇ ناۋادا



تەختتىن چۈشۈپ كېتىپ قېلىپ، قۇمۇل ئارقىلىق ئىچكىرىگە كەتمەكچى بولسا، قاتناش قولايسىز بولۇپلا قالماستىن بەلكى سىياسىي دۈشمەنلىرىمۇ ئۇنىڭ يولىنى توسىشى مۇمكىن بولۇپ، بىخەتەرلىكى كاپالەتكە ئىگە ئەمەس ئىدى. سوۋېت ئارقىلىق ماڭسا ھېچقانداق ئىش چىقمايتتى (چۆچەكتىن تۈركىستان - سىبىرىيە تۆمۈر يولى ئۈستىدىكى كىچىك بېكەت ئاياگۇسقا ماشىنا بىرقانچە سائەتتىلا يېتىپ بارغىلى بولاتتى. ئاياگۇستىن يەنە پويىزغا ئولتۇرۇپ شەمەيگە يىگىرمە كۈندىلا بارغىلى بولاتتى). شەمەي تۈركىستان - سىبىرىيە تۆمۈر يولىدىكى چوڭ بېكەت بولۇپ، شىمالدا يېڭى سىبىرىيە ئارقىلىق ياۋروپا - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنى كېسىپ ئۆتىدىغان چوڭ لىنىيە — سىبىرىيە تۆمۈر يولى بىلەن تۇتىشىدۇ. شۇڭلاشقا شەمەي ناھايىتى مۇھىم جاي. كەلگۈسىدە سوۋېت ئارقىلىق يۈننەنگە قايتقاندا بىخەتەر ھەم ئاسان بولۇشى ئۈچۈن ياڭ زېڭشىن يىراقنى كۆزلەپ قۇدىسى لىۋجاۋبىڭنى شەمەي كونسۇلخانىسىنىڭ كونسۇللۇقىغا تەيىنلىگەنىدى. جىن شۇرېنمۇ شەمەي كونسۇلخانىسىدىن ئىبارەت بۇ جايغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇ تەختتىن چۈشكەندىمۇ شىنجاڭ - لەنجۇ يولى بىلەن ماڭماي، شەمەي ئارقىلىق ئىچكىرىگە ئۆتۈپ كەتكەن.

## 4. شىنجاڭنىڭ بەش كونسۇلخانىنى كونترول قىلىۋېلىشى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوغۇق مۇئامىلىدە بولۇشى

بەش كونسۇلخانا قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە بېيجىڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ كونسۇل نامزاتىنى كۆرسىت-

شىڭگە قوشۇلغان ۋە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى بېكىتكەندىن كېيىن سوۋېت تەرەپكە مەلۇم قىلىنغان بولغانىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ياڭ زېڭشىن دەسلەپكى ئەقىدىسىدىن يېنىۋېلىپ، كونسۇللارنىڭ ھەممىسىنى دىگۇدەك شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى ئۆزى تەيىنلەيدىغان ھەم قالدۇرىدىغان بولدى. يېڭى تەيىنلەنگەن كونسۇل ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مانداتى (خىزمەتكە تەيىنلەش گۇۋاھنامىسى) بىلەن جۇڭگو كونسۇلخانىسى تۇرۇشلۇق جايدىكى سوۋېت تاشقى ئىشلار ئەمەلدارلىرىغا يولۇقۇپ قوياتتى. سوۋېت تەرەپ ئەزەلدىن ھېچقانداق قارشى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ باقمايتتى. بۇ خىل ئۇسۇل خەلقئارا تاشقى ئىشلار ئادىتىگە خىلاپ ئىدى. سوۋېت تەرەپنىڭ بۇنداق قىلىشىدىمۇ سەۋەب بار ئىدى.

سوۋېت زېمىنىدا شەمەي، زەيسان، ئالمۇتا، تاشكەنت ئەنجان قاتارلىق بەش كونسۇلخانا قۇرۇلغان بىلەن ئەمەلىي ئىش قىلىپ باقمىدى. ۋەتەننىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى ۋە مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداشقا دائىر ئىشلارنىمۇ قىلمىدى. پەقەت ئولتۇرا قىلىشىش پاسپورتىغا ئىمزا قويۇش، دۆلەتكە قايتىش ۋىزىسى بېرىش ۋە باشقا كۈندىلىك مەمۇرىي خىزمەتلەر بىلەن كۈننى ئۆتكۈزەتتى. بۇنداق كونسۇلخانا شۇ كونسۇلخانا تۇرۇشلۇق دۆلەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا يوق بىلەن باراۋەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەنپەئىتىگە قىلچىمۇ زىيىنى يوق ئىدى. بۇ ئەھۋالدا كونسۇلنى كىمنىڭ ئەۋەتكەنلىكىنى سۈرۈشتۈرۈشنىڭ نېمە ھاجىتى بولسۇن؟ شۇڭا بۇ ئىش ئۇلارغا بەش قولدەك ئېنىق بولۇپ، بۇنداق بولۇشى ئۇلارغا ياقاتتى دېسەكمۇ ئارتۇق كەتمەيدۇ. شۇڭلاشقا ئۇلار شىنجاڭ ئەۋەتكەن كونسۇلنى قانۇنلۇق دەپ



قارايتتى. 1929 - يىلى ئوتتۇرا شەرق تۆمۈر يولى ۋەقەسى تۈپەيلىدىن جۇڭگو - سوۋېت دىپلوماتىك مۇناسىۋىتى ئۈزۈلدى. لېكىن شىنجاڭ جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى يەنە سوۋېت بىلەن «شىنجاڭ - سوۋېت ۋاقىتلىق سودا كېلىشىمى» نى ئىمزالىدى. بۇ ئىنتايىن غەلىتە ئىش، ئەلۋەتتە. 1928 - يىلى ياڭ زېڭشىن قەستكە ئۇچراپ، جىن شۇرېن تەختكە چىققاندىن كېيىن تاشكەنتتە تۇرۇشلۇق كونسۇل چېن دېلى، ئالمۇتىدا تۇرۇشلۇق كونسۇل جاۋ گولياڭ ۋە شەمەيدە تۇرۇشلۇق كونسۇل مۇۋېيتۇڭلار ئارقا تىرىكى ياڭ زېڭشىن ئۆلگەندىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسىگە ئىشەنچ قىلالماي، ئۈچى بىرلىكتە موسكۋادىكى جۇڭگو ئەلچىخانىسىغا بېرىپ پائالىيەت ئېلىپ باردى. ئۇلارنىڭ مەقسىتى گومىنداڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە يېقىنلىشىش ئىدى. سوۋېت ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە ئالاھىدە دىققەت قىلدى. ھەمدە تاشكەنت تاشقى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ مەھكىمە باشلىقى ئاپراسوۋ ئوتتۇرىغا چىقىپ يۇمشاق سۆزلەر بىلەن سوۋېت تەرەپنىڭ ئوخشىمىغان پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ گومىنداڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە يېقىنلىشىشىغا قارشى تۇرغانلىق بولۇپ، باشقا مەنىدىن ئېيتقاندا، سوۋېتنىڭ شىنجاڭغا نىسبەتەن باشقىچە غەرىزى بارلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولاتتى.

## 5. بەش كونسۇلخانىدىكى قاتمۇ - قات ئىچكى سىرلار

بۇ بەش كونسۇلخانا 1924 - يىلى قۇرۇلغاندىن تارتىپ 1936 - يىلى شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەس-

لەپكى مەزگىلىگىچە ھەرقايسى كونسۇلخانىنىڭ مەسئۇللىرى، مەيلى ئۇزۇن ۋاقىت ئەمەلدارلىق خىزمىتىدە بولغان ئىۋ-چاڭبىڭ (شەمەي كونسۇلخانىسىنىڭ باش كونسۇلى)، جاڭ شىياۋ بۇ (تاشكەنت كونسۇلخانىسىنىڭ كونسۇلى)، يەن يىن-تۇڭ (ئەنجان كونسۇلخانىسىنىڭ كونسۇلى) بولسۇن ياكى شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن بېيجىڭ رۇس تىلى ئالىي تېخنىكومىنى پۈتتۈرگەن چېن دېلى (تاشكەنت كونسۇلخانى-سىنىڭ كونسۇلى)، جاۋ گولياڭ (ئالمۇتا كونسۇلخانىسىنىڭ كونسۇلى)، جاۋ گوبىڭ (شەمەي كونسۇلخانىسىنىڭ كونسۇلى)، گۇاڭ لۇ (تاشكەنت كونسۇلخانىسىنىڭ كونسۇلى)، مۇۋپىتۇڭ (ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شەمەي، ئالمۇتا كونسۇلخانىسىنىڭ كونسۇللۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن)، چاڭ يەنشياڭ (زەيسان كونسۇلخانىسىنىڭ مۇۋەققەت كونسۇلخانا مەسئۇلى، شىنجاڭ رۇس تىلى، سىياسىي قانۇن تېخنىكومىنى پۈتتۈرۈپ، 1928 - يىلدىن باشلاپ تاشقى ئىشلار ساھەسىگە كىرگەن). لىيۇ دېئېن (شەمەي كونسۇلخانىسىنىڭ كونسۇلى)، ما ۋەنلۇ (زەيسان كونسۇلخانىسىنىڭ مۇۋەققەت كونسۇلخانا مەسئۇل خادىمى)، فېڭ زوۋېن (زەيسان كونسۇلخانىسىنىڭ مۇۋەققەت كونسۇل-خانا مەسئۇل خادىمى) بولسۇن ھەممىسى كونا قائىدىلەرگە يېپىشىۋالغان بولغاچقا ھېچقانداق يېڭىلىق يارىتالمىدى. بۇنىڭ ئىچىدە لىيۇدېئېن، ماۋەنلۇ دەسلەپتە سىياسىي ساھەگە قەدەم بېسىپ بىرەر چوڭ ئىشنى قىلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماي ھەم يۇقىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمەي سۇنىڭ ئېقىمىغا قاراپ ئىش قىلىپ، ئاخىرى كىچىك بيۇروكراتقا ئايلىنىپ قالغان، باتۇچېن (ئالمۇتا كونسۇلخانىسىنىڭ كونسۇلى)، سالاچۇن (ئەنجان كونسۇلخا-



نىسىنىڭ كونسۇلى) دىن ئىبارەت بەزى كونسۇللار پەقەت رۇس تىلىنى پىششىق بىلگەچكىلا كونسۇللۇققا تەيىنلەنگە-نىدى. ئۇلار تاشقى ئىشلارغا ئائىت بىلىملەردىن خەۋەرسىز بولۇپلا قالماستىن بەلكى ئەڭ ئاددىي ساۋاتتىنمۇ خەۋەر-سىز ئىدى. بۇنداق قابىلىيەتسىز كىشىلەرنىڭ تاشقى ئىشلار ساھەسىگە كۆز بوياپ كىرىۋېلىشىغا يول قويۇش دۆلەت ئۈچۈن قىلىنغان چوڭ ھاقارەت. بۇ بەش كونسۇلخانىنىڭ ئۆتكەندىكى بارلىق كونسۇللىرى ئۆز كونسۇلخانىلىرىغا قاراش-لىق رايونلار ئىچىدە قانچىلىك مۇھاجىر بارلىقىنى، قوش دۆلەت تەۋەلىكىگە ئىگە ياكى ئىگە ئەمەس ئىكەنلىكىنى، تۇغۇلغان جايىدىكى تۇغقانلىرىنىڭ ئەھۋالى قانداق ئىكەنلىكىنى، تۇرۇشلۇق جايىدىكى مال - مۈلكى قاتارلىق ئەڭ ئادەتتىكى ماتېرىياللارنىمۇ ئىگىلىمىگەن. ئەكسىچە زەھەرلىك چېكىملىكلەرگە بېرىلىپ كېتىپ، كۈن بويى ئەپيون غاڭزىسىدىن ئايرىلالمايدىغان، ئاغزىدىن ئىس توختىمايدىغان نادانلىق قىلمىشلىرى بولسا تالاتۈزدە گەپ بولۇپ، خەلقئارا تاشقى ئىشلار ساھەسىدە كۈل-كىگە قالغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بولۇپمۇ باتۇچېن، جاۋ گوبىڭ، چاڭ يەنشياڭ قاتارلىق كىشىلەر مەشھۇر بەڭ-گىلەردىن ئىدى.

## 6. كونسۇللارنىڭ تاشقى ئىشلار ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، ھايانكەشلىك قىلىپ بېيىشى

كونسۇللۇق ھوقۇقىدىن ۋە تاشقى ئىشلار تەرەپتىكى پايدىلىق شارائىتلاردىن پايدىلىنىپ ھايانكەشلىك ھەرىكەت-لىرى بىلەن شۇغۇللىنىش، ئۇلارنىڭ «ماھىيەتلىك» خىزمى-

تى ئىدى. مۇۋپىتوك، چېن دېلى، جاۋ گوبىڭ، ماجى قاتارلىقلار بولسا بۇ تەرەپتىكى قابىللاردىن ئىدى. ئىشىنىڭ ئېپىنى تېپىپ ئەڭ بېيىغانلار مۇۋپىتوك بىلەن چېن دېلى ئىككىسى ئىدى. مۇۋپىتوك ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئالئۇتا، شەمەيىنىڭ كونسۇللۇق خىزمىتىنى ئۆتىگەن. ئۇ دائىم ئىلى، بېيجىڭ، شەمەي ئارىلىقىدا ئەركىن قاتناپ يۈرەتتى. ئۇلارنىڭ تىجارەت قىلىدىغان مېلى ئاساسلىقى رۇبلى، ئالماس، بۆكەن مۈڭگۈزى ئىدى.

رۇبلى سوۋېت تەۋەسىدىلا ئۆتىدىغان بولۇپ، چېگرا سىرتىغا ئېلىپ چىقىش مەنئى قىلىناتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قەغەز پۇل كۆپلەپ تارقىتىلغان بولغاچقا، رۇبلى پاخاللىشىپ قالىدى. بازارلاردا رۇبلىنىڭ ئوبوروت مىقدارىنىڭ ئېشىشى بىلەن تەمىنلەش ئېھتىياجىنى قاندۇرالماسلىق ئەھۋالى ئېغىرلىشىپ كەتكەنىدى. بىر قىسىم سودىگەرلەر ئۇنى يوشۇرۇن ھالدا چېگرىدىن ئېلىپ چىقىپ ھايانكەشلىك قىلاتتى. سوۋېتكە بارىدىغان مۇھاجىرلار ۋە سىبىرىيە ئارقىلىق ئىچكىرىگە قايتقان شىنجاڭ سودىگەرلىرى بولسا ئەرزان باھادا سېتىۋېلىپ، چېگرىدىن يوشۇرۇن ھالدا ئېلىپ كىرەتتى. ئۇ ۋاقىتتا چۆچەك، ئىلى، ئالتاي قاتارلىق جايلارغا ئېقىپ كىرگەن رۇبلى ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئەگەر سوۋېتكە بارىدىغان سودىگەرلەرگە ئالماشتۇرۇپ بەرمىسە كېرەكسىز قەغەزگە ئايلىنىپ قالاتتى. ئۇنى ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلى مۇنداق:

ھەر بىر سەر (شىنجاڭ ئۆلكىسى تارقاتقان قەغەز پۇل سەر بىلەن بىر بىرلىك قىلىناتتى) گە 15 تىن 30 رۇبلىغىچە تېگىشەتتى. سوۋېتكە ئاپارسا ھەممە يەردە ئىشلەتكىلى بولاتتى. جۇڭگونىڭ سوۋېتتە تۇرۇشلۇق باش كونسۇل-



خانىسى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىن ئالغان خىراجىتىنىڭ بىر قىسمىغا ماددىي بۇيۇملارنى سېتىۋېلىشتىن باشقا قالغان ھەممىسىگە رۇبلى سېتىۋېلىپ تاشقى ئىشلار ئەلچىسى ئارقىلىق كونسۇلخانىغا ئېلىپ كېتىلەتتى. كونسۇلخانىنىڭ بارلىق خىراجىتى ئاساسەن رۇبلى ئارقىلىق چىقىم قىلىناتتى. ئاشقان قىسمى بولسا كونسۇلنىڭ چۆنتىكىگە كىرەتتى. بۇ پۇل بىلەن ئالماس، بۆكەن مۈڭگۈزى قاتارلىق قىممەتلىك نەرسىلەرنى سېتىۋېلىپ، تاشقى ئىشلار پوچتىسى ئارقىلىق ئېلىپ كېلىپ كۆپ پايدا ئالاتتى. بۇ خىل ئىشلار كۆپ قېتىم تەكشۈرۈلگەن ھەمدە كونسۇلغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلىپ، شېرىكلىرى سولانغانىدى.

بەزى كونسۇللار سوۋېتنىڭ رۇبلى، ئالتۇن، بۆكەن مۈڭگۈزى قاتارلىقلارنىڭ چېگرىدىن چىقىرىلىشىنى مەنئى قىلىش ۋە رۇبلىنىڭ چەتكە ئېقىپ چىقىپ كېتىشىگە يول قويماسلىق توغرىسىدىكى قارارىدىن پايدىلىنىپ، شەخسى پۇل ئالماشتۇرۇش بىلەن كەڭ شۇغۇللاندى. ئۇنىڭ ئۇسۇلى مۇنداق ئىدى: ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلارنىڭ رۇبلى، ئامېرىكا دوللىرى ۋە بۆكەن مۈڭگۈزى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ قالاتتى. رۇبلىنى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ قەغەز پۇلىغا ياكى يوغان باش① قا سۇندۇرۇپ 20 - 30 رۇبلىغا بىر ياكى ئىككى ئۆلكە پۇلى بېرەتتى. 60 دىن 90 غىچە رۇبلىغا بىر كۈمۈش تەڭگە (يوغان باش) بېرەتتى. ئامېرىكا دوللىرى ۋە بۆكەن مۈڭگۈزىنى بولسا كونسۇل ياكى تاشقى ئىشلار پوچتىلىرى سوۋېت چېگرىسىدىن ئېلىپ چىقىپ كېتەتتى.

① مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرى تارقىتىلغان، يۈەن شىكەينىڭ باش سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن كۈمۈش تەڭگىنى دېمەكچى.

ئىش پۈتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ يەتتە ئۈلۈشى مال ئىگىسىگە، ئۈچ ئۈلۈشى ئىش ھەققى ھېسابىدا كونسۇلغا قالاتتى. ئەمەلىيەتتە بىرقانچە قېتىم كونسۇللار باھانە سەۋەبلەر بىلەن ماللارنىڭ ھەممىسىنى يۇتۇۋېلىپ، ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ھەممىدىن قۇرۇق قالغانىدى. مەسىلەن، 1932 - يىلى مۇۋېيتوك ئۆزىنىڭ يېقىن ئادىمى ۋاڭ جېڭجېنى يېڭى سىبىرىيىگە ئەۋەتىپ مۇھاجىرلاردىن 50 مىڭ رۇبلى (چېگرىدىن ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە) يىغدۇرغان. بۇ ئىشلار سوۋېتنىڭ ئەتكەسچىلىك ئىشلىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش ئورگىنى تەرىپىدىن سېزىلىپ قېلىپ رۇبلى مۇسادىرە قىلىنغان. ۋاڭ جېڭجېغا قاماق جازاسى بېرىلگەن. مۇۋېيتوڭغا بولسا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگەن. شۇ يىلى مۇۋېيتوك سوۋېت تەرەپ خېلى كۆپ ساندىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنى دۆلىتىمىزگە قايتۇرغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بۇ مۇھاجىرلاردىن خېلى كۆپ رۇبلى، ئامېرىكا دوللىرى ۋە باشقا چېگرىدىن چىقىرىش مەنئىي قىلىنغان قىممەتلىك بۇيۇملارنى يىغىۋالغان. بۇلارنى كۆمۈش تەڭگىگە سۇندۇرغاندا بىر مىليون يۈەندىن ئاشاتتى. مۇۋېيتوك بۇ ماللارنى شىنجاڭغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەندىن كېيىن ئۈچ ئۈلۈشىنى ئۆزى ئالىدىغانلىق توغرىسىدا مال ئىگىلىرى بىلەن كېلىشكەن. بۇنىڭ بىلەن مۇۋېيتوك تازا بېيىغانىدى. جاۋ گولياڭ، جاۋگوبىڭ ئاكا - ئۇكا ئىككىسىمۇ مۇۋېيتوكنىڭ بۇ خىل ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، كۆپلىگەن مۇھاجىرلارنى ئالداپ بېيىغانىدى. ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار غەزىپىنى باسالماي مۇۋېيتوك، جاۋ ئاكا - ئۇكا ۋە ماجى قاتارلىق تۆت كىشى ئۈستىدىن ئەرز قىلغان. بۇ تۆت كىشى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ خىزمىتىنى تاشلاپ



ئىچكىرىگە قېچىپ كەتكەن. كونسۇلدىن تۆۋەن خىزمەتچىلەرمۇ ئۇلارنى دوراپ، مائاشىنى بېكەن مۆڭگۆزى قاتارلىق نەرسىلەرگە ئايلاندۇرۇپ، جۇڭگوغا ئېلىپ كىرىپ پايدا ئالدى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئەيسا (1941 - يىلى مەسئۇد گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى بولغاندا باش كاتىپلىقىنى ئۆتىگەن) تاشكەنت كونسۇلى چېن دېلىنىڭ يېقىنى ئىدى. ئۇ بىرقانچە يىل ئىچىدىلا بېيىپ كەتكەن. جۇڭگوغا قايتقاندىن كېيىن ئىچكىرىگە بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ، گومىنداڭ بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، قولىدىكى پۇلغا تايىنىپ سىياسىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللاندى.

## 7. مەركەز بىلەن يەرلىكنىڭ كونسۇلخانا ھوقۇقىنى تالىشىشى

بېيياڭ مىلىتارىزمى ھۆكۈم سۈرگەن مەزگىلدە، قالايمىقان ئۇرۇشلار توختىماي، ئۆز ئىشلىرىغا چامىسى يەتمەي قالدى، ئەمىر - پەرمانلىرى ئاقماي قالدى، بۇ ھال دائىرىلارنىڭ چەت ئۆلكىلەرنى باشقۇرۇشقا قۇربىتى تېخىمۇ يەتمەيتتى. شۇڭلاشقا سوۋېتتە تۇرۇشلۇق بەش كونسۇلخانا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. ئۇنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقى شىنجاڭ ھۆكۈمدارىنىڭ قولىدا ئىدى. 1928 - يىلى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى نەنجىڭدا قۇرۇلدى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى گەرچە بەش كونسۇلخانىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى قايتۇرۇۋېلىشقا ئۇرۇنۇپ كۆرگەن بولسىمۇ لېكىن ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى. 1934 - يىلىغا بارغاندا نەنجىڭ گومىنداڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى شىنجاڭدىكى قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ، سوۋېتتە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىنىڭ ياردەمچى دىپلوماتىك ۋە-

كىلى ۋۇ ئەنزونى بەش كونسۇلخانىغا بېرىپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا ھەمدە بىر ئاز ئامېرىكا دوللىرى ئېلىۋېلىپ راسخوت ھېسابىدا بەش كونسۇلخانىغا تارقىتىپ بېرىشكە ئەۋەتتى. ئۇلارنىڭ غەرىزى كونسۇللارنىڭ مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈپ، گومىنداڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە قارىتىش ئىدى. شەمەي كونسۇلى جاۋ گوبىڭ، زەيسان كونسۇلى ماجى، ئالمۇتا كونسۇلى باتۇچىن، ئەنجان كونسۇلى يەن سۇئېن قاتارلىقلار ئۈچ ئايلىق راسخوتنى قوبۇل قىلدى. پەقەت تاشكەنت كونسۇلخانىسىنىڭ باش كونسۇلى گۇاڭ لۇ قوبۇل قىلىشنى رەت قىلدى. شېڭ شىسەي بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن دەرھال سالا چۈننى ئالمۇتا كونسۇللۇقىغا تەيىنلەپ ئەۋەتتى ھەمدە باتۇچىننى خىزمىتىدىن قالدۇرۇپ قايتۇرۇپ كەلدى. زەيسان كونسۇلى ماجى بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن باھانە كۆرسىتىپ خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىپ، ئىچكىرىگە قايتىپ كەتتى. شېڭ شىسەي تېزلا پراكتىكانت كونسۇل فىڭ زوۋېننى مۇۋەققەت كونسۇلخانىغا مەسئۇل قىلىپ ئەۋەتتى. 1935 - يىلى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى بەش كونسۇلخانىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى قايتۇرۇۋېلىش توغرىسىدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىگە رەسمىي ئۇقتۇرۇش قىلدى. لېكىن شېڭ شىسەي ئىجرا قىلىشنى رەت قىلدى. گومىنداڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى بىلەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا تېلېگراممىلار توختىماستىن ئۆتۈشۈپ تۇردى. شۇ يىلى 10 - ئايدا شىنجاڭ سوۋېتكە ئوقۇشقا چىقىدىغان ئوقۇغۇچىلارنى ئۇزىتىپ قويۇش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ سەي خېگېن ۋە زوۋ نەيجۇنى ئەۋەتىپ، ئۇلارغا سوۋېتقا بارغاندىن كېيىن



ئايرىم - ئايرىم ھالدا شەمەي ۋە ئەنجاننىڭ مۇۋەققەت كونسۇللۇقىنى ئۆتەشنى تاپىلىدى. ئەسلىدىكى شەمەي كونسۇلى جاۋگوبىڭ مۇھاجىرلارنىڭ پۇلىنى خىيانەت قىلغانلىقى ئاشكارىلىنىپ قېلىپ قېچىپ كەتكەنلىكتىن، سەي خېگېن خىزمەتنى ئۆتكۈزۈشلۈك تاپشۇرۇۋالدى. ئەنجان كونسۇلى يەن شۇئېن ھوقۇقنى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ بۇيرۇقىسىز ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى رەت قىلىپ، بۇ ئىشنى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە مەلۇم قىلدى. تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىگە تېلېگرامما ئەۋەتىپ قاتتىق سۆزلەر بىلەن ئەيىبلىدى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى قاتمال ۋەزىيەتنى ئوڭشاش ئۈچۈن مەسئۇلىيەتنى سەي خېگېن ۋە زوۋ نەيجۇنىڭ ئۈستىگە ئارتىپ قويۇپ، ئۇلارغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ قايتۇرۇپ كەلدى. باشقىدىن لىيۇ دېڭنىنى شەمەينىڭ كونسۇللۇقىغا تەيىنلەپ ئەۋەتتى. سالا چۈننى يۆتكەپ ئەنجان كونسۇللۇقىغا تەيىنلىدى. بۇ ئىككىسى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ كونسۇللۇق خىزمىتىنى ئۇزاق ۋاقىت ئىشلىدى ھەمدە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ رەسمىي بېكىتىشىگە مۇيەسسەر بولدى. 1936 - يىلى شېڭ شىسەي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ بۇ ئىشقا چامىسى يەتمەيدىغانلىقىنى كۆرۈپ، يەنە ئەسلىدىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى گۇدامىڭنى ئالمۇتا كونسۇللۇقىغا ئەۋەتتى. بۇرھان شىنجاڭ يەرلىك ماللار شىركىتىنىڭ دىرېكتورلۇقىدىن يۆتكىلىپ زەيسان كونسۇللۇقىغا تەيىنلەندى. سوۋېتتە تۇرۇشلۇق بەش كونسۇلخانىدىكى شېڭ شىسەي تەختىدىن چۈشكىچە باشتىن-ئاخىر بۇ خىل ئالاھىدە ھالەتنى ساقلاپ تۇردى. بۇنى جۇڭگو تاشقى ئىشلار تارىخىدىكى ئاجايىپ ۋەقە دېيىشكە بولىدۇ.

تەرجىمە قىلغۇچى: ھېمىت سەمەت

# شېڭ شىسەينىڭ ئۆزىنى گومىنداڭ قوينىغا ئېتىش جەريانى

لى فەنچۈن

## 1. شېڭ شىسەينىڭ ئۆزىنى گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئېتىشى

1942 - يىلى 3 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، شېڭ شىسەينىڭ 4 - ئىنىسى شېڭ شىچى جەنۇبىي گۈلزارلىقتا سۈيىقەستكە ئۇچراپ ئۆلدى. شېڭ شىسەي بۇنى باھانە قىلىپ، مۇرەككەپ «12 - ئاپرېل سۈيىقەستلىك توپىلاڭ ئەنزىسى»نى يەنە بىر قېتىم ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە كوممۇنىستلاردىن يۈز ئۆرۈشكە باشلاپ، ئۆزىنى گومىنداڭ قوينىغا ئاتتى.

ئالدى بىلەن ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى 120 دىن ئارتۇق خىزمەتچى خادىمىنى قولغا ئالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى زاڭ گۇفىڭ، شياۋ زۇشىن، ماجاۋ، مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى لى يىئاۋ، ئوفىتسېرلار مەكتىپىنىڭ پېداگوگىكا باشلىقى گو دېچى، ماشىنىلاشقان بىرىگادىنىڭ باش مەسلىھەتچىسى پىڭ خۇەنچۈڭ، پولكوۋنىك جاۋ جىڭتاڭ، قارا شەھەرنىڭ ۋالىيسى يۈ دېيى، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى



چېڭ فاڭبەي، دۇڭبېي ئارمىيىسىنىڭ گېنېرالى سۇڭ شىڭلىن، جاڭ يۈۋپېن، شۇنىڭدەك سوۋېتتە ئوقۇپ كەلگەن ئوقۇغۇچىلار، ئوفىتسېرلار مەكتىپىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مۇناسىۋىتى قويۇق بولغان ئوقۇغۇچىلار، شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش جەمئىيىتىنىڭ ۋە خەنزۇ مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ بۆلۈم باشلىقىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك خادىملاردىن بولۇپ جەمئىي 500 - 600 ئادەمنى قولغا ئېلىپ، شىنجاڭدىكى سوۋېتپەرەس خادىملارنى بىر يولىلا يوقاتتى ھەمدە ستالىندىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق خادىملىرىنى قايتۇرۇپ كېتىشنى تەلەپ قىلدى.

شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆرىگەندىن كېيىن، سوۋېت خادىملىرىغا بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، سودىگەرلەرنىڭ سوۋېت بىلەن بولغان سودىسىنى توسۇپلا قالماي، يەنە ئاممىنىڭ سوۋېت خادىملىرىغا كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى سېتىپ بېرىشىنىمۇ چەكلىدى، بويسۇنمىغانلارنى قولغا ئالدى ۋە مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقى خادىملىرىنى چېكىنىپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلدى.

ئەينى چاغلاردا جياڭ جيېشى گەنسۇنىڭ جيۇچۈەن ئەتراپىدا مۇستەھكەم مۇداپىئەلىنىش خەندىكىنى ياسىتىپ، سوۋېت كۈچلىرىنىڭ شەرققە تەسىر كۆرسىتىشىنى توسماقچى بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ قىزىل ئارمىيە 8 - پولكىنى (پولكوۋنىك ماشيەنكى، ئەمەلىيەتتە بىر ماشىنىلاشقان بىرىگادا) قۇمۇل ئەتراپىغا تۇرغۇزۇپ، گومىنداڭ قوراللىق كۈچلىرىنىڭ غەربكە ھۇجۇم قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالماقچى بولدى. تۇ-

دۇڭخابادىكى پۇلات زاۋۇتى ئەمەلىيەتتە ئايروپىلان قۇراشتۇرۇش زاۋۇتى ئىدى. شۇ چاغلاردا سوۋېت - گېرمانىيە ئۇرۇشى جىددىي بولۇپ، ئۇلار تېخىنىڭ غەربىي رايونى گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ بومباردىمان قىلىش دائىرىسى ئىچىدە ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزى ئىشلەپ چىقارغان ئايروپىلان زاپچاسلىرىنى شىنجاڭغا ئېلىپ كېلىپ، تۇدۇڭخابادا قۇراشتۇرغاندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۇچۇرۇپ كېتەتتى. مايتاغ نېفىتلىكىنى جۇڭگو - سوۋېت بىرلىشىپ ئاچقانىدى، بۇندىن باشقا سوۋېت - شىنجاڭ سودا شىركىتى ۋە ھەرقايسى قىسىملار، زاۋۇت، ئالتاي ئالتۇن كېنى قاتارلىق جايلاردا تۇرۇۋاتقان ھەربىي ئوقۇتقۇچى، مەسلىھەتچى، مەخسۇس خادىملاردىن بولۇپ تەخمىنەن 10 - 20 مىڭچە ئادەمى بار ئىدى. ئەينى چاغلاردا سوۋېت - گېرمانىيە ئۇرۇشى جىددىي باسقۇچتا تۇرۇۋاتقاچقا ستالىننىڭ بىر ۋاقىتتا ئىككىلا تەرەپكە تەڭ ئېتىبار بېرىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، شۇڭا ئۇ يۇقىرىقى خادىملارنى تەدرىجىي ھالدا چېكىندۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. قاتناش قوراللىرى ئۇرۇشقا ئىشلىتىلىۋاتقاچقا، سوۋېت ئىتتىپاقى خادىملىرى 1943 - يىلى قىشقا كەلگەندىلا ئاران كېتىپ بولالىدى. 1943 - يىلى 5 - ئايدا، قىزىل ئارمىيىنىڭ 8 - پولكى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتماقچى بولۇپ ئۈرۈمچىدىن ئۆتكەندە، شىڭ شىسەي 8 - پولكنىڭ زەربە بېرىشىدىن قورقۇپ، كېچىسى شىنجاڭ قىزلار ئىنستىتۇتىغا بېرىۋالدۇ ھەمدە قۇمۇلدىن غۇلجىغا بارغىچە بولغان يول بويلىرىغا ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇش قىلدۇ.

1942 - يىلى ئامېرىكىنىڭ مۇئاۋىن پرېزىدېنتى ۋاللاسون سوۋېت ئارقىلىق جۇڭگوغا زىيارەتكە كېلىدۇ، جياڭ



جيېشى جۇشاۋلياڭ (8 - ئۇرۇش رايونىنىڭ سىلىڭى)، ماۋباڭچۇ (جياڭ جيېشىنىڭ رەپىقىسىنىڭ ئىنىسى، ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ سىلىڭى)نى ئۆزىنىڭ شەخسىي ۋەكىلى قىلىپ، ۋاللاسوننى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىدۇ. جۇشاۋلياڭ بىلەن ماۋباڭچۇ ئۈرۈمچىدىكى مەزگىللىرىدە شىڭ شىسەينىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولىدۇ، ئۇلارنىڭ شىنجاڭغا كېلىشىدىكى يەنە بىر ۋەزىپىسى: جۇشاۋلياڭ شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەش ھەمدە شىڭ شىسەي بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە سۆھبەت ئۆتكۈزۈش؛ ماۋ باڭچۇ بولسا مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شىنجاڭنىڭ ھاۋا ئارمىيە بازىسى ۋە شىنجاڭدىن ھىندىستانغا بارىدىغان ھاۋا لىنىيىسى ئەھۋالىنى ئىگىلەشتىن ئىبارەت ئىدى. شۇ چاغلاردا گومىنداڭ ماددىي ئەشيالارنى ھاۋا قاتنىشى ئارقىلىق جۇڭگوغا ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن، جۇڭگو - ھىندىستان ھاۋا يولىنى ئاچماقچى ئىدى. شىڭ شىسەي ئۇلار ئارقىلىق گومىنداڭدىن سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ياردەملەرنى تەلەپ قىلدى، ئەلۋەتتە.

1942 - يىلى 8 - ئايدىن 9 - ئايغىچە جياڭ جيېشى غەربىي - شىمال رايونىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ جيايۈيگۇەنگە كەلگەندە شىنجاڭغا كەلمەكچى بولىدۇ، ئەمما قول ئاستىدىكىلىرى شىنجاڭنىڭ ئەھۋالى مۇرەككەپ، تېخى تەلتۆكۈس ئىگىلەپ بولالمىدۇق، دۆلەت باشلىقى دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىنى ئۈستىگە ئالغانىكەن، بۇنداق قارالمىق قىلماسلىقى كېرەك، دەپ ئۇنىڭ شىنجاڭغا كېلىشىنى توسايدۇ. شۇنىڭ بىلەن جياڭ جيېشى سۇڭ مېيلىڭنى ئۆزىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى قىلىپ شىڭ شىسەي

بىلەن سۆھبەتلەشكەندە ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىدۇ ھەممە ئۆزى لەنجۇغا بېرىپ خەۋەر كۈتىدۇ.

شېڭ شىسەي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئون يىل ئىچىدە، مەيلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېقىنىسۇن ياكى ئۆزىنى گومىنداڭ قوينىغا ئاتقان بولسۇن، ئۇنىڭ مەيدانى باشتىن - ئاخىر ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىكى ھوقۇق مەنپەئەتىنى مۇستەھكەملەشنى مەقسەت قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. موسكۋانى قورشاۋغا ئېلىش ئۇرۇشىدا شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆرۈپ، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۈچىنى سىقىپ چىقارماقچى بولدى. ئۇنىڭ ئۆزىنى گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئېتىشى گومىنداڭنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئىدى. شۇڭا سۇڭ مېيلىڭنىڭ شىنجاڭغا كېلىدىغان خەۋىرىنى گومىنداڭ تەرەپ ئۇنىڭغا رەسمىي ئۇقتۇرۇش قىلغاندىن كېيىن، بۇ شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتىدىغان ھالقىلىق ئىش بولغاچقا، ئۇ دەرھاللا ئارىسالدا بولۇپ قالدۇ. ئۇ بىر تەرەپتىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بېسىم ئىشلىتىشىدىن ئەندىشە قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن جياڭ جيېشىنىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھاۋا ئارمىيە قىسىملىرىنى ئەۋەتىپ ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشىدىن قورقتى. شۇڭا ئۇ كۆرۈنۈشتە بولسىمۇ سۇڭ مېيلىڭنى ئەڭ داغدۇغىلىق شەكىلدە كۈتۈۋالماقچى بولدى.

سۇڭ مېيلىڭ ئۈرۈمچىگە كېلىشتىن بىر كۈن بۇرۇن، شېڭ شىسەي ئوفىتسېرلار مەكتىپىنىڭ 100 دىن ئارتۇق



قابىل ئوقۇغۇچىسىنى تانكا ۋە بىرونېۋىك ماشىنىلىرى بىلەن تۇرپانغا بېرىپ يەرلىك قىسىملارغا ماسلىشىپ سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى 8 - پولكىنىڭ غەربكە كېلىشىنى توسۇش ئۈچۈن مەخپىي يولغا سالىدۇ. ئۇلار يولغا چىقىش ئالدىدا شېڭ شىسەي: «سىلەر دۇبەننىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك كادىرلىرى، سىلەرنى تەربىيىلەشتىكى مەقسەت شىنجاڭنى قوغداشتۇر. ھازىر شىنجاڭ سىلەرگە مۇھتاج، مەيلى ۋەزىيەتتە قانداق ئۆزگىرىش بولسۇن قىلچە تەۋرىنىپ قالماي، دۇبەننىڭ بارلىق بۇيرۇقلىرىنى قەتئىي ئىجرا قىلىڭلار» دەپ يوليورۇق بېرىدۇ.

دەل شۇ چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 15 تانكىسى چۆچەكتىن ئۈرۈمچىگە قاراپ يول ئالىدۇ، ئۇلار شىخودىن ئۆتكەندە شېڭ شىسەي ئاندىن بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپىدۇ - دە، دەرھال ماناس ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى چۈي جىچىڭ ۋە ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى X X گە تېلېگرامما بېرىپ، ئۈچ سائەت ئىچىدە ماناس كۆۋرۈكىنى كۆيدۈرۈۋېتىپ، تانكىلارنى توسۇش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىدۇ. چۈي جىچىڭ بۇ تېلېفوننى ئېلىپ ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەي قالىدۇ، چۈنكى ماناس كۆۋرۈكىنىڭ پۈتكىنىگە ئەمدىلا بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت بولغان بولۇپ، ئەمدىلىكتە ئۈچ سائەت ئىچىدە كۆيدۈرۈۋېتىلسە بۇ ئەقىلگە سىغمايدىغان گەپتە. چۈي جىچىڭ شېڭ شىسەي نېرۋىسىدىن ئادىشىپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ گۇمان قىلىدۇ. يەنە تېلېگرامما خاتا بېرىلىپ قالدىمىكىن دەپمۇ گۇمان قىلىپ، ئوپپۇل - توپپۇل ئىش كۆرۈشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ. شۇڭا ئۇ قايتىدىن ئۇ يەنە شېڭ شىسەيگە تېلېگرامما بېرىپ يوليورۇق سورايدۇ. شېڭ شىسەي بولسا: «دەرھال ئىجرا قىلىنسۇن»

دەپ جاۋاب تېلېگراممىسى بېرىدۇ. ئەمما چوي جىچىڭ يىنەزىن ۋە ئوتۇنلارنى ئېلىپ، ماناس دەرياسىنىڭ چوڭ كۆۋرۈكىگە بېرىپ بولغۇچە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تانكىلىرى كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ بولىدۇ. چوي جىچىڭ ئاندىنلا ئىشنىڭ تېگىگە يېتىپ پۇشايماننى ئالدىدىغان قاچا تاپالماي قالىدۇ - دە، ئامالسىزلىقتىن دەرھال شېڭ شىسەيگە خەۋەر قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شېڭ شىسەي ئوفىتسېرلار مەكتىپىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا چوڭ كۆۋرۈكتىن شەھەر ئىچىگىچە بولغان يول بويىغا توپچىلار قىسمىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا يوليورۇق قىلىدۇ ھەمدە: «تانكىلار قومۇلغا قاراپ ماڭماي ئۈرۈمچىگە كىرمەكچى بولسا توپقا تۇتۇلسۇن» دەپ بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. تانكىلار ئۈرۈمچى ئەتراپىغا كەلگەندىن كېيىن داۋاملىق شەرققە يۈرۈش قىلماي تۇدۇڭخابادىكى پولات زاۋۇتىغا كىرىپ كېتىدۇ. كېيىن چوي جىچىڭمۇ مۇشۇ ئىش سەۋەبىدىن خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلىنىدۇ.

سۇڭ مېيلىڭ چۆچەكتىن قوزغالغان كۈنى، شېڭ شىسەي ئۈرۈمچىدە ھەرخىل ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى ئېلىپ بارىدۇ. ئۇ بىر تەرەپتىن ئۈرۈمچىدىكى ئورگان خادىملىرى، ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئايرودرومدىن غەربىي چوڭ بىناغىچە بولغان ئارىلىقتا قارشى ئېلىشقا سەپەرۋەر قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن گومىنداڭ ھاۋا ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ تۇساتتىن پەيدا بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئوفىتسېرلار مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ئۆزىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك قىسىملىرىنى ئېغىر - يېنىك قوراللار بىلەن ئايرودرومنىڭ ئەتراپىغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ.



8 - ئاينىڭ 30 كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتلەردە، سۇڭ مېيلىڭ ئولتۇرغان مەخسۇس ئايروپىلان ئۈرۈمچىدىكى ئايرودرومغا قونىدۇ. ئۇ چاغدا شېڭ شىسەي بىلەن قارشى ئالغۇچى خادىملارنىڭ ئايرودرومدا كۈتكىنىگە بىرنەچچە سائەت بولۇپ قالغانىدى.

جۇ شاۋلياڭ، ماۋ باڭچۇ، لياڭ خەنساۋ، دۇڭ شەنگۋاڭ، ۋۇ جۇڭشىن، چۇ كۇنتيەن (موڭغۇل — شىزاڭ كومىتېتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى)، چىڭ ۋەنلى (مەركىزىي ئاگېنتلىقنىڭ مۇخبىرى، كېيىن مەركىزىي ئاگېنتلىقنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ مۇدىرى بولىدۇ)، ۋۇ زېشياڭ (كېيىن تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق مەخسۇس خادىمى بولىدۇ) قاتارلىقلار سۇڭ مېيلىڭ بىلەن بىرلىكتە ئۈرۈمچىگە كېلىدۇ، سۇڭ مېيلىڭ ئۈرۈمچىگە كەلگەن كۈننىڭ ئەتىسى شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنى زىيارەت قىلىدۇ. ئۇ چاغدا قىزلار ئىنستىتۇتىدىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى «خائىنلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى» ئىدى. شېڭ شىسەينىڭ رەپىقىسى چيۇ ليۇفاڭ (شىنجاڭ قىزلار ئىنستىتۇتىنىڭ باشلىقى) ئۇلارنىڭ سۇڭ مېيلىڭغا ئەرز - شىكايەت قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، سۇڭ مېيلىڭغا سۆزلىشىۋېلىپ بىر قەدەممۇ نېرى كەتمەيدۇ.

شۇ چاغدا مۇنداق بىر ۋەقە يۈز بەرگەنىدى. جاۋدەن قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئايالى يې لۇسەي كۈنى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئامالىنى قىلماقچى بولىدۇ، ئەمما مۇۋاپىق چارە تاپالماي تۇرغاندا ئۇ سۇڭ مېيلىڭنىڭ ئۈرۈمچىگە كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ئۈمىد باغلاپ، ئەرز تۇتماقچى بولىدۇ. لېكىن ئەرزنى سۇڭ مېيلىڭغا تاپشۇرۇش تەسكە توختايدۇ.

سوۋېت مېيىلىنىڭ قىزلار ئىنستىتۇتىنى زىيارەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن پايىدىغا چىقتى، يې لوسەي بۇ پۇرسەتنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويسام ئۈمىد قالمايدۇ دەپ قاراپ، پايىدا قوزغالغاندا ئۆز ھاياتىنىڭ خېيىم - خەتەرگە ئۇچرىشىغا قارىماي پايىدىغا ئۆزىنى ئاتتى. سوۋېت مېيىلىنىڭ پايىدا ئادەم سوقۇۋەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئەدەپ يۈزىسىدىن پايىدىن چۈشۈپ يې لوسەينى يۆلىدى. يې لوسەي پاتپاراقتىن پايدىلىنىپ، يازغان ئەرزىنى ئوغرىلىقچە سوۋېت مېيىلىنىڭ پەلتوسىنىڭ يانچۇقىغا تىقىپ قويدى. لېكىن سوۋېت مېيىلىنىڭ بىر كىنو ئارتىسىنى دەپ شېڭ شىسەي بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى يىرىكلەشتۈرمەيدۇ، ئەلۋەتتە. شۇڭا ئەرز خەتنىڭ قىلچە جاۋابى بولمايدۇ.

سوۋېت مېيىلىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرغان مەزگىللەردە، ھەر كۈنى كېچىسى شەھەر بويىچە ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈلۈپ، كىشىلەرنىڭ يول يۈرۈشى مەنئى قىلىنىپ، جەمئىيەت كەيپىياتى ئىنتايىن جىددىيلىشىپ كەتتى.

سوۋېت مېيىلىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى مەزگىللىرىدە شېڭ شىسەي بىلەن مەخپىي سۆھبەت ئېلىپ باردى. سۆھبەتنىڭ مەزمۇنى گەرچە نامەلۇم بولسىمۇ، لېكىن كېيىنكى بىر قاتار ئەھۋاللاردىن سۆھبەتنىڭ نەتىجىسىنى بىلىۋېلىش تەس ئەمەس. ئۇنى مۇنۇ ئۈچ نۇقتىغا يىغىنچاقلىغىلى بولىدۇ: (1) شىنجاڭدا گومىنداڭنىڭ پىرقىسىنى تەسىس قىلىش؛ (2) گومىنداڭ شىنجاڭدا ھەربىي قوشۇن تۇرغۇزۇش؛ (3) گومىنداڭنىڭ خادىملىرى شىنجاڭغا كېلىپ قۇرۇلۇشقا ياردەم بېرىش.

سوۋېت مېيىلىنىڭ ئۈرۈمچىدە ئىككى كۈن تۇرغاندىن كېيىن، ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەندە كەلگەن ئايروپىلاندا ھەم-



راھلىرى بىلەن لەنجۇغا قايتتى.

شېڭ شىسەي ئۆزىنى گومىنداڭ قوينىغا ئاتقاندىن كېيىن، 1942 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا، گومىنداڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان تاشقى ئىشلارنى بىۋاسىتە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ ئالاھىدە دىپلوماتىيە خادىم مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ، ۋۇ زېشياڭ ئالاھىدە دىپلوماتىيە خادىمى، ۋاڭ شىڭچيەن كاتىپ مۇدىرى، دىڭ ۋېيسى سوۋېت ئىتتىپاقى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولدى. كېيىن شۈي جيەنەن ئەنگلىيە، ئامېرىكا بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىقىغا ئەۋەتىلدى. ۋۇ زېشياڭ ئېنگلىز تىلىغا پىششىق بولۇپ، خۇددى ئېنگلىزلەردەكلا سۆزلەيتتى.

## 2. گومىنداڭ كۈچلىرىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشى

### (1)

شېڭ شىسەي ئۆزىنى گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئاتقاندىن كېيىن، گومىنداڭ مەركىزى دەرھال ئۆز كۈچىنى شىنجاڭغا كىرگۈزۈپ، شىنجاڭنىڭ ئارمىيە، ھۆكۈمەت، ئىقتىساد، مائارىپ قاتارلىق تارماقلىرىنى تەدرىجىي تىزگىنلەش مەقسىتىدە ئالدى بىلەن نۇقتىلىق ھالدا گومىنداڭ تەشكىلاتىنى قۇرماقچى بولدى.

جياڭ جيېشى ئۈرۈمچىدە گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىسىنى قۇرماقچى بولۇپ، بۇ ئىشنى جۇجياخۇا (مەركىزىي تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ بۇجاڭى)، چېڭ لىفۇ (مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى)، چېڭ گوفۇ (مۇھاپىزەتچىلەر

بۆلۈمى 3 - باشقارمىسىنىڭ باشلىقى)، ۋۇ تىيېچىڭ (مەركىزىي پىرقىنىڭ باش كاتىپى) قاتارلىقلارنىڭ مۇزاكىرە قىلىشىغا تاپشۇرىدۇ ھەمدە دەرھال شىڭ شىسەي شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ مۇدىر ھەيئەتلىكىنى قوشۇمچە ئۆتەش، خۇاڭ رۇجىڭ (مەركىزىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى) شۇجىجاڭ بولۇش، يۈي جېڭيىڭ، لىن بويا، جاڭ جىجى، تۇڭ شيۈي، شۈي گۇەنيۈي قاتارلىقلار ھەيئەت ئەزاسى بولۇشنى قارار قىلىدۇ. مەركىزىي تەشكىلات بۇسى ۋە مەركىزىي كاتىبات باشقارمىسىدىن چېڭ تاۋ (كېيىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ كاتىپى بولىدۇ)، لىيۇ شىېزى (تەشكىلات بۆلۈم باشلىقى)، يۈي خوشىڭ (بوغالتىرلار مۇدىرى) قاتارلىقلارنى ئۈرۈمچىگە يۆتكەيدۇ. ئۇلار يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى جۇجياخۇا ئۇلارغا: ئۈرۈمچىگە بارغاندىن كېيىن، چوقۇم شىڭ شىسەينىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلىپ، يولىيورۇقلىرىغا بويسۇنۇڭلار، شىنجاڭدىكى ھەردەرىجىلىك كونا ئورگانلار بىلەن مۇناسىۋەتنى ياخشىلاپ، سۈركىلىش پەيدا قىلماڭلار، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىپ، شىنجاڭدىكى ئازسانلىق مىللەت ياشلىرى بىلەن مۇھەببەتلىشىش، توي قىلىشىشنى ۋە مەزھەپ ئويۇشتۇرۇپ، كىچىك تەشكىلاتلارنى تەشكىللەشنى مەنئى قىلىپ، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ بىرلىكتە سىرتقا قارشى تۇرۇڭلار، دەپ يولىيورۇق بېرىدۇ. جۇجياخۇانىڭ بۇ سۆزلىرى شىنجاڭغا ماڭىدىغانلارغا بېسىپ تارقىتىپ بېرىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا شىڭ شىسەيگە بولغان سەمىمىيلىكنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، «مەركىزىي گېزىت» دە ئېلان قىلىنىدۇ. ئەمما ئىچكى جەھەتتە شىنجاڭغا ماڭىدىغانلارغا: «شىنجاڭنىڭ ئەھۋالى مۇرەككەپ،



ناھايىتى ئۆزگىرىشچان، سىلەر بۇ قېتىم شىنجاڭغا ئۈچ مەسىلىكىنىڭ سادىق مۇرتلىرى سۈپىتىدە ئۇجايىنى ئاچقىلى كېتىپ بارىسىلەر، شۇڭا ۋەتەن ئۈچۈن قۇربان بولۇش جاسارىتى ۋە ئىرادىسىگە ئىگە بولۇشۇڭلار لازىم. مەركەز سىلەرنىڭ شىنجاڭغا بېرىشىڭلار ئۈچۈن ماكانلىشىش خىراجىتى ئورۇنلاشتۇرۇپلا قالماي يەنە نەپىقە پۇلۇڭلارنىمۇ ئاجرىتىپ قويىدى، سىلەر شىنجاڭدا ھەرقانداق جاپادا قالساڭلارمۇ ۋەزىپەڭلاردىن باش تارتماسلىقىڭلار لازىم» دەپ جىكىلەيدۇ. مۇشۇ سۆزلەردىن: گومىنداڭ مەركىزىنىڭ شىنجاڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن چېگرىداش ئىكەنلىكىنى ۋە شىڭ شىسەينىڭ گېپىدە تۇرمايدىغان قارا نىيەتچى ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇڭا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىشىدىن ھوشيار تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى تەسىرىنى تۈگىتىش، شىڭ شىسەينىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولۇش ئاساسىدا، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى سىياسىي ئورنىنى مۇستەھكەملەش، شىڭ شىسەينى قولغا كەلتۈرۈپ، ئاخىرىدا ئۇنىڭ ئورنىنى ئېلىش تەدبىرىنى قوللىنىدۇ. «جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يەتكىلى بولماس»، بۇ گومىنداڭنىڭ بارلىق مىلىتارىستلارغا تۇتقان ئىزچىل پوزىتسىيىسى. شۇ چاغدا گومىنداڭ مەركىزى «شىنجاڭغا بارىدىغان خىزمەتچى خادىملارنىڭ تەمىناتتىن بەھرىمەن بولۇش چارىسى» نى تۈزۈپ، شىنجاڭغا بارىدىغان خادىملارنىڭ چۇڭچىڭ بىلەن شىنجاڭدا قوش مائاش ئالىدىغانلىقى، ئۈچ يىل خىزمەت قىلغاندىن كېيىن، يەنە يېرىم يىللىق مائاش مۇكاپات سۈپىتىدە ئارتۇق تارقىتىپ بېرىلىدىغانلىقى ھەمدە

ئىچكىرىسىگە تۇغقان يوقلاشقا يول خىراجىتى بېرىلىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن. مەركىزىي تەشكىلات بۇسى ھەرقېتىم شىنجاڭغا خادىم ئەۋەتسە، جۇ جياخۇا ئۇلارغا «خۇشلىشىش نۇتقى» سۆزلەپ يولغا سالاتتى.

1942 - يىلى قىشتا، خۇاڭ روجىڭ قاتارلىقلار ئايروپىلان بىلەن شىنجاڭغا كېلىدۇ. شېڭ شىسەي بۇ ھەقتىكى تېلېگراممىنى بۇرۇنلا تاپشۇرۇۋالغان بولۇپ، سابىق جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ ئورنىنى گومىنداڭ پىرقىسىغا ئۆزگەرتىپ بېرىدۇ، سابىق جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنى گومىنداڭ ئۆتكۈزۈۋالىدۇ. گومىنداڭ مەركىزى پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن كۆپ خىراجەت ئاجرىتىدۇ، شېڭ شىسەيمۇ خىراجەت ئاجرىتىدۇ. بۇ خىراجەتلەرگە ئۇستەل، ئورۇندۇق، ئىش بۇيۇملىرى ۋە ئۆي بېزەش بۇيۇملىرى سېتىۋېلىنغاندىن سىرت، ئىش بېجىرىش ئۆيىدىن ئون نەچچە ئېغىز سېلىنىدۇ. ئۈرۈمچى شەرقىي مەنچىڭ 6 - كوچىسىدىن بىر قورۇ (شېڭ شىسەينىڭ قېيىناتىسى چيۇ زۇڭجۈننىڭ) سېتىۋېلىنىپ «ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ ياتىقى» قىلىنىدۇ.

1943 - يىلى 1 - ئايدا ئۆلكىلىك پىرقە رەسمى قۇرۇلۇپ غەربىي چوڭ بىنادا قۇرۇلۇش مۇراسىمى ۋە ھەيئەتلەرنىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش قەسەمياد مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ. گومىنداڭ مەركىزى مەركەز ھەيئەتلىرىدىن جۇشاۋلياڭ، لياڭ خەنساۋلارنى مۇراسىمغا نازارەت قىلىشقا ئەۋەتىدۇ. بۇ كۈنى ئۆلكە بويىچە بىر كۈن دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىلىدۇ، ئۈرۈمچىدە بايراق، لوزۇنكىلار ئېسىلىپ شىنجاڭ بويىچە تەبرىكلەش يىغىنلىرى ئېچىلىپ، ئۆلكە بويىچە داغدۇ-



غىلىق بىر بايرامغا ئايلىنىدۇ.

1927 - يىلى گومىنداڭ نەنجىڭنى پايتەخت قىلىپ بېكىتكەندىن كېيىن، شىنجاڭدا گومىنداڭنىڭ ئۆلكىلىك پىرقىسى تەسىس قىلىنغانىدى، ئەمما شېڭ شىسەي تەختكە چىققاندىن كېيىن ئۆلكىلىك پىرقە ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بولۇپ، گومىنداڭ مەركىزىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، فېئودالليق پارچىلىنىش - مۇستەقىل پادىشاھلىق ھالىتى شەكىللەنگەنىدى. شۇ چاغلاردا شىنجاڭدا پەقەت «جۇڭخۇا مىنگو» نىڭ دۆلەت بايرىقىلا ئېسىلاتتى. 1943 - يىلىغا كەلگەندە شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقە قايتىدىن قۇرۇلۇپ گومىنداڭنىڭ پارتىيە بايرىقى ئېسىلىدىغان بولدى.

شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ ئەزالىرى ئىچىدە گومىنداڭ مەركىزى ئەۋەتكەن خۇاڭ رۇجىڭ، جاڭ جېڭجىلاردىن سىرت، شىنجاڭ تەرەپتىن شېڭ شىسەي — خې گېڭگۇاڭ، سۇڭ نيەنسى (شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)، چېڭ دۇڭبەي (مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى)، لى يىڭچى (شىنجاڭ ساقچى ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى)، شېڭ شىجى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ قۇرۇلۇش يىغىنىغا لياڭ خەنساۋ رىياسەتچىلىك قىلىدۇ، شېڭ شىسەي، ئۇزۇن نۇتۇق سۆزلەپ، ئۆزىنىڭ ماركسىزمغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن يەنە نېمە ئۈچۈن گومىنداڭغا بېقىنغانلىقىنىڭ سەۋەبى ۋە ئىدىيىسىنىڭ ئۆزگىرىش جەريانىنى بايان قىلىدۇ. ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق: مەن ئىلگىرى كۆپچىلىكنى باشلاپ ماركسىزمغا ئېتىقاد قىلغانىدىم، مەن ماركسىزمنى تەتقىق قىلىش جەريانىدا، ماركسىزمنىڭ نۇرغۇن خاتالىقى ۋە كەم-

چېكىتلىرىنى بايقىدىم. ماركسىزم پەلسەپىسىنىڭ ئاساسى — ماتېرىيالىستىك دىيالېكتىكا بولۇپ، ئۇ خاتادۇر. تارىخنىڭ مەركىزى ماددا ئەمەس. مەن بۇ خاتالىقنى سەزگەندىن كېيىن ماركسىزمدىن گۇمانلىنىدىغان بولۇپ قالدىم. كېيىن ئۈچ مەسلەكنى ئوقۇدۇم، ئۈچ مەسلەكتە سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ نوقۇل ھاياتلىق نەزەرىيىسى پەلسەپىسى ئاساس قىلىنغان بولۇپ، ئۇ تارىخنىڭ ئەمەلىيىتىگە تامامەن ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق كۈرەشلىرى ياشاش ئۈچۈندۇر، تارىخنىڭ تەرەققىياتى ئىنسانىيەتنىڭ ياشاش ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. مەن مۇشۇنداق سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ماركسنىڭ پاتولوگىيە ئالىمى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم. پەقەت سۇن جۇڭشەن ئەپەندىلا ھەقىقىي ئىنقىلابچى. ماركسنىڭ نەزەرىيىسى بىلەن كوممۇنىزم — جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، جۇڭگو ئۈچ مەسلەككە مۇھتاج. مەن ئىلگىرى سىلەرنى خاتا يولغا باشلاپتىمەن، بۈگۈندىن باشلاپ سىلەرنى توغرا يولغا باشلايمەن.

شېڭ شىسەينىڭ بۇ سۆزلىرى ئەينى چاغدا جەمئىيەتتە كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلغاچقا، بىرمۇنچە كىشىلەر بۇ خىل ئالدامچىلىق، قايمۇقتۇرۇش ئاستىدا تەۋرىنىپ قالدى، ھەتتا ماركسىزمغا بولغان ئېتىقادىنى ئىنكار قىلدى. شۇندىن ئېتىبارەن، شېڭ شىسەي ماركسىزمغا قارشى تۇرۇش تۇغىنى رەسمىي كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئىلغار ئىدىيىلەرنى يوقىتىشقا باشلايدۇ. ساقچى ئىشلىرى باشقارمىسىغا پۈتۈن شىنجاڭدىكى تۆرتلۈك يېزىقتىكى ئىلغار كىتابلارنى يىغىشتۇرۇشقا بۇيرۇق بېرىدۇ. يىغىلغان كىتابلارنىڭ بىر قىسمى ئۆلكە



لىك پىرقىغە تاپشۇرۇلىدۇ. كېيىن ئۆلكىلىك پىرقە بىر قىسىملىرىنى يىغىپ بىر كۆتۈپخانا قۇرىدۇ. باشقا سىياسىي كىتابلار (رۇسچە يېزىلغان «لېنىن ئەسەرلىرىدىن تۈپلام»نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نى پېچەتلەپ ئىسكىلاتقا تاشلاپ قويىدۇ (1949 - يىلى ئەتىيازدا، ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ چىگىبەي كارخانا شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى مۇ جۇڭياۋ، شۇ جىجاڭ ياڭ ۋېينىڭ رۇخسىتىنى ئېلىپ، ئىسكىلاتتا ساقلىنىۋاتقان بۇ كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى كېرەكسىز قەغەز قاتارىدا قەغەز زاۋۇتىغا سېتىپ بېرىدۇ). مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، شىنجاڭدىكى ياشلار ماركسىزم ھەققىدە ئوچۇق - ئاشكارە سۆزلىيەلمەيدۇ. «سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىست (بولشېۋىك) پارتىيىسى تارىخى» بىلەن «لېنىن ئەسەرلىرىدىن تۈپلام» قاتارلىق كىتابلار كېرەكسىز قەغەز قاتارىدا ئۈرۈمچىدە سېتىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

ئۆلكىلىك پىرقە قۇرۇلغاندىن كېيىن گومىنداڭ شىنجاڭ دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ ئالاھىدە پىرقىسى قۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭغا چيۇ ليۇشۇڭ (شېڭ شىسەينىڭ رەپىقىسىنىڭ ئىنىسى، شىنجاڭ ئوفىتسېرلار مەكتىپى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى)، جاڭ فىڭيى (دۇبەن مەھكىمىسى مەسلىھەتچىلەر باشقارمىسىنىڭ باشلىقى)، ليۇ جىڭشىن (128 - دىۋىزىيىنىڭ دىۋىزىيە كوماندىرى) قاتارلىقلار ھەيئەت ئەزاسى بولىدۇ. ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ قارمىقىدا يەنە بىۋاسىتە قاراشلىق رايونلۇق ئالاھىدە پىرقە تەسىس قىلىنىدۇ، بۇ تەشكىلاتقا شېڭ شىسەي، خۇاڭ رۇجىڭ ۋە ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ بارلىق ھەيئەتلىرى قاتنىشىدۇ. بۇندىن باشقا يەنە جۇ جياخۇانى سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ تۇرۇپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ

ھەسلىمە تېچلىقىغا قويۇلغان، شىنجاڭ نوپۇس تۈزۈمىنى ئورنىتىشقا كەلگەن چوڭ فاكتوڭ، ئۇندىن باشقا لياڭ خەنساۋلارمۇ ئۈرۈمچىدىكى ۋاقتىدا رايونلۇق پىرقىنىڭ پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىدۇ.

بۇ ئۆلكىلىك پىرقىدە، خۇاڭ رۇجىڭ باشچىلىقىدىكى «مەركەز پەرەسلەر» شىڭ شىسەينى قورشىۋېلىپ، شىڭ شىسەي ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ھاكىمىيىتىنى تىزگىنلىمەكچى بولىدۇ. لېكىن شىڭ شىسەيمۇ گومىنداڭنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەشكە ئۇرۇنىدۇ. شۇ ۋەجىدىن پوزىتسىيىسى ئەڭ قاتتىق بولغان جاڭ جىژجى بىلەن شىڭ شىسەي ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت ۋە كېلىشەلمەسلىكلەر پەيدا بولىدۇ.

(2)

گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا ئەڭ دەسلەپ قوللانغان تەدبىرى — «پارتىيىنىڭ ئادىللىقى» ھەققىدىكى تەشۋىقاتنى كەڭ - كۆلەمدە قانات يايدۇرۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار ئالدى بىلەن شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ تەشۋىقات ئاپپاراتى — «شىنجاڭ گېزىتى»نى تىزگىنلىۋالىدۇ. «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ بۇرۇنقى نامى «تەڭرى تاغ گېزىتى» بولۇپ، شىڭ شىسەي مەزگىلىدە ساكوڭلياۋ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ماشىنا - ئۈسكۈنىلەر سېتىۋېلىپ مەملىكەت ئىچىدە ئىلغار سەۋىيىگە ئىگە گېزىتخانا بولۇپ قالغانىدى. گېزىتخانا مەمۇرىي جەھەتتە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە قارايدىغان



بولسىمۇ، ئەمما سۆز - ئىبارىلەرنى قوللىنىش جەھەتتە شىڭ شىسەينىڭ بىۋاستە باشقۇرۇشىدا ئىدى. ئۆلكىلىك پىرقە قۇرۇلغاندىن كېيىن، بىر مەزگىل ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكەنىدى.

گومىنداڭ مەركىزى «شىنجاڭ گېزىتى» گە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەچكە، پەن گوڭبى «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىنىدۇ. كېيىن پەن گوڭبى مەلۇم سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن خىزمەتنى داۋاملاشتۇرالمىغانلىقتىن، مەركىزىي تەشۋىقات بۇسى لى شاكيۇنى «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ باش تەھرىرلىكىگە ئەۋەتىدۇ. «شىنجاڭ گېزىتى»گە ئىلگىرى شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋەر ۋە باش ماقالىلىرى بېسىلغان بولسا، ئەمدىلىكتە مەركىزىي ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋەرلىرى ۋە يېڭىدىن ئېلان قىلىنغان «پارتىيە گېزىتى ئوبزورى» ئېلان قىلىنىدىغان بولىدۇ. لى شاكيۇمۇ پات - پات «ئۈچ مەسلەك»، «جۇڭگونىڭ تەقدىرى»، «دۆلەت ئاساسى تەلىماتى» دېگەندەك ماقالىلەرنى تۈزۈپ ۋە تەھرىرلەپ «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلىدۇ، ھەمدە چوڭچىڭدا چىقىدىغان «مەركىزىي گېزىتى» نىڭ مەخسۇس ئوبزورلىرىنى ئېلان قىلىش ئارقىلىق، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى تەسىرىنى تۈگىتىپ، ئۈچ مەسلەك ئارقىلىق ماركسىزمنىڭ ئورنىنى ئېلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. بىر قېتىم لۇچىنىڭ مەسئۇللۇقىدىكى قوشۇمچە بەتكە ئېھتىياتسىزلىقتىن لېنىننىڭ باش سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بۇرۇنقى سېنىكا ئىشلىتىلىپ قېلىپ، ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ تەنقىدىگە قالىدۇ. ئۇ چاغدىكى «شىنجاڭ گېزىتى» ئاللىبۇرۇنلا گومىنداڭنىڭ پارتىيە گېزىتىگە ئايلىنىپ قالغانىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆلكىلىك پىرقە «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ مەتبۇئات شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، «ئۈچ مەسلەك» بىلەن «جۇڭگونىڭ تەقدىرى» نى قايتا نەشىر قىلدۇ ھەممە بۇرھانغا (شۇ چاغدا تۈرمىدە ئىدى) «ئۈچ مەسلەك» نى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلدۇرۇپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى قىسىم، ئورگان، مەكتەپلەرگە تارقىتىپ، چوقۇم ئوقۇپ مۇزاكىرە قىلىدىغان كىتاب قىلدۇ، يەنە «يېڭى شىنجاڭ»، «شىنجاڭ ئاياللىرى» دېگەن ژۇرناللارنى چىقىرىدۇ. × ئايلاردا لياڭ خەنساۋ بىلەن جاڭ جىجى كۇچا، ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن، خوتەن قاتارلىق جايلاردىكى مەسچىتلەردە جامائەتكە ئاشكارە نۇتۇق سۆزلەپ، ئۈچ مەسلەكنى تەشۋىق قىلدۇ ھەممە ئۈچ مەسلەك بىلەن بۈيۈك ئالتە سىياسەتنىڭ باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. گومىنداڭ شىڭ شىسەي ئارقىلىق ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش مەقسىتىدە، شىڭ شىسەينىڭ تەدبىرلىرىگە ئاز-تولا يول قويغانىدى. شۇڭا بۈيۈك ئالتە سىياسەتنىڭ ئىناۋىتىنى ساقلاش ئاساسىدا يەنە ئۈچ مەسلەك تەشۋىق قىلىنىپ، ئۈچ مەسلەك بىلەن بۈيۈك ئالتە سىياسەت زومۇزو بىر گەۋدە قىلىپ كىرىشتۈرۈلگەن. لياڭ خەنساۋ «ئۈچ مەسلەك بىلەن بۈيۈك ئالتە سىياسەت» تەشۋىقاتىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئورۇنلاپ بولغاندىن كېيىن، «ئۈچ مەسلەك بىلەن كوممۇنىزم» ھەققىدە ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، كوممۇنىزمنى بۇرمىلاپ قارىلايدۇ. لياڭ خەنساۋ بۇ باسقۇچتىكى ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن چوڭچىڭغا قايتىدۇ.



گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىسى — گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا ئۆز سىياسەت-تەدبىرلىرىنى يۈرگۈزىدىغان قوماندانلىق شتابى ئىدى، شۇنداقلا گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى خادىملىرىنىڭ چوڭ لاگېرى ئىدى. ئۇ قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە پەقەت «تەشۋىقات»، «تەشكىلات»، «خوجىلىق» بۆلۈملىرىلا تەسىس قىلىنغان بولۇپ، بۆلۈم ئەزالىرىنىڭ ئاز ساندىكىلىرى گومىنداڭ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن خادىملار ئىدى. بىر قىسمى «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش جەمئىيىتى» نىڭ خىزمەتچىلىرى ۋە شىڭ شىسەي بەلگىلىگەن خادىملار ئىدى.

لياڭ خەنساۋ چوڭچىڭغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ئومۇميۈزلۈك تەشۋىقاتىنى باشلىۋېتىدۇ. ئۇ مەركىزىي رادىئو ئىستانسىسىدا نۇتۇق سۆزلىگەندىن سىرت، «مەركىزىي ھەپتىلىك ژۇرنىلى» قاتارلىقلاردا ماقالە ئېلان قىلىپ، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى، شىڭ شىسەينىڭ نەتىجىلىرى ۋە شىنجاڭنىڭ مول كان بايلىقلىرى، تاغ-دەريالىرىنىڭ گۈزەللىكىنى ماختاپ، كۆككە كۆتۈرۈپ بەزى خادىملارنى شىنجاڭغا بېرىشقا قىزىقتۇرىدۇ. بۇ دەل جياڭ جيېشىنىڭ غەربىي-شىمال رايونىدىن چوڭچىڭغا قايتىپ كەلگەن ۋاقتى بولۇپ، «غەربىي-شىمالنى گۈللەندۈرەيلى» دېگەن شوئار كۆككە كۆتۈرۈلگەنىدى. جياڭ جيېشى ئۆزىنىڭ «جۇڭگونىڭ تەقدىرى» دېگەن ئەسىرىدە جاڭ چىڭۋاڭ بىلەن بەن دىڭيۈەننى دوراپ، «ياشلار چېگرا رايونىنى ئاچقۇچىلاردىن بولۇشى لازىم» دەپ قايتا-قايتا چاقىرىق قىلغان. گومىنداڭ مەركىزىي مەھكىمىسى يەنە «شىنجاڭغا بېرىپ خىزمەت قىلغۇچىلارنى تىزىملاش چارىسى» نى ئېلان قىلىدۇ. ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ بەش مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئۆزىنى تىزىم-

ھا ئالدۇردۇ. «شىنجاڭغا بارايلى» دېگەن سۆز چۈشكەندە ئەڭ مودا شوئار بولۇپ قالدۇ. شۇنداقلا ھۆكۈمەت خادىملىرى، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار ئومۇميۈزلۈك قىزغىن مۇھاكىمە قىلىدىغان مەركىزىي تېما بولۇپ قالدۇ.

1943 - يىلى 4 - ئايدا، مەركىزىي تەشكىلات بۇسى يەنە بىر تۈركۈم خىزمەتچىلەرنى شىنجاڭغا ئەۋەتتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ۋاڭ لوشىڭ (ئۆلكىلىك پىرقە تەھرىر بۆلۈمىنىڭ باشلىقى)، ۋاڭ زۇخۇي (ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ مۇپەتتىشى)، جىڭ ×× (گومىنداڭ سەنچىڭتۈەن بۆلۈمىنىڭ باشلىقى)، جاڭ يۈي (ئۈرۈمچى ناھىيىسى پىرقىسىنىڭ شۇجىجاڭى)، سۇڭ رۇڭشىڭ (مۇپەتتىش)، ماجىرچۇڭ (باي ناھىيىلىك پىرقىنىڭ شۇجىجاڭى)، لى جاڭشۆ (بۈگۈر ناھىيىلىك پىرقىنىڭ شۇجىجاڭى)، زومىڭچىڭ (ئۈرۈمچى ناھىيىلىك پىرقىنىڭ شۇ جىجاڭى)، خۇ خەنچى (مۇپەتتىش)، مىن يەنجاڭ (مەشق بۆلۈمىنىڭ باشلىقى)، يۈي جىيۈەن (جىمسار ناھىيىلىك پىرقىنىڭ شۇ جىجاڭى)، دەي جىچىڭ (يەكەن ناھىيىلىك پىرقىنىڭ شۇجىجاڭى) قاتارلىقلار بار. ئۇلار يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى، جۇ جياخۇا: «سىلەر جاڭ چيەن، بەن چاۋلارغا ئوخشاش غەربىي دىياردا خىزمەت كۆرسىتىپ»، «ۋەتەن، مىللەتكە بولغان ساداقىتىڭلارنى، ۋاپادارلىقىڭلارنى كۆرسىتىڭلار» دەپ يوليورۇق بەردى.

گومىنداڭ شىنجاڭغا خادىم ئەۋەتكەندىن سىرت، شىنجاڭمۇ ئۆز ئالدىغا كادىر يېتىشتۈردۇ. 1943 - يىلى 3 - ئايدا مەركىزىي تەلىم - تەربىيە ئۆمىكى شىنجاڭ شۆبىسى قۇرۇلۇپ، شېڭ شىسەي مۇدىر بولدۇ، خۇاڭ رۇجىڭ مۇئاۋىن مۇدىر ھەم تەلىم - تەربىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىر ھەي-



ئەتلىكىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدۇ. جاڭ جىرجى، تۇڭ شىچۈەن، لىن بويا قاتارلىقلار ھەيئەت بولدۇ، شېڭ شىجى ئىلمىي مۇدىر، شۇي گۈەنيۈي مۇئاۋىن ئىلمىي مۇدىر، خې گېڭگۇاڭ ئىشخانا مۇدىرى بولدۇ. گومىنداڭ مەركىزى يەنە ۋېي جۇڭيۈەننى ئىشخانىنىڭ كاتىپلىقىغا، يۈي خاڭنى يېتەكچىلىككە، چېڭ خۇڭخەينى يېتەكچىلىككە، تەن شىنتاڭنى مۇزىكا يېتەكچىلىكىگە تەيىنلەپ تەلىم - تەربىيە شۆبە ئۆمىكىگە ئەۋەتتىدۇ. شۆبە ئۆمەك قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، گومىنداڭ ئارمىيە، ھۆكۈمەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، شېڭ شىسەي بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ لىيۇ يۇڭشياڭ (مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى)، چۇي جىچىڭ (دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ باش كاتىپى)، پىڭ جيۈەن (مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى)، لى پۈلىن (خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى)، شېڭ شىجى، خې گېڭگۇاڭ، چېڭ دۇڭبەي، سۇڭ نيەنسى قاتارلىقلارنى چۇڭچىڭدىكى مەركىزىي تەلىم - تەربىيە ئۆمىكىگە ئاپىرىپ ئوقۇتۇپ كېلىدۇ.

گومىنداڭ مەركىزىي تەلىم - تەربىيە ئۆمىكىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەرقايسى ۋالى، ھاكىم ۋە ئورگان خىزمەتچىلىرى ئۈچ ئايدىن يېرىم يىلغىچە تەربىيىلىنىدۇ. ئادەتتە شېڭ شىسەي سۆز قىلغاندىن باشقا، ئاساسلىق دەرسلەرنى خۇاڭ رۇجىڭ، لىن بويا، جاڭ جىجى، تۇڭ شىچۈەنلەر ئۆتىدۇ. خۇاڭ رۇجىڭ «نوۇقۇل ھاياتلىق نەزەرىيىسى»، جاڭ جىجى «قىيىنچىلىقنى بىلگەندىلا ئىش ئاسانغا چۈشەر تەلىماتى» نى ئۆتىدۇ. كۇرسانتلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، بىر قىسمى ھەرقايسى مەمۇرىي ئور-

گانلارغا ئەۋەتىلسە، يەنە بىر قىسمى گومىنداڭ ئۆلكىلىك پىرقىسى تەرىپىدىن ناھىيىلەرنىڭ پىرقە شۇجىجاڭلىقىغا ۋە خىزمەتچىلىككە ئەۋەتىلىدۇ. شۆبە ئۆمەكنى گومىنداڭ ئومۇمىيۈزلۈك كونترول قىلغان بولۇپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ تايانچىلىرىنى تەربىيىلەش بازىسى قىلىۋالىدۇ، ھەمدە شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىكى تەشكىلىي كۈچى ۋە تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ.

مەركىزىي تەلىم - تەربىيە شۆبە ئۆمىكى ئون قارار ئېچىلغاندىن كېيىن، 1946 - يىلىغا كەلگەندە ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ.

1943 - يىلى يازدا، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، گومىنداڭ ئۆلكىلىك پىرقە يازلىق كانىكۇلدىن پايدىلىنىپ «پارتىيە ئىشلىرى ھەققىدە لېكسىيە سۆزلەش كۇرسى» ئېچىپ، ھەرقايسى مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلىدى.

1943 - يىلى 10 - ئايدا، گومىنداڭ ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ تەشكىلىي تارماقلىرى كېڭەيتىلىپ، كاتىبات، تەشۋىقات، تەشكىلات، تەلىم - تەربىيە باشقارمىلىرى تەسىس قىلىندۇ. خۇاڭ رۇجىڭ كاتىبات باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، تۇڭ شىچۇەن تەشۋىقات باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، يۈي چېڭيىڭ (كېيىن لىن بويا) تەشكىلىي تەلىم - تەربىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقلىقىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالىدۇ. تۆۋەندە يەنە خوجىلىق، تەشۋىقات، تەشكىلات، تەلىم - تەربىيە، پارتىيە ستاژى، پارتىيە ئۆمىكى، تەھرىر بۆلۈمى قاتارلىق يەتتە بۆلۈم ۋە كادىرلار ئىشلىرى، بوغالتىر قاتارلىق ئىككى ئىشخانا تەسىس قىلىندۇ. ناھىيىلەردىمۇ ئارقا - ئارقىدىن پىرقىلەر قۇرۇلۇپ، گومىنداڭنىڭ يېڭى تەشكىلاتلىرى دەس-



لەپكى قەدەمدە شەكىللىنىپ، كۆپلەپ پارتىيە ئەزاسى قوبۇل قىلىندۇ ھەمدە ئۈرۈمچىدە ئۆلكە دەرىجىلىك ئورگانغا بىۋاسىتە قاراشلىق راھۇنلۇق پىرقە تەسىس قىلىندۇ. ئەينى چاغدا پارتىيىگە كىرىشتە مۇنداق ئاجايىپ ئەھۋال بار ئىدى، يەنى پارتىيىگە قوبۇل قىلىنغۇچى ساقچى ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ، شېڭ شىسەي تەستىق سالاتتى. بەزىلەرنى تېخى شېڭ شىسەي ئۆزى كۆرسەتكەن ياكى پارتىيىگە كىرىشكە تونۇشتۇرغان.

1943 - يىلى 12 - ئايدا، سۇڭ نيەنسى، تۇڭ شىچۇەنلەر جەنۇبىي شىنجاڭدا، جاڭ جۈجى ئىلىدا پارتىيە ئىشلىرىنى كۆزدىن كەچۈرىدۇ. شۇندىن ئېتىبارەن گومىنداڭنىڭ تەسىر كۈچى ئۈرۈمچىدىن تارتىپ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا چوڭقۇر ئورۇن ئالىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى ئىزاھلاپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، گەرچە گومىنداڭنىڭ تەسىر كۈچى شىنجاڭغا ئۈزلۈكسىز تۈردە چوڭقۇر سىڭگەن بولسىمۇ، ئەمما شېڭ شىسەي بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ۋاقىتىنچە ئىشپىيون ئەۋەتىلمىگەن ۋە ئىشپىيون ئاپپاراتلىرى تەسىس قىلىنمىغان ئىدى، ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ ھەتتا بىرەرمۇ تېلېگرامما ئاپپاراتى يوق ئىدى، شىنجاڭ ساقچى ئىشلىرى باشقارمىسى ۋە پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئاخبارات تورلىرى يەنىلا شېڭ شىسەينىڭ ئىلكىدە بولۇپ، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى بارلىق خىزمەتچىلىرى شېڭ شىسەي ئىشپىيونلىرىنىڭ قاتتىق نازارىتى ئاستىدا ئىدى، ھەتتا كومپارتىيىلىك خادىملاردىنمۇ بەكرەك نازارەت قىلىناتتى. بىر قېتىم لى فەنچۈن، خو خەنچى، چېڭ يۈگلىڭلار نەنلياڭدىكى سوۋېتلىكلەر ئاچ-

قان «خەلقئارا كىتابخانىسى» نى كۆرۈپ ئارىلاپ چىقىدۇ، ئەمما بىرەر كىتابمۇ سېتىۋالمايدۇ. ئۇلار كىتابخانىدىن چىقىشىغا ساقچىلار ئۇلارنى توسىۋېلىپ، ئۈچ تاشتىكى پەيچۇسوغا ئاپىرىپ سوراققا تارتىدۇ ھەمدە ئۇلاردىن قايتا «خەلقئارا كىتابخانا» غا كىرمەسلىك ھەققىدە ۋەدە ئالىدۇ، ئەتىسىلا ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ شۇ جىجاڭى خۇاڭ رۇجىڭ بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپىدۇ. بەزىدە گومىنداڭ خادىملىرى كەچلىرى بىرەر يەرگە بارماقچى بولسا، دائىم دېگۈدەك بىرەر ئىككى ۋەلسىپىتلىك كىشىنىڭ كەينىگە كىرىۋالغانلىقىنى كۆرىدۇ.

شىڭ شىسەي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئون يىلچىدە ناھەق سولىنىدىغان ئىشلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، خەلقنىڭ قىلچىمۇ ئەركىنلىكى يوق ئىدى. ئادەتتىكى زاتلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تۈركۈملەپ باستۇرغانلىقىنى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭغا ئۈزلۈكسىز خادىم ئەۋەتىپ جامائەت خەۋپسىزلىكىنى باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ خىزمەتلىرىنى باشقۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، شىڭ شىسەينىڭ كىشىلەرنى قالايمىقان تۈرمىگە ئېلىشىنى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئۆگەنگەن دەپ قارايتتى. گومىنداڭ خادىملىرى شىنجاڭغا كېلىپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقە قۇرۇلغاندىن كېيىن، كىشىلەر بۇنىڭدىن كېيىن شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار بەلكىم يۈز بەرمەس دەپ ئۈمىد باغلىغانىدى. 1943 - يىلى يازدا، شىڭ شىسەي سۇڭ نيەنسى، لاڭ داۋخىڭ قاتارلىقلارنى تۈرمىدىن بوشىتىپ، مۇھىم خىزمەتكە قويدى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر شىڭ شىسەينى ئاخىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ



تەسىرىدىن قۇتۇلۇپ، ئىلگىرىكى زالىم ئىستىلىنى ئۆزگەرتتى، دەپ قاراپ، گومىنداڭنى نىجاتكار، شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتەلەيدىغان قۇدرەتلىك كۈچ دەپ تونۇيدۇ. شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ پىرقىسى ئاممىنىڭ نەزىرىدە يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە بولۇپ، ئۈچ مەسلەكمۇ ئومۇميۈزلۈك قارشى ئېلىنىدۇ. مانا بۇ شىڭ شىسەي ئۇزۇن مۇددەت سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولغاندىن كېيىن، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا ئاسانلا ئاساس يارىتالىشىدىكى مۇھىم سەۋەب.

## 3. گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيەتلىرى

(1)

گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىسىنىڭ تەشكىلى مۇكەممەللەشتۈرۈلگەندىن كېيىن، گومىنداڭ مەركىزى مائارىپ، سەھىيە قۇرۇلۇش خادىملىرىنى تۈركۈملەپ شىنجاڭغا ئەۋەتىشكە باشلايدۇ.

1943 - يىلىنىڭ باشلىرىدا، گومىنداڭ مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى چېن لىفۇ ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچىنى شىنجاڭغا كىرگۈزمەكچى بولىدۇ (گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىسىنىڭ خىزمەتچى خادىملىرىنىڭ كۆپىنچىسى جۇجياخۇا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن). شۇنىڭ بىلەن مائارىپ مىنىستىرلىكى بىر تۈركۈم پروفېسسور ۋە ئوقۇتقۇچىلارنى شىنجاڭغا ئەۋەتىدۇ. ئۇلار ۋاڭ ۋېيشى (خېنەنلىك، ئىجتىمائىي پەن ئۆگەنگەن، شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى)، رۇ × × (ئەنخۇيلۇق، پروفېسسور، ماتېماتىكا

دەرسى ئۆتىدۇ)، شۇي جياجى (تارىخ پروفېسسورى)، كۇڭ شىخاۋ (ئەدەبىيات پروفېسسورى)، شۇي جۇاڭبىن (گېرمانىيىدە مەخسۇس فىزىكا ئۆگەنگەن، فىزىكا، ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى)، چېڭ يۈگۈلىڭ (لېكتور، تارىخ دەرسىگە كىردۇ)، خۇ خۇەنجەن (جۇغراپىيە ئوقۇتقۇچىسى)، ياڭ رېنجاڭ (خۇخۇەنجەننىڭ ئايالى، جۇغراپىيە ئوقۇتقۇچىسى)، يۈي داۋېن (خىمىيە ئوقۇتقۇچىسى)، لى جېن (ئىنگلىز تىلى ئوقۇتقۇچىسى)، لى رۇي (لى جېننىڭ ئايالى، ئىنگلىز تىلى ئوقۇتقۇچىسى)، چېڭ لۇشېڭ قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. يۇقىرىقىلار شىنجاڭ مائارىپ نازارىتى تەرىپىدىن شىنجاڭ ئىنستىتۇتى، قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپى ۋە قىزلار ئىنستىتۇتىغا، ئۆلكىلىك 1 ـ دارىلمۇئەللىمىن، ئۆلكىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە تەقسىم قىلىندى.

شۇ يىلى سەھىيە مەھكىمىسى دوختۇر چېڭ زىبىڭ (ئايال، فۇجيەنلىك، ئامېرىكىدا ئوقۇغان، تۇغۇت بۆلۈمى دوختۇرى) لى ××، ياڭ ×× قاتارلىقلارنى ئۈرۈمچىگە ئەۋەتتى. ئۇلار ئۆلكىلىك دوختۇرخانىغا تەقسىم قىلىندى.

گومىنداڭ شىنجاڭ خەلق ئىشلار نازارىتى، مالىيە نازارىتىگە ۋاقىتىنچە ئۆز كۈچىنى كىرگۈزمەيدۇ (خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى يەنىلا لى فۇلىن، مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى يەنىلا پىڭ جىيۇەنەر بولۇۋېردى)، ئەمما تەمىرات نازارىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك تىزگىنلەيدۇ. شىنجاڭ ئۆلكىلىك تەمىرات نازارىتىنىڭ نازىرى لىن جىيۇڭ 1942 ـ يىلى غەربىي ـ شىمال رايونى بويىچە سانائەت ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۆمىكىنىڭ ئۆمەك باشلىقى بولۇپ، شەنشى، گەنسۇ ئۆلكىلىرىنىڭ سانائەت ئەھۋالىنى كۆزدىن



كەچۈردى. 1943 ـ يىلى گومىنداڭ بايلىق مەنبەسى كومىتېتىنىڭ كۆرستىشى بىلەن لىن جىيۇڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك تەمىرات نازارىتىنىڭ نازىرى بولغانىدى (بايلىق مەنبەسى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋېڭ ۋېنخاۋ 1942 ـ يىلى شىنجاڭغا كېلىپ شېڭ شىسەي بىلەن شىنجاڭنىڭ بايلىقىنى ئېچىپ پايدىلىنىش توغرىسىدا پىكىر ئالماشتۇرغان). لىن جىيۇڭ ئۈرۈمچىگە خېلى كۆپ قۇرۇلۇش خادىملىرىنى بىللە ئېلىپ كەلگەن (مەسىلەن، ۋاڭ خېتىڭ شىنجاڭ سۇ ئىشلىرى قۇرۇلۇش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولغان) بولۇپ، ئۈرۈمچىنىڭ چوڭ كۆۋرۈك ئەتراپىدا تۆمۈرچىلىك زاۋۇتى، شىمىگودا پولات ـ تۆمۈر زاۋۇتى بىلەن كېسلاتا زاۋۇتى قۇرۇلدى. ساۋەندە ئۈستەڭ چېپىلدى، بۇغدا كۆلىگە تۇغان سېلىندى ۋە ئۈرۈمچىدە ئەينەك زاۋۇتى قۇرۇلدى. يۇقىرىقىلارنىڭ بەزىلىرى تەدرىجىي ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، بەزىلىرى بولسا يېرىم يولدا توختاپ قالدى.

شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، گومىنداڭ مەركىزىي تۈرلۈك تەكشۈرۈش ئۆمەكلىرىنى ئارقا ـ ئارقىدىن شىنجاڭغا ئەۋەتىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. 1943 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا، لوجيالۇن باشچىلىقىدا كانچىلىق، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قاتناش قاتارلىق كەسپلەردىكى مەخسۇس خادىملاردىن تەشكىللەنگەن «دۆلەت ئاتمىسى سانائەت تەكشۈرۈش ئۆمىكى» دەپ ئاتالغان بىر ئۆمەك چۇڭچىڭدىن يولغا چىقىپ، خېشى، چىڭخەي رايونلىرىدىن ئۆتۈپ شىنجاڭغا كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ تەكشۈرۈش ئوبيېكتى ئاساسەن كان مەھسۇلاتلىرى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى، يەر قاتلىمى تۇپراق، سۇ ئىشلىرى، قاتناش، جۇغراپىيە قاتارلىقلار

بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ئۇقتىلىق تەكشۈرۈلىدۇ. تەكشۈرۈش رايونى بولسا ئۈرۈمچىدىن باشلىنىپ غۇلجىدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا ئۆتۈپ، چەت - ياقا يېزىلارغىچە بېرىپ، تۈرلۈك ستاتىستىكىلىق ماتېرىياللارنى يىغىپ خەرىتىلەرنى سىزىدۇ. ئۇلار شىنجاڭدا بىر يىلغا يېقىن تۇرۇپ يىغقان بارلىق ماتېرىياللارنى چۇڭچىڭغا ئېلىپ كېتىپ، گومىنداڭنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇنۇلۇپ، ئېلان قىلىنمايدۇ. پەقەت ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسمىلا كىتابچە قىلىپ باستۇرۇلىدۇ، مەسىلەن، سودا نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «شىنجاڭنىڭ ئىگىلىكى» قاتارلىقلار.

1943 - يىلى يۇەن ×× نىڭ باشچىلىقىدىكى ئالتە كىشىلىك «غەربىي - شىمال رايونى بويىچە تۇزچىلىقنى تەكشۈرۈش ئۆمىكى» مەخسۇس بىر ئاپتوموبىل بىلەن چۇڭچىڭدىن شىنجاڭغا كېلىپ، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭلاردا تۇز، كالىي سېلىتراسى، شۇلتا قاتارلىقلارنىڭ ئەۋرىشكىلىرىنى يىغىپ 2 - يىلى ئەتىيازدا ئۈرۈمچىدىن چۇڭچىڭغا قايتىدۇ.

1943 - يىلى 5 - ئايدا گومىنداڭ مائارىپ مىنىستىرلىكى مەمۇرىي ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى گۇلىيۇجۇن، مائارىپ مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى لومېيىۋي ۋە دۆلەت تەرجىمە - تەھرىر ئىشخانىسىنىڭ مەخسۇس خادىمى لى دوڭفاڭلار بىلەن بىرلىكتە شىنجاڭغا كېلىپ مائارىپ ئىشلىرىنى تەكشۈرىدۇ. ئۇلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا قەشقەر، خوتەن، كۇچا، تۇرپان قاتارلىق رايونلاردا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ ھەمدە «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە خاتىرىسى» نى يېزىپ چىقىدۇ. لى دوڭفاڭ



«خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە تىل دىئالوگى» نى تۈزۈپ، ئۇيغۇر تىلى بىلەن خەنزۇ تىلىنى بىر - بىرىگە زورمۇزور چېتىپ، بۇ ئىككى تىل ئۇرغۇن جەھەتتە ئوخشىشىپ كېتىدىكەن، شۇڭا ئۇلار ئوخشاش مەنبەلىك تىلدىن راۋاجلانغان بىر سىستېما دەپ تەكىتلەيدۇ. ئۇ يەنە «مەركىزىي گېزىتى» گە ئىلمىي ماقالە يېزىپ، ئۇيغۇرلار تۈركىي مىللەتلەردىن بولماستىن بەلكى خەنزۇ ئىرقىغا كىرىدۇ، دېگەن. شۇڭا ئۇ مۇھەممەت ئىمىننىڭ رەددىيە بېرىشىگە ئۇچرايدۇ.

1943 - يىلىنىڭ باشلىرىدا، گومىنداڭ ساقچى مەكتىپىنىڭ مائارىپ باشلىقى لى شىجېڭ شىنجاڭنىڭ ساقچى ئەھۋالىنى ئىگىلەش ئۈچۈن، ۋۇ ۋەنچاڭ، شې زوڭتاۋنى شىنجاڭ ساقچى مەكتىپىگە ۋەزىپە ئۆتەشكە ئەۋەتىپ، يەنىمۇ تىزگىنلەش ۋە ئۆتكۈزۈۋېلىش تەييارلىقىنى قىلىدۇ. ئەمما شېڭ شىسەي ساقچى ئىشلىرى باشقارمىسى ۋە ساقچى مەكتىپىنى شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ۋە گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى خادىملىرىنى نازارەت قىلىشتىكى كۈچلۈك قورالى قىلىۋالغانلىقتىن، باشقا كۈچلەرنىڭ كىرىشىگە ھەرگىز يول قويمايتتى. شېڭ شىسەي شىنجاڭدىن كەتكەندىن كېيىن، ساقچى ئىشلىرى باشقارمىسى بىلەن ساقچى مەكتىپىنى خۇگوجېڭ ئۆتكۈزۈۋالىدۇ، ۋۇۋەنچاڭ چۇڭچىڭغا قايتىپ كېتىدۇ.

1943 - يىلى يازدا، گومىنداڭ مەركىزىي كىنو ستۇدىيىسى ۋاڭ ياڭ بىلەن شۈي سۇلىڭنى ئۈرۈمچى بىلەن غۇلجىدا ئۇقتىلىق ھالدا مىللىيلارنىڭ تۇرمۇش ئۆرپ - ئادىتى ۋە شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇشى ھەققىدە فىلىم ئىشلەپ، جياڭ جيېشىنىڭ قول ئاستىدىكى ئالىي دەرىجىلىك خادىملارنىڭ شىنجاڭ

نىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىشى ئۈچۈن ماتېرىيال تەييارلاشقا ئەۋەتىدۇ.

1943 - يىلى يازدا، گومىنداڭ يېزا ئىگىلىك - ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكى خېنەن ئەتراپىدىكى ئاپەتكە ئۇچرىغان دېھقانلارنى شىنجاڭغا كۆچۈرۈپ، ساۋەن ئەتراپىغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. يەنە بىر قىسمىنى ئىلى تەرەپكە بوز يەر ئېچىشقا ئەۋەتمەكچى بولىدۇ. ئۇلار دەل كۈز ۋە قىش پەسىللىرىدە كەلگەنلىكتىن، ئۆي ۋە ئاشلىق جەھەتتە قىسىلىپ قالىدۇ. نەتىجىدە ئۇلارنى ساۋەن ئەتراپىدىكى ئاھالىلەر ئامال قىلىپ ئورۇنلاشتۇرىدۇ. شىنجاڭدا خىزمەت قىلىشنى خالايدىغان بەزى خادىملارمۇ ئۇلار بىلەن بىللە شىنجاڭغا كېلىدۇ. مەسىلەن، شى ياۋجۇ، ياڭ شىچۈەن، ياڭ جىڭيەن قاتارلىقلار. ئۇلار ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، ئۆزلىرى ھەرىكەت قىلىپ يۈرۈپ، ئامال قىلىپ مەكتەپ ۋە ئورگانلاردا خىزمەت تاپىدۇ.

1943 - يىلى يازدا، گومىنداڭنىڭ مۇپەتتىش مەھكىمىسى شىنجاڭدا «شىنجاڭ مۇپەتتىش مەھكىمىسى» تەسىس قىلىدۇ. بۇ ئورگانغا سابىق مەركىزىي ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ باشلىقى لوجيالۇن باشلىق بولىدۇ. مۇدىر كاتىپ ۋاڭ×× ۋە خىزمەتچى چېڭ شىلى (مەركىزىي ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ جۇغراپىيە فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن)، لى شاڭچۈەن، ۋۇجۇڭچى قاتارلىقلار لوجيالۇن بىلەن بىللە كېلىدۇ. مۇپەتتىشنىڭ شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى سۈرۈشتە قىلىشقا قىلچە ھوقۇقى بولمىغاچقا قۇرۇق جازىغا ئايلىنىپ قېلىپ، لوجيالۇن كۈنبويى شېئىر يېزىش ۋە «شىنجاڭ تەزكىرىسى»نى ئوقۇش بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزىدۇ.



1943 - يىلى قىشتا، گومىنداڭ تاموژنا باج مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى دىڭ گۈيتاڭ شىنجاڭغا كېلىپ، شىنجاڭ تاموژنا باج مەھكىمىسىنى قۇرىدۇ. جاڭ خۇڭكۈي قاتارلىقلار ئۇنىڭ بىلەن بىللە كېلىدۇ. 2 - يىلى قۇمۇل، غۇلجا، ئۈچتۇرپان، قەشقەردىن ئىبارەت تۆت ئورۇندا شۆبە تاموژنا قۇرۇلىدۇ، دىڭ گۈيتاڭ شىنجاڭ تاموژنا باج مەھكىمىسىگە باشلىق بولىدۇ. تۇتۇلىدىغان ماللار تەكشۈرۈلۈپ چېگرا بېجى ئېلىنىدۇ.

شۇ يىلى، گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ سىنگبۇسى قۇرۇقلۇق ئۆلچەش ئەترىتىنى شىنجاڭغا ئەۋەتىدۇ. بۇ ئەترەت ئۈرۈمچى شامالباغ ئەتراپىغا ئورۇنلىشىپ شىنجاڭنىڭ خەرىتىسىنى سىزىشقا باشلايدۇ.

شۇ يىلى كۈزدە، گومىنداڭنىڭ مەركىزىي ئاگېنتلىقى ئۈرۈمچى شۆبىسىنى قۇرۇپ، چېڭ ۋەنلىنى مۇدىرلىققا ئەۋەتىدۇ، تەھرىر شېڭ زۇگلىن، تېلېگراممىچى لى گۇاڭيى، ليۇ فۇباۋ قاتارلىقلار ئۇنىڭ بىلەن بىللە كېلىدۇ. ئۇلار 200 ۋاتلىق تېلېگرامما بېرىش ئاپپاراتىدىن بىرنى ئېلىپ كېلىپ، ئۈرۈمچىدە شېڭ شىسەينىڭ بارلىق پائالىيەتلىرىنى پايدىلىنىش خەۋىرى سۈپىتىدە مەركىزىي ئاگېنتلىققا يوللاپ تۇرىدۇ.

شۇ يىلى، پىلىچىلىك مۇتەخەسسىسى جاۋ خۇڭجى بوياش - توقۇش، پىلە ئۇرۇقى، ئىپەك تارتىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى تېخنىكا خادىملىرىنى باشلاپ شىنجاڭغا كېلىپ، خوتەندە پىلە ئۇرۇقىنى يېتىشتۈرۈش تەجرىبە فېرمىسى قۇرۇپ، سىچۈەندىن ئېلىپ كەلگەن جۇڭگونىڭ ئەلا سورتلۇق پىلە ئۇرۇقىنى خوتەندە سىناق قىلىپ كۆپەيتىدۇ ۋە خەلق

گىچىدە تومۇملاشتۇرىدۇ ھەمدە لوپ، قارىقاش قاتارلىق ناھىيىلەردە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئىپەك تارتىش فېرمىسى بىلەن پىلە ئۇرۇقى فېرمىسى قۇرۇلىدۇ.

مايتاغ نېفىتلىكىنى شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى شېرىكلىشىپ ئاچقان بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ماشىنا قۇرۇلۇش ۋە تېخنىكا ئىشلىرى بىلەن تەمىنلەش، شىنجاڭ تەرەپ بايلىق مەنبەيى بىلەن تەمىنلەشنى ئۈستىگە ئالغان. ماي ئايرىش ماشىنىلىرى ۋە ئاساسلىق ئۈسكۈنە، سۇ، نېفىت تۇرۇبىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۆتكەپ كېلىنگەن بولۇپ، سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرى چېكىنىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، نېفىت ئايرىش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ھەممىسىنى گومىنداڭ ئۆتكۈزۈۋالدى ھەمدە يۈيمەن نېفىتلىكىدىن لى ×× نى مايتاغ نېفىتلىكىنىڭ مۇدىرلىقىغا يۆتكەپ كېلىپ ئىشلەپ چىقىرىشنى داۋاملاشتۇردى.

گومىنداڭ ئۆز كۈچىنى شىنجاڭدا تەدرىجىي كېڭەيتىشكە باشلايدۇ. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تۇدۇڭخابا تۆمۈرچىلىق زاۋۇتىنى يۇقىرى باھادا سېتىۋېلىپ، ئۆز تەشكىلاتىنى كېڭەيتىپ، ئاساسىنى مۇستەھكەملەپ، سىستېمىلىرىنى تۇرغۇزىدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسىگە قورال كۈچىنى ئارقا تىرەك قىلىشقا توغرا كېلەتتى. شۇڭا شېڭ شىسەي بىلەن قايتا - قايتا كېلىشىش ئارقىلىق، «دۆلەت مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەپ، تاجاۋۇزچىلىققا ئۇچراشنىڭ ئالدىنى ئېلىش» نى سەۋەب قىلىپ، 1944 - يىلىدىن باشلاپ، خېشىدىن 27 - جىتۇەنجۈننىڭ باش قوماندانى لى تېيجۈن (باش مەسلىھەتچى خوشېڭ ئىدى) نى قۇمۇلغا يۆتكەيدۇ، ئۇنىڭغا قاراشلىق 48 - دىۋىزىيە چىتەيگە، 45 - دىۋى-



زىيە (دىۋىزىيە كوماندىرى شې يېفېڭ) باركۆلگە، زاپاس 7 - دىۋىزىيە (دىۋىزىيە كوماندىرى لى يۈيشياڭ، ئۈرۈمچى لومەنچىڭغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. گومىنداڭ قىسىملىرىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىگە، شېڭ شىسەي نائىلاج بولۇپ قوشۇلىدۇ. ئۇنىڭ مۇددىئاسى سوۋېت ئىتتىپاقىغا تاقابىل تۇرۇش ۋە ئوسماننىڭ شىمالىي شىنجاڭدىكى توپىلىڭىنى باستۇرۇش ئۈچۈن گومىنداڭنىڭ قورالىي ئارقىلىق ئۆز كۈچىنى مۇستەھكەملەش ئىدى. گومىنداڭنىڭ كۈچلىرى شىنجاڭغا ئارقا - ئارقىدىن كىرگەندىن كېيىن، شېڭ شىسەي گەرچە ھەر جەھەتتىن ئېھتىيات قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز مەنپەئەتىگە دەخلى قىلىشقا يول قويمىغان بولسىمۇ، ئەمما گومىنداڭ قىسىملىرىنىڭ غەربكە كىرىشىنى يوشۇرۇن ئاپەت دەپ قارايدۇ. شۇڭا گومىنداڭ قىسىملىرى شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن، شېڭ شىسەي ئېھتىيات ئۈچۈن ئۆز قىسىملىرىنىڭ بىر قىسمىنى شەرقىي شىنجاڭ بىلەن ئۈرۈمچىدە قالدۇرۇپ، ئاساسىي قوشۇنىنى ئوسماننى يوقىتىش ئۈچۈن كۆكتوقاي ئەتراپىغا يۆتكەيدۇ.

گومىنداڭ شىنجاڭنىڭ چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەپ، شىڭشىڭشيادىن شىنجاڭغا كىرىدىغان يولنىڭ ئۇرۇش ۋاقتىدا ئۈزۈلۈپ قېلىش خەۋپىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، دۇڭخۇاڭدىن چاقىلىققا بارىدىغان «جەنۇبىي شىنجاڭ تاشيولى» ياساپ، ئۇنى خېشىدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا بارىدىغان مۇھىم يول قىلماقچى بولىدۇ. ئۇ لەنجۇدىن قۇمۇلغا بارىدىغان تاشيول بىلەن بىرلىكتە ئېلىپ بېرىلىدۇ. 1943 - يىلى، گومىنداڭ قاتناش مىنىستىرلىكىدىكى قۇرۇلۇش ئىنژېنېرى

ۋۇ XX (ئامېرىكىدا ئوقۇغان، جياڭسۇلۇق) نى جەنۇبىي شىنجاڭ تاشيولى لىنىيىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئۆلچەپ كېلىشكە ئەۋەتىدۇ. دۇبەن مەھكىمىسى ئۇنىڭغا ھەممە تەرەپلەردىن قولايلىق يارىتىپ بېرىپ، ئات - ئۇلاغ، ئاشلىق، سۇ ۋە بىر روتا ئاتلىق ئەسكەرنى مۇھاپىزەت قىلىشقا سەپلەپ بېرىدۇ. چاقىلىقتىن دوڭخۇاڭغا بېرىشقا ئاتلىق 24 كۈن، ماشىنا بىلەن توققۇز كۈن كېتەتتى. ماشىنىدا ماڭسا بەش كۈنلۈك يول ئۈستىدە سۇ يوق ئىدى. كېيىن گومىنداڭ نۇرغۇن ئادەم كۈچى تەشكىللەپ 1946 - يىلى بۇ تاشيول قۇرۇلۇشىنى پۈتتۈردى.

(2)

شېڭ شىسەي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە ناھەق سولىنىدىغان ئىشلار ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئادەتتە «سۇيىقەستلىك توپىلاڭ ئەنزىسى» سەۋەب قىلىناتتى. گومىنداڭچىلار كوممۇنىستلارنى قولغا ئېلىشقا بەك ئېتىبار بېرەتتى. 1943 - يىلى 4 - ئايدا، گومىنداڭ مەركىزىي ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى ۋاڭ دېفۇ باشچىلىقىدىكى «مەركىزىي سوتچىلار ئۆمىكى» نى شىنجاڭغا ئەۋەتىدۇ. ئۇلار شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن «12 - ئاپرېل ئەنزىسى»، «دۇجۇڭيۈەن ئەنزىسى» ۋە «ئالتاي توپىلىڭى ئەنزىسى» قاتارلىقلارنى قايتا تەكشۈرۈپ چىقىدۇ. بۇ جەمئىي تۆت كىشىلىك ئۆمەك بولۇپ، ۋاڭ دېفۇدىن باشقا يەنە لى يۈەنفۇ (قاتناش مىنىستىرلىكىنىڭ مەخسۇس خادىمى، جۇڭتۇڭ ئىشپىيونى)، جىڭ دالۇن (ھەربىي ئىشلار كومىتېتى



ھەربىي قانۇنغا نازارەت قىلىش باش بۇسىنىڭ تەپتىشى، جۇڭتۇڭ ئىشپىيونى)، جۇ شۇشىڭ (ئالىي سوتنىڭ سوت ئەھۋالىغا باھا بەرگۈچى ئەمەلدارى) بار ئىدى.

ۋاڭ دېفۇ دۇڭبېيلىق بولۇپ، شېڭ شىسەينىڭ يۇرتدىشى ئىدى. ئۇ شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، شېڭ شىسەينىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولىدۇ. شېڭ شىسەي قەلبىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن شىنجاڭدىكى كۆپ يىللاردىن بۇيانقى سىياسىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ جەريانى، يۈز بەرگەن سۇيىقەستلىك توپىلاڭ ئەنزىلىرى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قانداق ناجاۋۇز قىلغانلىقى قاتارلىقلارنى راستىغا يالغاننى قوشۇپ راسا جانلىق قىلىپ سۆزلەپ: شىنجاڭ چېگرا رايونىغا جايلاشقان بولۇپ، «ياپونىيە ئەنگلىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت ئۈچ جاھانگىر مەملىكەتنىڭ قورشاۋىدا قالدى، ئۇلارنىڭ ھەر قايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا شىنجاڭنى يۇتۇۋېتىش قارا نىيىتى بولغاچقا، شىنجاڭغا مەخپىي ھالدا جاسۇس ئەۋەتىپ ئاخبارات ئىگىلىدى. ھەمدە ئاغدۇرمىچىلىق، سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلەرنى قىلىپ، ئۆز مۇددىئالىرىغا يېتىشنى كۆزلىدى. «شىنجاڭنىڭ مەڭگۈ جۇڭگو زېمىنى ئىكەنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش» ئۈچۈن، ئۇلارغا تېگىشلىك تەدبىرلەرنى قوللاندىم. شىنجاڭدىكى تۈرمىلەرنىڭ كۆپ بولۇشىغا شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇرەككەپلىكى ۋە جاھانگىرلارنىڭ شىنجاڭنى يۇتۇۋېتىش غەرىزى سەۋەبچى بولغان. بولۇپمۇ ئەڭ يامىنى شۇكى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭغا قارىتا قارا نىيىتى بولغاچقا، ئۇلار ئەۋەتكەن مەسلىھەتچى، مۇتەخەسسىس، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى جاسۇسلا ئىدى ھەمدە ئۇلار يەرلىكلەردىن ئاخباراتچىلارنى تەربىيىلىدى. شېڭ

شىچېننىڭ قەستىگە ئۇچرىشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلماقچى بولغانلىقىنىڭ كونكرېت مىسالى، دەيدۇ ۋە ئۆزىنىڭ شىنجاڭنىڭ مەڭگۈ جۇڭگو زېمىنى ئىكەنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈپ، كۆپ قېتىملىق ھەربىي ئۆزگىرىش ۋە سىياسىي سۇيىقەست ئىچىدە ئون يىلدىن ئارتۇق بەرداشلىق بېرىپ، ئاخىرى شىنجاڭنى مەركەزگە ئۆتكۈزۈپ بەرگەنلىكىنى ئىزھار قىلىدۇ. ۋاڭ دېفۇ شېڭ شىسەينىڭ بۇ سۆزلىرىگە ئىشىنىپ، شېڭ شىسەيگە ئىنتايىن قايىل بولىدۇ.

شېڭ شىسەي تىلغا ئالغان ئەنگلىيە، ياپونىيە جاھانگىرلىرىنىڭ شىنجاڭغا سۇيىقەست ئىشلەتمەكچى بولغانلىقى تارىخىي پاكىتلارغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. ياپونىيە مانجۇرىيە دۆلىتىنى قۇرغاندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى يەرلىك مىللىي زات ئىسمايىل ھاجى بىلەن ئالاقىلىشىپ، شىنجاڭدا ئىسلام دۆلىتى قۇرماقچى بولغان، گېرمانىيىمۇ ياۋروپا - ئاسىيا ئاۋىئاتسىيە شىركىتىدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭدا ئاخبارات خادىملىرىنى تۇرغۇزغان، ئەنگلىيە تېخى جەنۇبىي شىنجاڭدا «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرغان، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاخبارات ئورگانلىرى شىنجاڭدا ئاخبارات خادىملىرىنى يېتىشتۈرگەن. مەسىلەن، ئۇرۇمچى ناھىيىسىنىڭ سابىق ھاكىمى سۇلىيەنخې ئۆزىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى خادىملىرى تەرىپىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاخبارات تەشكىلاتىغا تونۇشتۇرۇلۇپ، ئانكېت توشقۇزغانلىقىنى ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئاخبارات يەتكۈزۈپ بەرگەنلىكىنى ئىقرار قىلغان بولۇپ، شېڭ شىسەي بۇ پاكىتلاردىن پايدىلىنىپ، بىر قاتار سۇيىقەستلىك توپىلاڭ ئەنزىلىرىنى پەيدا قىلىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ سى-



ياسىي مۇددىئاسى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغان. بۇ ئەلۋەتتە باشقا بىر ئىش. مەسىلەن، ئۇ «شىنجاڭدا گومىنداڭ يوق، ئەگەر بار دېگەندىمۇ، ئۇلار ساتقۇنلاردۇر. شىنجاڭدا كوممۇنىستىك پارتىيە يوق، ئەگەر بار دېگەندىمۇ ئۇلار تروتسكىچىلاردۇر» دەپ ئېيتقان. بۇ ئەلۋەتتە ئۇنىڭ قارشى كۈچلەرگە زەربە بېرىش ئۈچۈن توقۇپ چىققان سۆز - چۆچەكلىرىدۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ سىياسىي مۇددىئاسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئوپىرماس كالپۇكلىرىنى ھەر خىل، ھەر ياڭزا ئىشقا سېلىشقا ماھىر ئىدى.

ۋاڭ دېفۇ ئاتالمىش «سۇيىقەستلىك توپىلاڭ ئەنزە»لەرنىڭ سىرىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن، چېيۇ لىيۇشۇڭ، لى فۇلىنلار بىلەن تۈرمىگە بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ. تۈرمىگە ناھەق سولانغان بىگۇنا ئادەملەر ۋاڭ دېفۇنىڭ «مەركەزنىڭ مۇھىم خادىمى» ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ زور ئۈمىد كۈتىدۇ. ئەمما شېڭ شىسەي ئالدىبۇرۇنلا ھىيلە - نەيرەڭ ئىشلىتىپ، لى چېيىڭغا ئەنزە ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىشكە بۇيرۇق بېرىدۇ. ھەمدە «تروتسكىچىلار» كوممۇنىستقا ئۆزگەرتىلىپ، جاۋابكارلارغا شۇ بويىچە ئىقرار قىلىش، ئۇنداق بولمايدىكەن ئۆلۈمگە تارتىلىدىغانلىقى ھەققىدە ئۇقتۇرۇش قىلىنىدۇ. شۇڭا ۋاڭ دېفۇ قايتا سوراق قىلغاندا گەرچە جاۋابكارلارغا كەڭ - كۇشادە سۆزلەشكە بۇيرۇق قىلغان بولسىمۇ، ئەمما جاۋابكارلار ھېچنېمە دېمەي ئولتۇرۇۋالىدۇ. ۋاڭ دېفۇ ئۇلاردىن ئىقرارىڭلار پاكىتقا ئۇيغۇنمۇ - يوق دەپ سورىسا، ئۇلار نائىلاج ئۇيغۇن دەپ جاۋاب بېرىشىدۇ. شۇ سەۋەبتىن بۇ قېتىمقى قايتا سوراق تۈرمىدىكى ئاممىغا قىلچىمۇ پايدا يەتكۈزمىدى. ئەكسىچە، يالغان ئەنزىلەر تې-

خىمۇ ئىشەنچلىك بولۇپ، «مەھبۇسلار»غا تېخىمۇ ئېغىر گۇناھلار يۈكلىنىدۇ.

ۋاڭ دېفۇ شىنجاڭدا تۇرغان مەزگىلدە ماۋ زېمىن، چېن تەنچيۇ، لىن جىلۇ، چېڭ شېۋېيگۇلار ئالاھىدە قايتا سوراق قىلىنىدۇ. شىنجاڭ ساقچى ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى لى يىڭچىنىڭ ئازادلىقتىن كېيىن ئىقرار قىلىشىچە، ماۋ زېمىن كىرىس جازىسىغا باغلىنىپ، جۇنتۇڭ ئىشپىيونى جى يۈەنفۇنىڭ قاتتىق ئۇرۇشى ۋە ھاقارىتىگە ئۇچرىغان، چېن تەنچيۇمۇ ھەر قېتىم سوراق قىلىنغاندا قامچىنىڭ دەستىدىن تەنلىرى تىلىم - تىلىم بولۇپ كەتكەن.

ۋاڭ دېفۇ «قايتا سوراق» ئارقىلىق «سۈيىقەستلىك توپىلاڭ ئەنزىلىرى»گە قەتئىي ئىشىنىپ، بارلىق ئەنزە ئەھۋاللىرىنى چۈگچىڭغا ئېلىپ كېتىدۇ، ھەممە جىياڭ جېيېشىغا دوكلات قىلىدۇ. شېڭ شىسەي بولسا ۋاڭ دېفۇدىن پايدىلىنىپ، ئۆزى پەيدا قىلغان «سۈيىقەستلىك توپىلاڭ ئەنزە»لەرنى كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلدۇرىدۇ. نەچچە ئون مىڭلىغان كىشىنىڭ تەقدىرى ۋاڭ دېفۇنىڭ سەۋەبى تۈپەيلىدىن ناھەق پېتى قېلىۋېرىدۇ. ۋاڭ دېفۇ چۈگچىڭدا «سۈيىقەستلىك توپىلاڭ ئەنزە»لەرنىڭ مۇھىملىرىنى تاللاپ ھە دەپ تەشۋىق قىلىدۇ. 1943 - يىلى 7 - ئايدا، كىچىك ئارشاڭدىكى مەركىزىي سىياسىي مەكتەپتە تېخى مۇشۇ ھەقتە بىر قېتىم نۇتۇق سۆزلەيدۇ. شۇندىن ئېتىبارەن، بۇ «سۈيىقەستلىك توپىلاڭ ئەنزىسى» بەئەينى راستەك گومىنداڭ مەركىزىدە كەڭ تارقىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلار شېڭ شىسەينىڭ قىلتىقىغا چۈشۈپ كېتىدۇ.

شېڭ شىسەي «12 - ئاپرېل توپىلاڭ ئەنزىسى»نى



ستالىنغا مەلۇم قىلىدۇ. لېكىن سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئەمەلىي ئەھۋالنى گومىنداڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە مەلۇم قىلىدۇ. ئەمما ئىككى تەرەپنىڭ ئېيتقانلىرى بىر - بىرىگە پەقەتلا ئوخشىمايدۇ. گومىنداڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قارشى مەيداندا تۇرۇپ كۆزىتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگوغا ئىچىل ھالدا تاجاۋۇز قىلىپ كەلگەن دەپ بىلىپ، ئەلۋەتتە شېڭ شىسەيگە ئىشىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئىشەنمەيدۇ. گومىنداڭ، سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭدا سۈيىقەستلىك توپىلاڭ پەيدا قىلىپ تۇرۇقلۇق، ئەكسىنچە يەنە شېڭ شىسەينى تۆھمەت چاپلاۋاتىدۇ دەۋاتىدۇ، دەپ قارايدۇ. يەن گۇڭبى چۈگچىڭدا لى فەنچۇڭگە بۇ ئىشنىڭ سىرىنى سۆزلەپ بېرىپ: «قاراڭ، سوۋېتلىكلەر ئەنە شۇنداق قارا نىيەتچى، شىنجاڭنىڭ ئەھۋالى مۇرەككەپ، سىلەر شىنجاڭغا بارغاندىن كېيىن، ئىنتايىن ھوشيار بولۇڭلار» دەيدۇ. بۇ قېتىمقى سىياسىي قىماردا گومىنداڭ قىلتاققا چۈشىدۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى تۆھمەتكە قالىدۇ، ئەمما شېڭ شىسەي بولسا، ئۇتۇپ چىقىدۇ. مانا بۇ ئەينى چاغدىكى تارىخىي پاكىتتۇر.

جىياڭ جېيېشى ۋاڭ دېفۇنىڭ دوكلاتىغا ئاساسەن، 1943 - يىلى يازدا، شېڭ شىسەيگە ماۋ زېمىن، چېن تەنچيۇ، لىن جىلۇ قاتارلىقلارنى ئۆلتۈرۈش ھەققىدە بۇيرۇق بېرىدۇ. لى يىڭچىنىڭ ئىقرار قىلىشىچە، ساقچى ئىشلار باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لىيۇ بىڭدى شېڭ شىسەينىڭ بۇيرۇقىنى ئېلىپ ئۈرۈمچى داشىمىدىكى 2 - تۈرمىگە بېرىپ، تۈرمە باشلىقى جاڭ سىشىنگە يۈز تۇرانە يوليورۇق بەرگەن. جاڭ سىشىن ماۋ زېمىن قاتارلىقلارنى بىر - بىرلەپ تۈرمىدىن ئېلىپ چىقىپ، جاللات ياڭ داتۇ

قاتارلىقلارنى بىر قاراڭغۇ ئۆيگە مۆكتۈرۈپ قويۇپ، ماۋ زېمىن قاتارلىقلارنى بىر - بىرلەپ قاراڭغۇ ئۆيگە ئىتتىرىپ كىرگۈزگەن. ياڭ داتۇ قاتارلىق جاللاتلار ئارغامچا بىلەن ئۇلارنىڭ گېلىدىن بوغۇپ، ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، ئاپتوموبىل بىلەن ليۇداۋانغا ئاپىرىپ كۆمۈۋەتكەن. چېڭ شيۇيىڭ، سۇزوشىن، ماجاۋ، ياۋ جىجۇڭ، زاڭ گوفىڭ قاتارلىقلار ئۇلار بىلەن بىرلىكتە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان. شېڭ شىسەي ماۋ زېمىن قاتارلىقلارنىڭ جەسەتلىرىنى سۈرەتكە ئېلىپ، 1943 - يىل 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى چۇڭچىڭغا ئاپىرىپ، جياڭ جيېشىغا سۇنغان (يەنە بىر ئېيتىشلاردا، شېڭ شىسەي 1943 - يىلى 9 - ئايدا چۇڭچىڭغا بارغاندا، جياڭ جيېشىنىڭ بۇيرۇقىنى ئېلىپ، چۇڭچىڭدىن لى يىڭچىغا تېلېگرامما بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ماۋ زېمىن قاتارلىق ئىنقىلابىي قۇربانلار زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان دېيىلىدۇ).

1941 - يىلى 7 - ئايدا، شېڭ شىسەي «تروتسكىچىلار» دېگەن يوق جىنايەت بىلەن دۇ جۇڭيۈەننى قولغا ئالىدۇ. ۋاڭ دېفۇ ئۇنى قايتا سوراق قىلغاندا، شېڭ شىسەي دۇ جۇڭيۈەننىڭ جىنايىتىنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەخپىي ئەزاسى دەپ ئۆزگەرتىپ، ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇش پائالىيىتى ئېلىپ بارغان دەيدۇ. ۋاڭ دېفۇ چۇڭچىڭغا كەتكەندىن كېيىن، شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ شەخسىي دوختۇرى خۇ زوبىغا بۇيرۇق بېرىپ، دۇ جۇڭيۈەنگە زەھەرلىك ئوكۇل سېلىپ ئۆلتۈرىدۇ.

يەنە ئېيتقاندا، 1942 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1943 - يىلىنىڭ كۈزلىرىگىچە بولغان ۋاقىت، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا قۇرۇلۇپ، راۋاجلىنىپ، مۇستەھكەملەنگەن، ھەر تەرەپلىمە ئورۇنلاشتۇرۇشلىرى تاماملانغان ۋە ھەرقايسى تارماقلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى تەدرىجىي قانات يايدۇرۇلغان ۋاقىت ھېسابلىنىدۇ. گومىنداڭ خادىملىرى شېڭ شىسەينىڭ تەشۋىقاتىنىڭ تەسىرىدە، ئاتالمىش «سوۋېتقەستلىك توپىلاڭ ئەنزىلىرى» گە قەتئىي ئىشىنىدۇ، شۇڭا ئۇلاردا كوممۇنىستلارنى چەتكە قېقىش، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆچمەنلىك قىلىش ئىدىيىسى ئومۇمىيۈزلۈك ساقلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار گومىنداڭنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى كۈچلىرىنى تازىلاشتا چوقۇم غالىب كېلىپ شىنجاڭنى مەركەزنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىگە ئالىدۇ دەپ قاراپ، غالىپلار قاتارىدا مەيدانغا چىقىپ، يەرلىك خىزمەتچىلەرنى كۆزگە ئىلمايدۇ. ئۇلار پەقەت «مەركەزلىكلەر» دائىرىسىدىلا بېرىش - كېلىش قىلىپ، تەبىئىي ھالدا شىنجاڭدىكى سىياسىي تەرەپبازلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. لېكىن شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشنى ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقىي ۋەزىپىسى قىلىپ، سەمىمىي پوزىتسىيىسى بىلەن ھۆكۈمەت ئۈچۈن جاپالىق خىزمەت قىلىپ، شېڭ شىسەينىڭ مۇستەبىتلىكىنى ھەققانىي تەرەپتە تۇرۇپ ئەيىبلەپ، يەرلىكلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى ياخشىلاپ، شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ھەقىقەتەن مەلۇم تىرىشچانلىقلار كۆرسەتتى.

# 4. شىڭ شىسەي چۇڭچىڭغا بېرىپ كەلگەندىن كېيىن

(1)

شىڭ شىسەي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئون يىل ئىچىدە، گومىنداڭنىڭ ئەھۋالىدىن دېگەندەك خەۋىرى بولمىغاچقا، گومىنداڭ ئۇنىڭ قەلبىدە يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە ئىدى. شىڭ شىسەي ئۆزىنى گومىنداڭ قوينىغا ئاتقاندىن كېيىن، گومىنداڭنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى مۇستەھكەملىمەكچى بولىدۇ. شۇڭا ئۇ گومىنداڭنىڭ چوڭ - كىچىك ئەمەلدارلىرىنى ئىنتايىن ھۆرمەتلەپ، قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ ھال - ئەھۋالىغا يېتىپ تۇرىدۇ. مەركەز ئەۋەتكەنلىكى ئادەمنى ئۇ ئايرىم كۈتۈۋېلىپ، مال ۋە پۇل ھەدىيە قىلىدۇ ھەمدە غەربىي چوڭ بىنادا زىياپەت بېرىدۇ، زىياپەتتە دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ ئوركېستىرى مۇزىكا چېلىپ تەكىمەچ قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇ بولۇپمۇ جۇ شاۋلياڭغا تېخىمۇ بەك خۇشامەت قىلىدۇ، شىڭ شىسەينىڭ ئۇنىڭغا قوغۇن سوۋغا قىلىشىغۇ ئادەتتىكى گەپ، ئۇ جۇ شاۋلياڭنىڭ ھاراققا ئامراقلىقىنى بىلىپ، ئىسكىلاتتا ساقلاپ قويۇلغان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بەيلەندىلىرىنى يەشىك - يەشىكى بىلەن ئايروپىلان ئارقىلىق لەنجۇغا ئەۋەتىپ تۇرىدۇ. لېكىن 1943 - يىلى كۈزدە، ئۇ چۇڭچىڭدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، پوزىتسىيىسى بىردىنلا ئۆزگىرىپ قالدى.



1943 - يىلى 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، شىڭ شىسەي بىلەن چېيۇلىيۇفاڭ جياڭ جيېشى ئەۋەتكەن «كونسلون» ماركىلىق مەخسۇس ئايروپىلان بىلەن ئۇرۇمچىدىن بىۋاسىتە چۇڭچىڭغا (يولدا لەنجۇغا چۈشمەيدۇ) بېرىپ گومىنداڭنىڭ X ئومۇمىي يىغىنىغا قاتنىشىدۇ. ئۇ بۇ يىغىنغا بارىدىغانلىقىنى ئىنتايىن مەخپىي تۇتقانلىقتىن، ناھايىتى ئاز ساندىكى كىشىلەرلا بىلىدۇ. ئۇ چاغلاردا دۇ جۇڭيۈەن («شىڭ شىسەي ۋە يېڭى شىنجاڭ» دېگەن كىتابچىنى يازغان)، لياڭ خەنساۋ، ۋاڭ دېفۇ قاتارلىقلار ئۇنى كەڭ - كۆلەمدە تەشۋىق قىلغاچقا، ئادەتتىكى زاتلار شىڭ شىسەينى جېڭرا رايوندا ئىگىلىك ياراتقان، ئاز ئۇچرايدىغان ئاجايىپ قەھرىمان دەپ بىلىپ، بىر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىشاتتى. شۇڭا ئۇ گومىنداڭ مەركىزىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىدا دوكلات بېرىشكە تەكلىپ قىلىنىدۇ. مەركىزىي تەلىم - تەربىيە ئۆمىكى ئۇنى ئالاھىدە نۇتۇق سۆزلەشكە تەكلىپ قىلىدۇ. ھەرقايسى گېزىتلەرنىڭ مۇخبىرلىرى ئۇنى بەس - بەس بىلەن زىيارەت قىلىدۇ. لېكىن شىڭ شىسەي جياڭ جيېشى بىلەن ئۇزۇن سۆھبەتلەشكەندىن ۋە مەركەزنىڭ مۇھىم زىياپەتلىرىگە قاتناشقاندىن باشقا ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ سىرتلارغا چىققىلى ئۇنىمايدۇ ھەمدە ئىنتايىن كەم سۆز بولۇۋالىدۇ. چۇڭچىڭدا تۇرغان بىر ئاي ئىچىدە، شىڭ شىسەي گومىنداڭنىڭ ھەرقايسى تەرەپلەردىكى ئەھۋاللىرىنى سوغۇققانلىق بىلەن كۆزىتىپ، گومىنداڭنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى چىرىكلىكى، خىزمەت ئۈنۈمىنىڭ تۆۋەنلىكىنى سېزىۋالىدۇ. شۇڭا ئۇ گومىنداڭغا تاقابىل تۇرۇش چارىسىنى تاپالايمەن، دەپ ئۆزىگە ئىشەنچ باغلايدۇ.

10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، شېڭ شىسەي چۆچەكتىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىدۇ، مەركىزىي ئاگېنتلىق ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ مۇدىرى چېڭ ۋەنلى شېڭ شىسەينى زىيارەت قىلىپ چۆچەكتىكى تەسىراتىنى سورايدۇ. شېڭ شىسەي: «مەركەزدىن ئايرىلغىنىمغا ئون نەچچە يىل بوپتۇ، بۇ قېتىم يىغىنغا بېرىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ مەركەزدىكى كاتتىباشلار بىلەن كۆرۈشتۈم، بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشالمەن» دەپ ئارتۇق سۆزلىگىلى ئۇنىمايدۇ.

بۇ چاغلاردا گومىنداڭ شىنجاڭغا داۋاملىق خادىم ئەۋەتىپ تۇرغانىدى. 9 ـ ئايدا مەركىزىي سىياسىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن لى فەنچۈن (ئەنخۇيلۇق)، لۇ چى (گۇاڭشىلىق)، چېڭ ۋەنشياڭ (چېجياڭلىق)، لىي يۈەنچېڭ (خۇنەنلىك) لەرنى شىنجاڭ گېزىتلىرىنىڭ ياردەمچى تەھرىرلىكىگە (كېيىن تەھرىر بولىدۇ) ئەۋەتىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى بىردىن بەتكە مەسئۇل بولىدۇ. 11 ـ ئايلاردا مەركىزىي بانكىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى قۇرۇلۇپ، ما يەنجاڭ دىرېكتور بولىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شىنجاڭدا ئىچكىرى ئۆلكىلەر بىلەن ئوخشاش پۇل ئىشلىتىش باشلىنىدۇ. شىنجاڭ پۇلى بىلەن دۆلەت پۇلىنىڭ نىسبىتى 1:5 بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى شىنجاڭغا كىرىشكە باشلايدۇ.

1944 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا، گومىنداڭ مەركىزى جىن شاۋتيەن (ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ ئەزاسى)، ۋاڭ لىنىڭ (ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ ئەزاسى)، خۇي شياڭ (ئۆلكىلىك پىرقە خوجىلىق بۆلۈمىنىڭ باشلىقى)، شۈي ماۋبو (كېيىن كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كېتىدۇ)، چۇ ئەرجى (بوغالتىرلار مۇدىرى)،



يىڭ جۇڭ (چىتەي ناھىيىلىك پىرقىنىڭ شۇجىجاڭى)، مۇ جۇڭياۋ (ئۆلكىلىك پىرقە تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى)، خۇ دىڭباۋ (چۆچەك ناھىيىلىك پىرقىنىڭ شۇجىجاڭى، كېيىن چۆچەكتە ئۆلۈپ كېتىدۇ) قاتارلىقلارنى شىنجاڭغا ئەۋەتىدۇ.

شېڭ شىسەي شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، «زۇڭلىنى خاتىرىلەش ھەپتىلىكى» ۋە ئۆلكىلىك پىرقە ۋە ئۆلكە دەرىجىلىك ئورگاننىڭ يىغىلىشلىرى (پارتىيە ئىشلىرى جەھەتتىكى پائالىيەتلەرگە خۇاڭ رۇچېڭ مەسئۇل ئىدى) غا ناھايىتى ئاز قاتنىشىدۇ، ئۆزىنى قاچۇرۇپ ھەتتا خۇاڭ رۇچېڭ قاتارلىقلار بىلەنمۇ كۆرۈشمەيدۇ. گومىنداڭ خادىملىرىغا بۇرۇنقىدەك قىزغىن مۇئامىلىدە بولمايدۇ. «ھەممىگە ئايان ئومۇمىي بۇيرۇق» نىمۇ بۇرۇنقىدەك ئۈزۈل ـ كېسىل، قىزغىن ئىجرا قىلمايدۇ ۋە ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ پىكىرلىرى بىلەن قارشىلىشىشقا باشلايدۇ.

ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ ئەزاسى جاڭ جىرجى مەركىزىي سىياسىي مەكتەپنىڭ 2 ـ قارار ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، بۇرۇن مەركىزىي گېزىتنىڭ فۇجيەن شۆبىسىگە باشلىق بولغان، ئۇ ئۆلكىلىك پىرقىدىكى قاتتىق قوللاردىن بولۇپ، ئۆلكىلىك پىرقىدىكى مەركەزنىڭ ئىناۋىتىنى قوغدايدىغان ۋە مەركەزنىڭ سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرىدىغان ۋەكىل خاراكتېرلىك شەخس ئىدى. ئۇ ئەڭ ئاۋۋال شېڭ شىسەينىڭ بۇنداق سوغۇق مۇئامىلىسىگە نارازى بولىدۇ. بىر قېتىم «يېڭى شىنجاڭ» ژۇرنىلىنىڭ تەھرىرلىك فاڭجېنىنى مۇزاكىرە قىلغاندا، شېڭ شىسەي ئۆز كۆز قارىشىدا چىڭ تۇرۇۋالىدۇ. ئەمما جاڭ جىرجى: «مەن ژۇرنالنى مۇنداق ئىشلىگەننى كۆرۈپ باقمىغان» دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كې

تىدۇ. يەنە بىر قېتىم ھەرقايسى ناھىيىلىك پىرقىلەرنىڭ تەشكىلاتلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى مۇزاكىرە قىلغاندا جاڭ جىژجى قاتارلىقلار ئالدى بىلەن ناھىيىلىك پىرقىغە تەييارلىق كۆرگۈچىلەرنى ئەۋەتىپ، پارتىيە ئەزالىرىنى بىۋاستە كۆپلەپ قوبۇل قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، شېڭ شىسەي بولسا، ئالدىرىماي - تىنىماي ئالدى بىلەن ھەرقايسى ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىلىرى نامزات كۆرسىتىپ، ئۆلكىلىك پىرقە تەكشۈرۈپ قوبۇل قىلغاندىن كېيىن مەلۇم سانغا بارغاندا ناھىيىلىك پىرقە قۇرۇشقا خادىم ئەۋەتىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. جاڭ جىژجى بۇنى «ساقچىلار دۆلىتى»نىڭ ئۇسۇلى، بۇ ھالدا «پارتىيە ئەزاسى قوبۇل قىلىش ئەمەس، بەلكى ساقچى قوبۇل قىلىش» بولۇپ قالىدۇ، دەپ رەددىيە بېرىدۇ. شېڭ شىسەي دەرھال ئۇنى قاتتىق تەنقىد قىلىپ؛ «بۇ سىياسىي خاراكتېرلىك خاتالىق» دەيدۇ. ساقچىغا تايىنىپ پارتىيە ئەزالىقىغا نامزات كۆرسىتىش دەرۋەقە كۈلكىلىك بىر ئىش بولسىمۇ، لېكىن شېڭ شىسەي ئەزەلدىنلا ساقچى ئارقىلىق شىنجاڭنى تىزگىنلەپ كەلگەچكە، ئۇنىڭ بۇ خىل ئويى ئىدىيىۋى مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن كېلەتتى، ئەلۋەتتە. مانا بۇنىڭدىن شېڭ شىسەينىڭ ساقچىنى پارتىيە ئەزالىرىدىن ئىشەنچلىك دەپ قارايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. چۈنكى ساقچى ئۆزى تەربىيىلەپ چىققان ئەمەلىي كۈچ، پارتىيە ئەزالىرى بولسا گومىنداڭغا تەۋە. «سىياسىي خاراكتېرلىك خاتالىق»قا كەلسەك، بۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئۆگىنىۋالغان سىياسىي ئاتالغۇ، ئۇنى گومىنداڭچىلارنىڭ چۈشىنىپ كېتەلىشى تەس گەپ.



شېڭ شىسەينىڭ گومىنداڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بارغانسېرى يېرىكلىشىپ، زىددىيەتمۇ كۈنسايىن كەسكىنلەشتى. بۇ ھال مۇقەررەر ھالدا گومىنداڭچىلارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك نارازىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ شېڭ شىسەيگە بولغان ھۆرمىتى نەپرەتكە ئايلىنىدۇ. خۇاڭ رۇجىڭ ئېغىر - بېسىقلىق قىلىپ، شېڭ شىسەي بىلەن يۈزمۇيۈز توقۇنۇشمايدۇ ۋە ئىشلارغا پوزىتسىيىسىنى ئىپادىلىمەيدۇ. شۇڭا، ئۇ «قابىلىيەتسىز»، «ئاجىز» دېگەن سۆز چۆچەككە قالىدۇ. لېكىن گومىنداڭچىلار شېڭ شىسەينىڭ تۇراقسىزلىقى ۋە قەبىھلىكىگە ئاغزىدىلا نارازى بولغان بىلەن ئوچۇق - ئاشكارا تاقابىل تۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ.

گەرچە شېڭ شىسەي گومىنداڭغا سوغۇق مۇئامىلىدە بولۇۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما گومىنداڭ بۇنىڭلىق بىلەن ئۆز خىزمىتىگە تەسىر يەتكۈزمەيدۇ، ئۇلار يەنىلا بارلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، تۈرلۈك پائالىيەتلىرىنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇۋېرىدۇ. ئۈرۈمچى شەھىرىگە قاراشلىق رايونلۇق شۆبە پىرقىلەر گۇرۇپپا يىغىنلىرىنى دائىم ئېچىپ تۇرىدۇ، يېڭى تۇرمۇش كېچىلىكى داۋاملىق ئۇيۇشتۇرۇلىدۇ. ھەرقايسى مەكتەپلەر ئوبيېكت قىلىنغان تەشۋىقات پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرۇلىدۇ. مەسىلەن، «پارتىيە مېھرى توغرىسىدىكى ئىلمىي ماقالە مۇسابىقىسى» ئۆتكۈزۈلىدۇ. 3 - ئاينىڭ 29 - كۈنى «ھەرقايسى رايونلۇق پىرقە ۋەكىللىرىنىڭ نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسى»، 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى «مۇزىكا يىغىلىشى» ئۇيۇشتۇرۇلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا سىملىق رادىئو ئىستانسىسى ھەركۈنى تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى ئاڭلىتىدۇ

ھەمدە ھەرقايسى ساناينەپسىلەر ئورۇنلىغان تۈرلۈك كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكى ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ تۇرۇلدۇ.

(2)

ئۈلكىلىك پىرقە قۇرۇلغاندىن بۇيانقى بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، شىڭ شىسەي قالايمىقان ئادەم تۇتمايدۇ. گومىنداڭ شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، ئۈرۈمچىدە كىشىلەرنىڭ كۆڭلى ئورنىغا چۈشۈپ، شىڭ شىسەي ئىلگىرىكىدەك زالىملىق قىلماس دەپ قاراشتى، ئىلگىرى شىڭ شىسەينىڭ ئىستىبداتلىق سىياسىتىگە نارازى بولۇپ، ئۇنى ئوچۇق - ئاشكارا ئېيتىشقا پېتىنالمىغان بولسا، ئەمدى شىنجاڭنىڭ سىياسىتىنىڭ قاراڭغۇ زۇلمەتلىكلىكى ۋە ئاتالمىش «سوۋېتقەستلىك توپىلاڭ ئەنزىسى»نىڭ ھەقىقىي سىرىنى ئېچىپ تاشلاشقا جۈرئەت قىلالايدىغان بولدۇ. ئەمما شىڭ شىسەي چۇڭچىڭدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىردىنلا ئۆزگىرىۋالدۇ. خۇاڭ رۇجىڭ قاتارلىقلار بىرەر ئۆزگىرىش بولۇپ قېلىش ئېھتىمالىنىڭ بارلىقىنى تۇيۇپ قالدۇ. چۈنكى شىڭ شىسەي ھەر قېتىم چوڭ تۇتقۇن قىلىشتىن بۇرۇن، بىر مەزگىل جامائەت سورۇنلىرىدىن ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ، باشقىلار تەرىپىدىن «قەست» لىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىۋاتقاندەك قىياپەتكە كىرىۋالاتتى. دېگەندەك، ئۇ بىر مەزگىل تەييارلىق كۆرۈۋالغاندىن كېيىن، 1943 - يىلى 4 - ئايدا «چېڭ دۇگبەي ئەنزىسى»نى پەيدا قىلدۇ.

شىڭ شىسەي ئالدى بىلەن مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى چېڭ دۇگبەي (ئۇنىڭ ئورنىغا خۇاڭ رۇجىڭ بىر



مەزگىل نازىر بولغان)، «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ باشلىقى سۇڭ نيەنسى، مۇئاۋىن باشلىقى لاڭ داۋخىڭ، شەھەر مەمۇرىيىتى كومىتېتىنىڭ مۇدىر ھەيئىتى ۋاڭ نەيجۇڭ، جۇڭگو ترانسپورت ئۇيۇشمىسىنىڭ ۋېيىۋەنجاڭى گوشىلياڭ، مەركىزىي تەلىم - تەربىيە شۆبە ئۆمىكى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى خې گېڭگۇاڭ قاتارلىقلارنى قولغا ئالدۇ. قاتتىق قىيناش ئارقىلىق ئۇلارنى جۇ ئېنلەينىڭ قوماندانلىقىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ قوللىشى بىلەن، گومىنداڭ شىنجاڭغا ئەۋەتكەن خىزمەتچى خادىملار بىلەن بىرلىشىپ، شىڭ شىسەيگە قارشى تەشكىلات قۇرۇپ، شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ، كوممۇنىستىك ھۆكۈمەت قۇرۇشقا ئورۇنغان دەپ مەجبۇرىي ئىقرار قىلدۇردۇ. شۇنىڭ بىلەن كېيىنكى قەدەمدە خۇاڭ رۇجىڭ قاتارلىقلارنى قولغا ئېلىشقا شارائىت ھازىرلىنىدۇ. 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت سەككىزدە، شىڭ شىسەي شىنجاڭ ئىنستىتۇتى، 1 - دارىلمۇئەللىمىن، 1 - ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرىنى يىغىپ دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ ئالدى قورۇسىدىكى غەربىي چوڭ بىنانىڭ ئالدىدا يىغىن ئاچىدۇ. يىغىن مەيدانىنىڭ ئەتراپىغا ھەربىي تۇرغۇزۇلۇپ، دەرۋازىنىڭ ئالدىغا قارا ماشىنا توختىتىلىدۇ. پۇقراچە كىيىنگەن ئىشپىيونلار يىغىنغا كىرگۈچىلەرنىڭ يانلىرىنى ئاختۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، شىڭ شىسەي سۆز قىلىشقا باشلاپ، ئالدى بىلەن خەلقئارا ۋەزىيەتنى ئاندىن جۇڭگو ۋەزىيىتىنى ۋە شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىنى شەرھلەپ (بۇ ئۇنىڭ سۆزلەش ئۇسۇلى)، ئاخىردا گەپنىڭ ئۇچۇقىنى قىلىپ: «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، 1 - دارىلمۇئەللىمىن،

1 - ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ پروفېسسورلىرى، ئوقۇتقۇچىلىرى، ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدىكى بەزىبەر باشقىلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ، چېڭ دۆكبەي قاتارلىقلار تەشكىللىگەن سۈيىقەستلىك توپىلاڭ ئەنزىسىگە قاتنىشىپ، ئۈچ مەسىلەك ۋە ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇۋەتمەكچى بولدى. ئۇنىڭغا قاتناشقۇچىلارنىڭ سانىنىڭ كۆپلۈكى، كۆلىمىنىڭ چوڭلۇقى، ۋاستىسىنىڭ قەبىھلىكى مىسلى كۆرۈلمىگەن. بۈگۈن بۇ يەردە ئولتۇرغانلار ئىچىدە بۇ ئەنزىگە قاتناشقان ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارمۇ ئاز ئەمەس. سىلەر ئۆزۈڭلارنى مەلۇم قىلساڭلارلا بىز سىلەرنى قۇتقۇزۇۋالىمىز» دەيدۇ. ئاندىن ئۇ ئوقۇغۇچىلارنى قەغەز، قەلەم تەييارلانغان ئۈستەلنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ، بۇزغۇنچىلىق پائالىيىتىگە قاتناشمىغانلار ئىسىم - فامىلىسىنى، قاتناشقانلارنى بولسا تۆۋەنامە يېزىشقا بۇيرۇق قىلىدۇ. ئۇ يەردىن ئۆتكەنلەرنىڭ ئىچىدىن تۆۋەنامە يازغان بىرەرسىمۇ چىقمايدۇ. يېرىم سائەت دەم ئېلىنغاندىن كېيىن، شېڭ شىسەي قايتا سەھنىگە چىقىپ، بۇزغۇنچى ئۇنسۇرلار داۋاملىق جاھىللىق قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئاغزىنى بۇزۇپ، بىرلەپ ئىسىملىرىنى ئاتاپ، نەقمەيداندىلا قولغا ئېلىپ، قاراماشىنا بىلەن 2 - تۈرمىگە ئاپىرىپ تاشلايدۇ. شۇ قېتىم قولغا ئېلىنغان ئوقۇغۇچى ۋە ئوقۇتقۇچىلار تەخمىنەن 300 گە يەتكەن.

گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى خادىملىرى ئىككى تەرەپكە بۆلۈنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كۆپ قىسمى شېڭ شىسەيگە قارشى ئىدى، قىسمەنلىرى شېڭ شىسەينىڭ تەرەپدارى ئىدى. ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ ھەيئىتى لىن بويا شېڭ شىسەينى شىنجاڭدا ئۇزۇن مۇددەت ھۆكۈم سۈرىدۇ، دەپ



قاراپ شىنجاڭدا ئۇزۇن مۇددەت مەنپەئەت ئېلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن «چيۇ ئائىلىسى» ئارقىلىق چيۇ ليۇشيۇڭ بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. دائىم «نۇرھاغ» قا بېرىپ، چيۇزۇگچۈننى يوقلاپ، ئۇنى «ئاتاق ئاتا» قىلىۋالىدۇ ۋە چيۇليۇشيۇڭ بىلەن ئاتاقتىكى ئاغا - ئىنى بولۇشىدۇ. 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىكى باللار بايرىمىدا، لىن بويا «شىنجاڭ گېزىتى» گە «كىچىك دوستلارغا مۇراجىئەت» دېگەن تېمىدا ئېلان قىلىنغان ماقالىسىدە: «سىلەر شېڭ دۇبەننىڭ يېڭى شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشنى ھىمايە قىلىپ، شېڭ دۇبەننى ئۆز ئاتاڭلاردەك، چيۇ يۈەنجاڭنى ئۆز ئاناڭلاردەك كۆرۈڭلار» دەپ يازغان. ئىمزاسىنى «سىلەرنىڭ ئاكاڭلار ھەم چوڭ دوستۇڭلار لىن بويا» دەپ قويغان.

چيۇليۇشيۇڭ لىن بويا بىلەن بولغان بېرىش - كېلىشكە ھەم خۇشال ئىدى. ئۇنىڭ لىن بويا بىلەن بېرىش - كېلىش قىلىشى گومىنداڭچىلارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك مەسخىرىسىگە قېلىپ، شۇ سەۋەبتىن جاڭ چېرجىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى زىددىيەت بارغانسېرى كەسكىنلىشىدۇ. ۋەھالەنكى، بۇنداق قارشىلىق قىلىش ئەكسىچە لىن بويانىڭ چيۇليۇشيۇڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ قويۇقلاشتۇرىدۇ. لىن بويا بولسا، پەقەت شېڭ شىسەيگە ياخشى كۆرۈنگەندىلا ئاندىن شىنجاڭدا يىلتىز تارتقىلى بولىدۇ، باشقىلارنىڭ داۋراڭ سېلىشى شېڭ شىسەينىڭ قاتتىق كونترول قىلىشى ئاستىدا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ، دەپ قارايدۇ.

لېكىن شېڭ شىسەي ئىنتايىن قەبىھ قارانىيەتچى بولۇپ، ئۇنىڭ بارلىق ھەرىكەتلىرىدە ئۆز ھوقۇق مەنپەئەتىنى

قوغداش مەقسەت قىلىنغان بولغاچقا، تىل بىرىكتۈرۈش، ئۆزگە تارتىش، ئەتىۋارلاشنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ مەلۇم ۋەزىيەت ئاستىدىكى ھىيلە - نەيرىڭى ئىدى، خالاس. ئۇ گومىنداڭچىلارنى قولغا ئېلىپ قاتتىق قىيناققا سالغاندا، لىن بوياڭ تەن جازاسىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى.

«چېڭ دۇڭبەي ئەنزىسى» يۈز بەرگەندىن كېيىن، خۇاڭ رۇجىڭ قاتارلىقلار شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ بارغانسېرى كەسكىنلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ئىنتايىن غەمكىنلىشىپ كېتىدۇ، ئەمما ئۇلار كۆرۈنۈشتە ئېغىر - بېسىق بولۇۋېلىپ، ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىنى سوغۇققانلىق بىلەن كۈتىدۇ. بىراق شېڭ شىسەينىڭ ئۇلارنى بىر يولىلا يوقىتىشقا قاپقان قۇرۇپ قويغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرمەيدۇ.

## 5. «11 - ئاۋغۇست» ۋەقەسى

### (1)

1944 - يىلى يازدا، سوۋېت — گېرمانىيە ئۇرۇش مەيدانىدا سوۋېت ئارمىيىسى قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ غەلىبە قىلىپ، قىزىل ئارمىيە ئۇكرايىنىغا بېسىپ كىرىپ گېرمانىيە قوشۇنلىرىنى شەرقىي ياۋروپاغا قوغلاپ چىقىرىدۇ. جۇڭگو ئۇرۇش مەيدانىدا ياپونىيە ئارمىيىسى خۇنەن، گۇاڭشىلاردىن ئۆتۈپ گۇيجۇنى بېسىۋالىدۇ، ئەمما گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئۇرۇش قىلماي تۇرۇپلا چېكىنىدۇ. شېڭ شىسەي ۋەزىيەتنى ئەزەلدىنلا «خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىدىن جۇڭگو ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى كۆرۈش، جۇڭگو ۋەزىيىتىنىڭ تە-



رەققىياتىدىن شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى كۆرۈش» كېرەك دېگەن زەنجىرسىمان مەنتىقىسى بىلەن كۆزىتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى قايتا قۇدرەت تېپىپ، گومىنداڭ قايتا ئاجىزلىشىدىغان بولدى، دەپ قاراپ، ئۆزىنىڭ تۇراقسىز ماھىيىتىنى يەنە بىر قېتىم ئاشكارىلاشقا باشلايدۇ.

شېڭ شىسەي ئىنتايىن شەخسىيەتچىل قارا نىيەتچى بولۇپ، ئۇ ئەسلىدە گومىنداڭنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ فېئودالىق بۆلگۈنچە ھالىتىنى ساقلاپ قالماقچى بولغانىدى. ئەمما گومىنداڭ شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، ئادەم سانى تەدرىجىي كۆپىيىپ، تەسىر كۈچىمۇ قۇدرەت تېپىشقا باشلايدۇ، شۇنىڭغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ ئۆز قول ئاستىدىكىلىرى بىلەن بولغان زىددىيىتىمۇ كۈنسېرى كەسكىنلىشىدۇ. ئۇ، گومىنداڭنىڭ كۆرۈنۈشتە ئۆزىگە يېقىنچىلىق قىلىپ ئاستىرتىن ئۇنى چەتكە قېقىپ، ئاخىرىدا ئۇنىڭ ئورنىنى ئىگىلىمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئوبدان چۈشىنەتتى. ئۇ چۈڭچىڭغا بارغاندا گومىنداڭ مەركىزىنىڭ چېرىك، قابىلىيەتسىزلىكلىكىنى كۆردى، ئەمەلىيەتتە گومىنداڭ ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ مۇستەھكەملىنىشىگە بىۋاسىتە تەھدىت سالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ يەنە سۈيىقەستلىك توپىلاڭ ئەنزىسىنى پەيدا قىلىپ، ئۆزگە قارشىلاشقانلارنى يوقىتىش نەيرىڭىنى ئىشقا سېلىپ، گومىنداڭ كۈچلىرىگە زەربە بېرىپ، ئاخىرىدا ئۇلارنى شىنجاڭدىن چېكىنىشكە مەجبۇرلاش مەقسىتىدە، «خۇاڭ، لىن ئەنزىسى» نى پەيدا قىلىدۇ.

شېڭ شىسەي 1944 - يىلى 4 - ئايدا پەيدا قىلغان «چېڭ دۇڭبەي ئەنزىسى»، گومىنداڭچىلارغا زەربە بېرىشنىڭ باشلىنىشى ئىدى. ئۇ قاتتىق قىيناش ئارقىلىق قولغا ئې-

لىنغانلارنى، خۇاڭ رۇجىڭ بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، شىنجاڭ-
نىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇشقا ئۇرۇنغان، دەپ ئىقرار قىل-
دۇردى. ئۇ بۇ ئىقرارغا ئىگە بولۇۋالغاندىن كېيىن گومىن-
داڭچىلارنى ئومۇمييۈزلۈك قولغا ئېلىشنى باشلىۋەتتى.
1944 - يىل 8 - ئاينىڭ 11 - كۈنى كېچىدە شېڭ
شىسەي ساقچى ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى لى يىڭچىغا
بۇيرۇق بېرىپ، قارا پايدا بىلەن ئۆلكىلىك پىرقە ئەزالى-
رىنىڭ ياتىقىغا بېرىپ: «دۇبەن سىلەرنى جىددىي يىغىنغا
چاقىردى» دېگەن باھانا بىلەن خۇاڭ رۇجىڭ، جاڭ جۈجى،
تۇڭ شىچۇەنلەرنى تۈرمىگە «تەكلىپ» بىلەن ئاپىردى. شۇ-
نىڭ بىلەن بىرگە لىن جىيۇڭ، لىن بويا، جۇمىڭ (مەركىزىي
تەلىم - تەربىيە شۆبە ئۆمىكىنىڭ دادۇيجاڭى) لەرنىمۇ قول-
غا ئالدى. ماشىنا تاشقى ئىشلار مەخسۇس خادىملىرى مەھ-
كىمىسىگە بېرىپ دېڭ ۋېيسى (سوۋېت ئىتتىپاقى بۆلۈمىنىڭ
باشلىقى) نى «تەكلىپ» قىلغاندا، دېڭ ۋېيسى ئۆزىنىڭ
قولغا ئېلىنىشىنى پەملەپ ئىشپىيونلارغا: «مەن ئاۋۋال دۇ-
بەنگە تېلېفون بېرىپ سوراپ باقاي، مېنى راستتىن يىغىنغا
چاقىرتتىمۇ يوق» دەيدۇ. بۇ چاغدا شېڭ شىسەي يېڭى ھە-
نادا لى يىڭچىنىڭ دوكلات قىلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى،
ئۇ دېڭنىڭ تېلېفونىنى ئېلىپ: «كەلگىن!» دەپ جاۋاب
بېرىدۇ.
8 - ئاينىڭ 12 - كۈنى قارا پايدا داۋاملىق ئىشقا
سېلىنىپ، لى شاڭيۇ، ۋاڭ زۇخۇي، خاڭ يەنفۇ، چېڭ تاۋ،
خۇ خەنچى، خۇ خۇەنشەن، چېڭ يۇڭلىڭ، تەن شىگتەن،
چېڭ خۇڭخەي، ۋېي جۇڭتيەن، يى كېيىڭ قاتارلىقلار قول-
غا ئېلىندى ھەمدە غۇلجىدىن جاڭ يى، سۇيدۇڭدىن لۇ-


خۇگېڭ، كۇرەدىن يۈي جىيۇەنلەر قولغا ئېلىنىپ، ئۈرۈم-
چىگە كەلتۈرۈلدى. شېڭ شىسەي گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى
قوراللىق كۈچلىرىگە زەربە بېرىش ئۈچۈن، زاپاس 7 - دى-
ۋىزىيىنىڭ باشلىقى لى يۈيشاڭنى قولغا ئالماقچى بولۇپ،
تېلېفون ئارقىلىق ئۇنى سۆھبەتكە تەكلىپ قىلغاندا، ئالدىن
تەييارلىق كۆرۈپ قويغان لى يۈيشاڭ: «مىجەزىم يوق»
دەپ جاۋاب بېرىپ، ئۆزىنى چەتكە ئالدى ھەمدە لومەن-
چىڭدا ھەربىي ھالەتنى كۈچەيتتى.
مەركىزىي تەلىم - تەربىيە شۆبە ئۆمىكىنىڭ يېتەكچى-
سى يۈي خاڭ ئۆز ھەمراھلىرىنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقىدىن
غەزەپلىنىپ شېڭ شىسەيگە بىۋاسىتە تېلېفون بېرىپ، نېمە
ئۈچۈن ئۇلار قولغا ئېلىندى، دەپ ئۇنىڭغا قاتتىق تېگىدۇ
ھەمدە: «ئەگەر تۇتىدىغانلا بولساڭ مېنىمۇ تۇتۇپ كەت»
دەيدۇ. شېڭ شىسەي ئۇنىڭغا ھېچنېمە دېمەي تۇرۇۋالىدۇ.
بىر ئازدىن كېيىن بىر پايدا كېلىپ يۈي خاڭنى تۇتۇپ
كېتىدۇ. ئۈرۈمچى ناھىيىلىك پىرقىنىڭ شۇ جىجاڭى زو
مىنچېڭ لۆڭگە قاتارلىق نەرسىلىرىنى ھازىرلاپ قولغا ئې-
لىنىشقا تەييارلىنىپ، بېشى قايغان يەردە يۈرىدۇ - دە،
ئاخىرى ئۇمۇ تۈرمىگە ماكانلىشىدۇ. گومىنداڭ ئەزالىرىدىن
جەمئىي قولغا ئېلىنغانلىرى 100 دىن ئارتۇق بولۇپ، ئاسا-
سەن ھەممىسى دېگۈدەك تورغا چۈشىدۇ. ئايرىملىرى لومەن-
چېڭدىكى زاپاس 7 - دىۋىزىيىنىڭ شتابىغا بېرىۋالىدۇ. بە-
زىلىرى بولسا مۇپەتتىش مەھكىمىسىگە يوشۇرۇنىدۇ.
8 - ئاينىڭ 12 - كۈنى سەھەردىن باشلاپ گومىن-
داڭچىلار ئاپتوموبىللارنىڭ ھەرىكەتكە كېلىشى ۋە ئەلگىرىكى
تەجرىبىلەرگە ئاساسەن شېڭ شىسەينىڭ ئومۇمييۈزلۈك تۇتقۇن

باشلىغانلىقى ۋە ۋەزىيەتنىڭ كەسكىنلىكىنى بىلىپ ئەركىن ھەرىكەت قىلالماي، تېلېفون ئارقىلىق ئالاقىلىشىپ، ئۆزئارا ئەھۋال سورىشىپ تۇرىدۇ. شۇ چاغلاردا گومىنداڭچىلار شىڭ شىسەينىڭ قاتتىق تىزگىنلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ قانات چىقىرىپمۇ قۇتۇلالمايدىغانلىقىدىن ئەنسىرەپ ۋەھىمە ئىچىدە قالىدۇ ۋە ئۆز خەت - چەكلىرىنى كۆيدۈرۈپ، يۈك-تاقلىرىنى رەتلەپ، تۈرمىدە كېرەكلىك بولىدىغان بۇيۇملار-نى يېنىدىن ئايرىماي، ھەر ۋاقىت تۈرمىگە كىرىشكە تەي-يارلىق قىلىپ قويىدۇ. ئۈرۈمچى شەھىرى پاراكەندىچىلىك ۋە ۋەھىمە ئىچىدە قالىدۇ. ئادەتتىكى زاتلار شىڭ شىسەي-نىڭ مەركەز ئەۋەتكەن مۇھىم خادىملارنى قورقماستىن قول-غا ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، شىڭ شىسەي گومىنداڭدىن يۈز ئۆرۈسە شىنجاڭنىڭ ئىستىقبالى قانداق بولۇپ كېتەر، ئۇرۇش يۈز بېرەرمۇ، دەپ مۆلچەرلىشىدۇ. گومىنداڭنىڭ شىن-جاڭدىكى ئىناۋىتىمۇ شۇندىن ئېتىبارەن تۆكۈلدى.

ئۇلاپلا، شىڭ شىسەي يەنە 128 - دىۋىزىيىنىڭ دىۋى-زىيە كوماندىرى ليۇ فېيشىن، ۋاقىتلىق 3 - دىۋىزىيىنىڭ دىۋىزىيە كوماندىرى ۋۇشىجى، ئاتلىق 1 - دىۋىزىيىنىڭ دى-ۋىزىيە كوماندىرى سۈي يىچۈن ۋە ئۆلكىگە بىۋاستە قاراشلىق ئورگانلارنىڭ مەسئۇللىرى، ھەرقايسى ۋىلايەتلەرنىڭ ۋالىيلى-رى، ھاكىملىرى، ساقچى ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ ئىشپې-يونلىرىدىن بولۇپ جەمئىي 1500 دىن ئارتۇق ئادەمنى قول-غا ئالىدۇ.

8 - ئاينىڭ 12 - كۈنى دۈبەن مەھكىمىسىنىڭ باش مەسلىھەتچىسى ۋاڭ خۇڭساۋ شىڭ شىسەي ئۆز قولى بىلەن يازغان خەتنى ئېلىپ مۇپەتتىش مەھكىمىسىگە بېرىپ، باش



مۇپەتتىش لوجيالۇن بىلەن كۆرۈشىدۇ. توخۇ يۈرەك لوجيالۇن مېنى قولغا ئالغىلى كەپتۇ، دەپ قورققىنىدىن خۇدىنى يو-قىتىپ قويغىلى تاسلا قالىدۇ. ۋاڭ خۇڭساۋ شىڭ شىسەينىڭ خېتىنى كۆرسىتىپ: بىر تۈركۈم گومىنداڭچىلار ئىچىدىكى كوممۇنىستلار سۇيىقەستلىك توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، شىنجاڭ ھا-كىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا ئۇرۇنغانىدى، ئۇلار قولغا ئېلىندى دەيدۇ ھەمدە قولغا ئېلىنغۇچىلارنىڭ ئىسىملىكىنى كۆرسىتىپ: بۇ ئىش مۇپەتتىش تارماقلىرى بىلەن مۇناسى-ۋەتلىك بولغاچقا، مۇپەتتىشكە بۇنى چۈشەندۈرۈپ ئەنگە ئال-دۇرۇشقا كەلدىم، دەيدۇ.

شۇ كۈنى (8 - ئاينىڭ 12 - كۈنى)، شىڭ شىسەي ئۈرۈمچىدىكى ھەرقايسى ئورگانلارنىڭ مەسئۇللىرىنى غەربىي بىناغا يىغىنغا چاقىرىدۇ. يىغىندا ۋاڭ خۇڭساۋ رىياسەتچى-لىك قىلىدۇ. ئۇ ئالدى بىلەن شىڭ ئاغرىق، يىغىنغا قات-نىشالمايدۇ، دەپ يالغان ئېيتقاندىن كېيىن، ئۈرۈمچىدە چوڭ سۇيىقەستلىك توپىلاڭ ئەنزىسى سېزىلدى، ھەمدە ئۇ پاش قىلىنىپ ئىشتىراك قىلغۇچىلار قولغا ئېلىندى، دەپ دوكلات بېرىدۇ، قولغا ئېلىنغانلارنىڭ ئىسىملىكىنى ئوقۇيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئورگان خادىملىرىغا ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈپ، خاتىرجەم خىزمەت قىلىش لازىملىقى توغرىسىدا يوليورۇق بېرىدۇ.

گومىنداڭچىلار شىنجاڭغا يېڭى كەلگەندە، شىڭ شى-سەي پەيدا قىلغان «سۇيىقەستلىك توپىلاڭ ئەنزىسى» گە قەتئىي ئىشەنگەن بولۇپ، 1944 - يىلى 6 - ئايدا، دۈبەن مەھكىمىسىدە زور بىر تۈركۈم ئوقۇغۇچىلار قولغا ئېلىنغان-دىن كېيىن، ئۇلار ئاندىن گۇمانلىنىشقا باشلايدۇ. «خۇاڭ،

لىن ئەنزىسى» يۈز بەرگەندىلا ئۇلار ئاندىن ئېسىگە كېلىپ، ئاتالمىش سۇيىقەستلىك توپىلاڭ ئەنزىلىرىنىڭ تېگى - تەكتىگە يېتىدۇ.

بۇ چاغدا ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ تامغىسىنى كاتىپ چېڭ تاۋ، بانكا چەكلىرىنى بوغالتىرلار مۇدىرى يى كېبىنىڭ تۇرمىگە بىللە ئېلىپ كېتىدۇ. شېڭ شىسەي ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ قالغان ئىشلىرىنى يىغىشتۇرۇشقا ۋاقىتىنچە جىن شاۋشەن، ۋاڭ لىنىڭ، شوي گۇەنيۈيلەرنى بەلگىلەيدۇ. بارلىق خىزمەتلەر توختاپ قالىدۇ. قولغا ئېلىنمىغان گومىنداڭچىلار بىلەن قولغا ئېلىنغانلارنىڭ ئائىلە - تەۋەلىرى باش - پاناھسىز قېلىپ، دەككە - دۈككە ئىچىدە مۇپەتتىش مەھكىمىسىگە بېرىپ خەۋەر تىڭتىڭلايدۇ. گاڭگىراپ قالغان لوجيالۇن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي، بۇ چوڭ بالا - قازا ئالدىدا ئەلەكمۇللادىن باشقىغا كاللىسى ئۆتمەي قالىدۇ.

شېڭ شىسەي پۈتۈن شىنجاڭنىڭ خەۋەرلىشىش ۋە قاتنىشىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالىدۇ. مەركىزىي ئاگېنتلىقنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى بۇ ۋەقەنىڭ تەپسىلاتىنى باش ئاگېنتلىققا مەخپىي دوكلات قىلغاندىن كېيىن، چۇڭچىڭدا ئۈرۈمچىدە سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، چۇڭچىڭدىن شىنجاڭغا ئەۋەتىلگەن خىزمەتچى خادىملار قولغا ئېلىنىپتۇ، دېگەن خەۋەر بىردەمدىلا پۇر كېتىدۇ. ئەمما ئۇلار شېڭ شىسەينىڭ غەرىزىنىڭ تېگىگە ئەسلا يېتەلمەيدۇ. شېڭ شىسەي ھەممە ئىشنى ئۆز جايىدا ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، جياڭ جېيشىغا: خۇاڭ رۇجېڭ، لىن جىيۇڭ قاتارلىقلار كوممۇنىست ئىكەن، ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە يەرلىك قانۇنسىز ئۇن-



سۇرلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، 1944 - يىلىدىن باشلاپ مەخپىي ھەرىكەت قىلىپ، سۇيىقەستلىك توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ھاكىمىيىتىنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇندى. توپىلاڭچىلارنىڭ باشلىقى خۇاڭ رۇجېڭ، لىن جىيۇڭدىن ئىبارەت ئىككى كىشى بولۇپ، دىپلوماتىيە ئالاھىدە خادىم مەھكىمىسى سوۋېت ئىتتىپاقى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى دىڭ ۋېيسى سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىشقا، جاڭ جىرجى تەشكىلىي پىلانغا، تۇڭ شىچۇەن تەشۋىقاتقا، شىنجاڭ باسما زاۋۇتىنىڭ (قەغەز پۇل باسالايدۇ) باشلىقى چى خۇاچېڭ ئىقتىسادقا مەسئۇل بولغان. ھازىر ئۇلارنىڭ ھەممىسى قولغا ئېلىندى، دەپ تېلېگرامما بېرىدۇ. جياڭ جېيشى بۇ تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، دەرھال ئەقىل كۆرسەتكۈچىلەرنى چاقىرىپ بۇ ئىش ھەققىدە كېڭىشىدۇ، لېكىن شىنجاڭنىڭ ئەھۋاللىرىدىن خەۋەرسىز بولغاچقا، 8 - ئۇرۇش رايونىنىڭ سىلىڭى جۇ شاۋلياڭ بىلەن جۇڭتۇڭ ئىدارىسىنىڭ مەسئۇلى شۇي ئىنزېڭ (ئاشكارا ۋەزىپىسى قاتناش مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى) لەرنى شىنجاڭغا ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئەۋەتىدۇ. شېڭ شىسەينىڭ ساختا ئەنزە پەيدا قىلىش ئۇسۇلى مۇنداق ئىدى: ئۇ ئالدى بىلەن ئەنزىنى پىلانلىۋېلىپ، ئاندىن قاتتىق قىيناش ئارقىلىق بەزى «ئەگەشكۈچىلەر»نى ئەنزە ئەھۋالى بويىچە مەجبۇرىي ئىقرار قىلدۇرۇپ، ئاندىن بۇ ئىقرارنامىلارنى «ئىسپات» قىلىپ، قاتتىق جازا ئارقىلىق «مۇھىم ئۇنسۇرلار» غا ئەنزە ئەھۋالى بويىچە ئىقرارنامە يازدۇرۇپ، دەلىل - ئىسپاتى تولۇق بولغان مۇكەممەل بىر ساختا ئەنزىنى پەيدا قىلاتتى.

خۇاڭ رۇجىڭ قاتارلىقلار تۈرمىگە كىرگەندىن كېيىن دەرھاللا جازاغا تارتىلىدۇ، دەسلەپتە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كوممۇنىستلىقىغا ئىقرار بولمايدۇ، ئەمما قاتتىق جازا ئاستىدا خۇاڭ رۇجىڭنىڭ پۇتى سۇنىدۇ، لىن جىيۇڭنىڭ بارمىقى سۇندۇرۇلىدۇ، لىن بوياغا تۆمۈر قالپاق كىيگۈزۈلىدۇ، ۋاڭ ۋېيسىنىڭ ئالقىنى زەخىملىنىدۇ ۋە تىغ تەگكۈزۈلىدۇ. ئاخىرى ئۇلار تاياققا چىدىماي ئىقرار قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. پەقەت جاڭ جىجىلا چىڭ تۇرۇپ، سوراقچىلار بىلەن تاكاللىشىپ، قاتتىق ئېلىشىپ، گەرچە كۆپ قېتىم جازاغا تارتىلغان بولسىمۇ، يەنىلا ئىقرارنامە يېزىشنى رەت قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ ئەينى چاغلاردا «ۋىجدانلىق باتۇر» دەپ نام ئالىدۇ.

8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا جۇ شاۋلياڭ لەنجۇدىن ئۈرۈمچىگە ئۇچماقچى بولىدۇ. ئۇ يولغا چىقىشتىن بۇرۇنلا ئۈرۈمچىنىڭ سىرت بىلەن بولغان پوچتا ئالاقىسى ئۈزۈلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان بولۇپ، جياڭ جيېشى بىلەن ھەر ۋاقىت بىۋاسىتە ئالاقىلىشىپ تۇرۇش ئۈچۈن تېلېگرامما بېرىش ئاپپاراتىدىن بىرنى ئېلىۋالىدۇ. جۇ شاۋلياڭ ئۈرۈمچىگە كېلىشتىن بۇرۇن سەپىرىنىڭ قانداق بولۇپ كېتىشىگە كۆزى يەتمەيدۇ. ئەمما جياڭ جيېشىنىڭ بۇيرۇقى بولغانلىقتىن، بىر قېتىملىق زور تەۋەككۈلچىلىك قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

جۇ شاۋلياڭ بىلەن شېي ئىنزىڭ بىر ۋاقىتتا دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ شەرقىي گۈلزارلىقىغا چۈشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شېڭ شىسەي، جۇ شاۋلياڭ، شېي ئىنزىڭدىن ئىبارەت ئۈچ كىشىلىك سوراق باشلىنىدۇ، جاڭ جىجىدىن باشقا ھەممە كى-



شى ئەسلى ئىقرارىنى ئاغدۇرۇشقا پېتىنالمايدۇ. جۇ شاۋلياڭمۇ «دەلىل - ئىسپاتى تولۇق» بولغان بۇ ئەنزىگە ئازپاز ئېشىنىپ قالىدۇ.

جۇ شاۋلياڭنىڭ شېڭ شىسەي بىلەن قىلىشقان مەخپىي سۆھبىتىنىڭ مەزمۇنى نامەلۇم، ئەمما جۇ شاۋلياڭنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، جۇ شاۋلياڭ دائىم دېگۈدەك چوڭقۇر ئويغا چۆككەن ھالدا يېرىم كېچىگىچە ئۆي ئىچىدە ئايلىنىپ يۈرىدىكەن. بۇنىڭدىن جۇ شاۋلياڭ بىلەن شېڭ شىسەي ئوتتۇرىسىدىكى پىكىر ئىختىلاپلىرىنىڭ نەقەدەر چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى ۋە سۆھبەتنىڭ ئوڭۇشسىز بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، جۇ شاۋلياڭ شېڭ شىسەينىڭ جياڭ جيېشىغا يازغان ئون نەچچە بەتلىك خېتى بىلەن «خۇاڭ، لىن ئەنزىسى» نىڭ بارلىق تەپسىلاتى ۋە ئىقرارنامىلارنى ئېلىپ چۇڭچىڭغا قايتىدۇ. لوجيالۇن بېشىغا چوڭ بالا - قازا كېلىپ قېلىشىدىن قورقۇپ، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جۇ شاۋلياڭ بىلەن بىللە چۇڭچىڭغا كېتىدۇ.

شېڭ شىسەي جياڭ جيېشىغا يازغان خەتتە ئۆزىنىڭ «شىنجاڭنىڭ مەڭگۈ جۇڭگو زېمىنى ئىكەنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش» ئۈچۈن قىلغان ئەجرى، ئەمما خۇاڭ رۇجىڭ قاتارلىق كوممۇنىستلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ سۇيىقەستلىك توپىلاڭ كۆتۈرمەكچى بولغانلىقى ئۈچۈن ئامالسىزلىقتىن ئۇلارنى قولغا ئالغانلىقى، بۇ ئەنزە ئۇزۇن مۇددەت تەكشۈرۈش ۋە سوراق قىلىش ئارقىلىق بېكىتىلگەنلىكى، ئىسپاتلارنىڭ تولۇق ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان.

جياڭ جيېشى شىڭ شىسەينىڭ خېتىنى كۆرۈپ، خۇاڭ رۇجىڭنىڭ كوممۇنىست ئىكەنلىكىگە ئەلۋەتتە ئىشەنمەيدۇ. جياڭ جيېشى بۇنى شىڭ شىسەينىڭ گومىنداڭنىڭ كۈچلىرىنى شىنجاڭدىن سىقىپ چىقىرىش مەقسىتىدە تاپقان باھانىسى دەپ بىلىدۇ؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە شىڭ شىسەينىڭ ئۆز كېيىدە تۇرمايدىغان قارا نىيەتچى ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلگەچكە، بۇرۇنلا شىڭ شىسەينىڭ ئورنىغا ئۆز كىشىسىنى قويۇش پىلانىنى تۈزۈپ قويغانىدى. بۇ ئۇنىڭ بارلىق فېئودال مىلىتارىستلارغا تۇتقان ئىزچىل پوزىتسىيىسىدۇر. ئەگەر ئۇ شىڭ شىسەينى داۋاملىق شىنجاڭدا قالدۇرۇپ قويسا، ئۇ ھالدا خۇاڭ رۇجىڭ قاتارلىقلارنى چۇڭچىڭغا قايتۇرۇپ كېتىپ، مەخپىي قويۇۋېتىشكە توغرا كېلەتتى، ئەگەر بۇنداق قىلىنسا بۇندىن كېيىن شىنجاڭغا بارىدىغانلار چىقماي قېلىپ، شىنجاڭ يەنىلا شىڭ شىسەينىڭ قولىدا قالاتتى - دە، قايتا شىنجاڭغا كىرىش ئىمكانىيىتى تەسكە چۈشەتتى. بىردىنبىر چارە مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شىڭ شىسەينى شىنجاڭدىن يۆتكىۋېتىپ، ھەممە مەسىلىنى بىر يولىلا ھەل قىلىش ئىدى. شۇڭا ئۇ، بىر تەرەپتىن جۇ شاۋلياڭنى شىڭ شىسەي بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە قايتا ئەۋەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن خېشىدىن غەربكە نۇرغۇن قىسىم يۆتكەپ، سىياسىي ۋە ھەربىي كۈچ ئىشلىتىپ، ئىچكى تاشقى جەھەتتىن قىستاپ، شىڭ شىسەينى شىنجاڭدىن كېتىشكە مەجبۇرلىماقچى بولىدۇ.

8 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى، جۇ شاۋلياڭ، جياڭ جيېشىنىڭ شىڭ شىسەينى ھەسسىلەپ ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ شىنجاڭدا كۆپ يىل جاپا چەككەنلىكىنى نەزەردە تۇ-



تۇپ، ئۇنى دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرلىكىگە يۆتكىمەكچى بولغانلىقى، ھەمدە ئۇنىڭ جۇ شاۋلياڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كۆرۈشى ھەققىدىكى خېتىنى ئېلىپ شىنجاڭغا كېلىدۇ. شىڭ شىسەي بۇ خەتنى كۆرۈپ لېۋىنى چىشلەپلا قالىدۇ.

شىڭ شىسەي «خۇاڭ، لىن ئەنزىسى» نى بىر مەزگىللىك ھېسسىياتىغا تايىنىپلا پەيدا قىلغان بولماستىن، بەلكى ئۇزۇن مۇددەت ئويلىنىش ۋە ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق پەيدا قىلغانىدى. ئۇ ئىلگىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئۆزىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا تەھدىت سالدى دەپ قاراپ، ئۇلارنىڭ شىنجاڭدىكى خادىملىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئۇلارغا «تروتسكىچىلار» دېگەن جىنايەتنى يۈكلەپ ستالىنغا مەلۇم قىلغان، نەتىجىدە ستالىن سوۋېت خادىملىرىنى قايتۇرۇپ كەتكەن. بۇ قېتىم ئۇ يەنە مۇشۇ چارىنى قوللىنىپ، خۇاڭ رۇجىڭلارنى كوممۇنىست دېسەم جياڭ جيېشى ئۇلارنى چۇڭچىڭغا ئېلىپ كېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭنىڭ كۈچىنى شىنجاڭدىن يىراقلا چىقىرىۋېتىمەن، دەپ ئويلايدۇ. لېكىن ئۇ جياڭ جيېشىنىڭ ئۇنى قىلتاققا چۈشۈرۈپ شىنجاڭدىن يۆتكىۋېتىشنى ئەسلا ئويلىمىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ باشقىچىرەك بىر چارە تېپىپ گومىنداڭغا تاقابىل تۇرماقچى بولىدۇ.

شىڭ شىسەي شىنجاڭنى ئۇزۇن مۇددەت ئىدارە قىلىش مەقسىتىدە، ھەر جەھەتتىن مەلۇم ئاساسلارنى تىكلىگەن بولغاچقا، شىنجاڭنى ئاسانلا قولدىن بېرىپ قويغۇسى كەلمەيتتى، ئەلۋەتتە. ئىچكىرىسىگە بېرىپ مەيلى قانداقلا ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالسۇن، بەرىبىر قۇرۇق نامغا ئىگە بو-

لىدىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ شىنجاڭدا تۇرغۇن ئادەم-
نىڭ جىنىغا زامىن بولغانلىقى ئۈچۈن، ناۋادا ھوقۇقتىن
ئايرىلسا، ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئۇنىڭدىن ئىنتى-
قام ئالىدىغانلىقى ئۇنىڭغا ناھايىتى ئايان ئىدى. شۇڭا ئۇ،
گومىنداڭچىلارنى يوقىتىشنى شەرت قىلىپ يەنە بىر مەز-
گىل سوۋېت ئىتتىپاقىغا تايانماقچى بولىدۇ ھەمدە سوۋېت
ئىتتىپاقىنىڭ سىياسىي ۋە ھەربىي جەھەتتىكى ياردىمىگە ئې-
گە بولۇشنى ئۈمىد قىلىپ، ۋاڭ خۇڭشاۋنى ئۇنىڭ ئۆز قو-
لى بىلەن يازغان مەخپىي خېتىنى ئېلىپ سوۋېت ئىتتىپاقى
كونسۇلخانىسىغا ئالاقىلىشىش ئۈچۈن ئەۋەتىدۇ. شۇنىڭ بى-
لەن بىر ۋاقىتتا، زۆرۈر تېپىلغاندا گومىنداڭ بىلەن ئەسكەر
تارتىشىپ، ئۆزىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى داۋاملاشتۇ-
رۇش خىيالىدا، ئاشلىق مۇلازىمەت باشقارمىسىغا بىر يىل-
لىق ئوزۇق - تۈلۈك تەييارلاپ قويۇشقا بۇيرۇق بېرىدۇ.
لېكىن سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلغاچقا، ئۇ
ئەڭ كۈچلۈك تايانچىدىن قۇرۇق قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە
ئۇنىڭ ئەڭ قابىلىيەتلىك ھەربىي قوماندانى لىيۇ جېڭشىن
تۈرمىگە تاشلانغان بولۇپ، ئەتراپىدىكىلىرى گومىنداڭ بىلەن
كۈچ سىنىشىشقا يارىمايتتى. شۇڭا ئۇ ھەممە ئۆزىدىن يۈز
ئۆرىگەن ھېچبىر ياردەمسىز يېتىم ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ.
ئۇنىڭ ئۈستىگە جۇ شاۋلياڭ مەركەزگە ۋەكىللىك قىلىپ ئۇ-
نى بىر ياقتىن شىنجاڭدىن يۆتكىلىشكە ئالدىرىتىدۇ، يەنە
بىر ياقتىن شەرقىي شىنجاڭ تەرەپكە زور قوشۇن يۆتكىلە-
ۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن شېڭ شىسەي داۋاملىق جاھىللىق
قىلسا دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىس-
تىرلىكىدىنمۇ قۇرۇق قالىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىدۇ - دە، پاي-



دا - زىياننى بىرەر قۇر دەڭسەپ بېقىپ، ئوسال ھالەتكە
چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن، يۆتكىلىش بىردىنبىر چىقىش
يولى ئىكەن، دېگەن قارارغا قىلىدۇ.

(2)

جۇ شاۋلياڭ ئۈرۈمچىدىن چۇڭچىڭغا بېرىپ، جياڭ
جيېشىغا ئەھۋالنى دوكلات قىلغاندىن كېيىن، جياڭ جيېشى
شېڭ شىسەينى دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ
مىنىستىرلىكىگە يۆتكەپ، ۋۇ جۇڭشىنى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ
رەئىسلىكىگە تەيىنلەشنى دەرھال قارار قىلىدۇ. جۇ شاۋلياڭ
ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن، شېڭ شى-
سەي ئاخىرى بىر قارارغا كېلىپ، جياڭ جيېشىنىڭ بۇيرۇ-
قىنى قوبۇل قىلىدۇ.

8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى (؟)، مەركىزىي ئاگېنتلىق
شېڭ شىسەينىڭ مەركەز تەرىپىدىن دېھقانچىلىق - ئورما-
نچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرلىكىگە تەيىنلەنگەنلىكى، جۇ
شاۋلياڭنىڭ ۋاقىتىنچە شىنجاڭ ئۆلكىسىگە رەئىس بولغانلىقى
توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئېلان قىلىدۇ. «شىنجاڭ گېزىتى»-
نىڭ تېلېگرامما بۆلۈمى ئەمدىلا بۇ خەۋەرنى قوبۇل قىلىپ
تۇرۇشىغا شېڭ شىسەيدىن تېلېگرامما بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى
جاڭ رۇمىڭغا شۇ تېلېگراممىنى ئېلىپ دەرھال دۇبەن مەھ-
كىمىسىگە بېرىش توغرىسىدا تېلېفون كېلىدۇ. شېڭ شىسەي
جاڭ رۇمىڭغا: «مېنىڭ رۇخسىتىمسىز بۇ ئىشنى ھېچكىمگە
تىنغۇچى بولما، بولمايدىكەن، بۇنىڭ دەردىنى ئۆزۈڭ تار-
تىسەن» دەپ يولىيورۇق بېرىدۇ. بۇنى ئاڭلاپ قارا تەرگە

چۆمگەن جاڭ رۇمىڭ ئۇ تېلېگراممىنى ئۆز يېنىدىن ئايرى-
ماي، ھېچكىمگە تېنىمايدۇ.

9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى كەچتە شىڭ شىسەي جاڭ رۇمىڭغا تېلېفون بېرىپ، ئۇ خەۋەرنى ئەتىسى ئېلان قىلىشنى، ھەمدە ئۇنىڭغا قوشۇپ بىر پارچە ئوبزور يېزىشنى جىكىلەيدۇ. 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى «شىنجاڭ گېزىتى» دە چوڭ خەتلىك تېما بىلەن بۇ مۇھىم خەۋەر ئېلان قىلىندۇ ھەمدە يېڭى كەلگەنلەرنى قارشى ئېلىپ، كونىلارنى ئۇزۇتىپ قويۇش توغرىسىدا بىر پارچە باش ماقالە بېسىلىپ، شىڭ شىسەينىڭ تەختتىن چىرايلىق ئايرىلىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى تۆھپىسىنى بىر پەس ماختاپ قويىدۇ.

شىنجاڭ خەلقى شىڭ شىسەينىڭ تەختتىن چۈشكەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلاپ، خۇشاللىقىدىن قىن-قىنىغا پاتماي قالىدۇ. دېمەك، شىڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدىكى ھوقۇقى ۋە كۈچى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە يەر بىلەن يەكسان بولىدۇ. ئون نەچچە يىلدىن بېرى، شىڭ شىسەينىڭ دەھشەتلىك ھۆكۈمرانلىق ئېكسپىلاتاتسىيىسىدە غەزىپىنى ئىچىگە يۇتۇپ كېلىۋاتقان شىنجاڭ خەلقى مانا ئەمدى يۈرەكلىك سۆزلىيەلەيدىغان بولىدۇ. ئۈرۈمچىنىڭ ھەممىلا يېرىدە شىڭ شىسەينىڭ زالىملىقى توغرىسىدىكى شىكايەتلەر ئەۋج ئالىدۇ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى كوچىلاردا ئوچۇق - ئاشكارا شىڭ شىسەيگە نەپرەت ياغدۇرىدۇ، قولغا ئېلىنىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرگەن ھەر مىللەت خەلقىمۇ باش كۆتۈرۈپ يۈرىدۇ ھەمدە ھەرقايسى ئورگانلارغا يوشۇرۇنغان ساقچى ئىشلىرى باشقارمىسى سىستېمىسىنىڭ ئىشپىيونلىرىغا زەربە بېرىدۇ.



مەسىلەن، پېڭ جىيۇەن كوچىدا كىشىلەر تەرىپىدىن قاتتىق تاياق يەيدۇ.

شىڭ شىسەي مەركىزىي ئاگېنتلىقنىڭ تېلېگراممىسىنى باستۇرۇپ قويغان بىر نەچچە كۈن ئىچىدە، كېيىنكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ بىر قاتار تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، ئۆلكە خەزىنىسىدىكى ئالتۇنلارنى يېڭى بىنانىڭ ئىسكىلاتىغا ئېلىپ كېلىپ پېچەتلىۋېتىدۇ؛ سىر بىلگۈچىلەرنى ئۇجۇقتۇرۇش ئۈچۈن تۈرمىدىكى 100 دىن ئارتۇق كىشىنى ئۆلتۈرىدۇ ۋە مەخپىي ھۆججەتلەرنى كۆيدۈرۈپ، مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلىرىنى تارقىتىۋېتىدۇ. لى يىڭچىنىڭ ئىقرارىدىن قارىغاندا، شىڭ شىسەي شۇ چاغلاردا لى يىڭچىنى يېڭى بىناغا چاقىرتقان بولۇپ، شىڭ شىجىمۇ شۇ يەردە ئىكەن. شىڭ شىسەي لى يىڭچىغا: قىسىم ئەۋەتىپ 2 - تۈرمىنى قورشاپ، ئالدىن بېنزىن چېچىپ پۈتۈنلەي كۆيدۈرۈۋېتىڭلار، ئەگەر قاچقۇچىلار بولسا، پىلىموت بىلەن قىرىۋېتىڭلار، دەپ بۇيرۇق بەرگەنىكەن. شىڭ شىجىمۇ: «ئۇلار تەكتۈكۈس يوقىتىلمىسا، تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن بىزنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنىمىز بولۇپ قالىدۇ» دەپتىكەن. لى يىڭچى ئىشقا قول سالغۇچە، تۈرمىدىكى مەھبۇس سۇ شاڭدا سېزىپ قېلىپ، لومەنچىڭدا تۇرۇشلۇق زاپاس 7 - دىۋىزىيىنىڭ باشلىقى لى يۈيشاڭغا تېلېفون بېرىپ قويىدۇ، لى يۈيشاڭ شىڭ شىسەيگە تېلېفون بېرىپ: «ئەگەر 2 - تۈرمە كۆيدۈرۈلسە، سەن شىڭ شىسەيمۇ ئوتتا كۆيۈپ كېتىسەن» دەيدۇ. شىڭ شىسەي گومىنداڭنىڭ كۈچىدىن چۆچۈگەنلىكتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرلىكىگە يۆتكەلگەنلىك خەۋىرى ئېلان قىلىنىپ بول-

غاچقا، چوڭ بالا - قازا بولمايدۇ.

9- ئاينىڭ باشلىرىدا، شىڭ شىسەي «شىنجاڭ گېزىتى» دە «شىنجاڭدىكى قېرىنداشلارغا مۇراجىئەت» ئېلان قىلىپ، جاھانگىرلارنىڭ قارانىيەتچىلىكى ۋە شىنجاڭدا كۆپ قېتىم يۈز بەرگەن سۇيىقەستلىك توپىلاڭ ئەفزىلىرىنى بىر قۇر سۆزلەپ ئۆتۈپ، شىنجاڭنىڭ مەڭگۈ جۇڭگونىڭ زېمىنى ئىكەنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ئون نەچچە يىلدىن بېرى جاھانگىر ۋە ئۇلارنىڭ غالچىلىرى بىلەن كۆرەش قىلىپ، كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەنلىكى، ئەمدىلىكتە بولسا سالامەتلىكى ئۇنىڭغا يار بەرمەي، بۇنداق مۇھىم ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالالماي قالغانلىقى، شۇنىڭ ئۈچۈن ۋەزىپىلىرىدىن ئىستىپا بېرىپ، مەركەزگە بۇيرۇق كۈتكىلى ماڭغانلىقى ھەمدە شىنجاڭدىكى قېرىنداشلاردىن داۋاملىق ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈپ، مۇقەددەس زېمىننى قوغداپ، دۆلەتنى گۈللەندۈرۈشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى، بايان قىلىدۇ. چېيۇ لىيۇ فاڭمۇ مەزمۇنى ئوخشاش بولغان «شىنجاڭدىكى ئايال قېرىنداشلارغا مۇراجىئەت» تىن بىرنى ئېلان قىلىدۇ، يۇقىرىقى ئىككى مۇراجىئەتنامىگە شىڭ شىسەينىڭ چوڭ قىزى شىڭ كېچىك قەلەم تەۋرىتىدۇ.

9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى (؟) شىڭ شىسەي 30 نەچچە ياغاچ ساندۇق بىلەن بىر كاڭۋېينى ئېلىپ مەخسۇس ئايروپىلان بىلەن چۇڭچىڭغا كېتىدۇ، ئەمما بۇ خەۋەر ۋاقتىنچە ئېلان قىلىنمايدۇ. ئۇنىڭ ئاتارمەن - چاپارمەنلىرى فولىن، ۋاڭ خوڭساۋ، لى يىڭچى، چېيۇ لىيۇشۇن قاتارلىقلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئون نەچچە يىلدىن بېرى خەلقنىڭ قان - تەرىدىن شىلىۋالغان مال - دۇنيالىرىنى ئېلىپ،



ئاپتوموبىل بىلەن لەنجۇغا كېتىدۇ. 9 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، چېيۇ لىيۇفاڭ ئائىلىسىنىڭ چوڭ - كىچىك ئەزالىرىنى باشلاپ مەخسۇس ئايروپىلان بىلەن چۇڭچىڭغا كېتىدۇ. مالىيىنىڭ قالدۇق ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن پەقەت پىڭ جىيۇەن (مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى، شىڭ شىسەيگە ھەمنەپەس بولغۇچى) ئۈرۈمچىدە قالىدۇ. شىڭ شىسەي چۇڭچىڭغا كەتكەندىن كېيىن، پىڭ جىيۇەنگە سىرسىز تېلېگراممىغا قالدۇرۇپ كېتىدۇ، ھەمدە ئۇنىڭغا دۇبەن مەھكىمىسىدىكى ئالتۇن ئىسكىلاتىنى ئىككى تونىلىق تۆمۈر تاختا بىلەن بېكىتىپ، ئۆزىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، ئاتارمەن - چاپارمەنلىرى تامامەن ئۈرۈمچىدىن كېتىپ بولغۇچە قاتتىق مۇھاپىزەت قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق قىلىدۇ.

شىڭ شىسەي دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، خۇاڭ رۇجىڭ قاتارلىق گومىنداڭ ئەزالىرىمۇ چۇڭچىڭدا بارىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تۈرلۈك پۇرسەتلەردىن پايدىلىنىپ، شىڭ شىسەيگە قاتتىق ھۇجۇم باشلايدۇ. شىنجاڭدىكى قېرىنداشلارنىڭ كۈچلۈك تەلىپىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ھەتتا جياڭ جيېشىگە شىڭ شىسەينى ئۆلتۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، شىڭ شىسەينى دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكىدە تۇرالماس ھالەتتە قالدۇرىدۇ. بۇ چاغلاردا شىڭ شىسەينىڭ قولىدا كۆپ يىللار قاملىپ ھايات قالغان دوكبېي ئارمىيىسىنىڭ كوماندىر - جەڭچىلىرى شىڭ شىسەيگە كۆپ قېتىم قەست قىلىپ ئەمەلگە ئاشۇرالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن شىڭ شىسەي كۈن بويى دەككە - دۈككىدە يۈرۈپ، روھى كېسەللىك ھالىتىگە چۈشۈپ قالىدۇ. كېيىن جياڭ جيېشى قول ئاستى

دىكىلەردىگە شىڭ شىسەي گەرچە نۇرغۇن ئادەمنىڭ بېشىغا
چىققان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ شىنجاڭنى مەركەزگە ساق تاپـ
شۇرۇپ بەردى، تۆھپىسى گۇناھىنى يۇيالايدۇ، دەپ نەسـ
ھەت قىلىپ، ئۇنى ساقلاپ قېلىپ، ئۇنىڭغا نامى بار، ھو-
قۇقى يوق ھەربىي - مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ئالىي دەرىجىـ
لىك مەسلىھەتچىسى، دېگەن ۋەزىپىنى بېرىدۇ. ئۇزۇن ئۆتـ
مەي ئۇ ۋاڭ خۇڭشاۋ بىلەن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تەيۋەنـ
گە كېتىدۇ.

لى يىڭچى بىر مەزگىل دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق
مىنىستىرلىكىنىڭ مەمۇرىي مەھكىمىسىدە مەھكىمە باشلىقى
بولغاندىن كېيىن، ئىسمىنى لى يۈيشىڭگە ئۆزگەرتىپ بېيجىڭدا
سودىگەرچىلىك قىلىدۇ. چېڭ زۇڭجۈن بىلەن چېڭ لىيۇشۇنلەر
لەنجۇدا سودىگەرچىلىك قىلىپ يۈرگەندە، 1947 - يىلى
پۈتۈن ئائىلىسى بويىچە شىڭ شىسەينىڭ كونا قىسمىنىڭ
دىۋىزىيە كوماندىرى جىيا × × قاتارلىقلار تەرىپىدىن مەخـ
پى ئۆلتۈرۈلىدۇ. لى يىڭچى، فۇ باۋجيەن، جاڭ سىشىن،
جاڭ گۇاڭچەن، پېڭ جيۈەن قاتارلىقلار ئازادلىقتىن كېيىن
ئۈرۈمچىگە تۇتۇپ كېلىنىپ، 1951 - يىلى ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى
باستۇرۇشتا باستۇرۇلىدۇ.

شىڭ شىسەي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلـ
لەردە، گومىنداڭ شىنجاڭغا ئىشپىيون ئەۋەتمىگەن ۋە شىنـ
جاڭدىمۇ ئىشپىيون تەشكىلاتلىرى قۇرمىغانىدى. جۇ شاۋلياڭ
8 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا شىنجاڭغا كېلىپ، شىڭ شىسەينى
يۆتكىۋەتمەكچى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خوگوجيڭ، ليۇ خەنـ
دۇڭ، ماجۇڭچۈەن، پېڭ جيايو، چى شاڭشىن، جىن مىنجۈن،
شى پۇشاڭ، لى مىڭيۇ قاتارلىق بىر تۈركۈم جۇڭتۇڭ ئىشپىيونلىرى



بىللە كېلىپ، بىر تەرەپتىن ساقچى ئىشلىرى باشقارمىسىنى
تاپشۇرۇۋالىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن جۇڭتۇڭنىڭ ئىشپىيونلۇق
تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇشقا باشلايدۇ. خۇ گوجيڭ ساقچى ئىش-
لىرى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، ليۇ خەندۇڭ مۇئاۋىن باشلىقى،
قوشۇمچە ئۈرۈمچى ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولىدۇ. شىنجاڭ
ساقچى مەكتىپى مەركىزىي ساقچى مەكتىپىنىڭ 3 - شۆبىسىگە ئۆز-
گەرتىلىپ، خۇ گوجيڭ قوشۇمچە مۇدىر بولىدۇ، چېڭ يىشىڭ
مۇئاۋىن مۇدىر بولىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن جۇڭتۇڭ ئىشپىـ
يونلىرى تۈركۈملەپ شىنجاڭغا كېلىپ، ساقچى ئىشلىرى باشـ
قارمىسى بىلەن 3 - شۆبە ساقچى مەكتەپكە توپلىشىدۇ. ھەمـ
دە تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ جۇڭتۇڭنىڭ شىنجاڭدىكى تەشكىلاتلىـ
رىنى قۇرىدۇ.

تۇردى سابىت تەرجىمىسى

# شىنجاڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئوفىتسېرلار مەكتىپى ھەققىدە قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

**جىن گوشياڭ**

شىنجاڭ ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي - شىمال چېگرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، ستراتېگىيىلىك مۇھىم تۈگۈندۇر. تارىختىن بۇيان شىنجاڭدا ھاكىمىيەت باشقۇرۇپ كەلگەن دائىرىلەر شىنجاڭنى ھەقىقىي تۈردە قوغداپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، بۇ يەرگە كۆپ ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، تاشقى كۈچلەرنىڭ تاجاۋۇزىنى توسقان. شۇڭا، ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنى تەربىيىلەش ئۈچۈن ھەربىي شۆتاڭلارنى قۇرۇش ئىزچىل تۈردە ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىگە ئېرىشىپ كەلگەن. 1905 - يىلى چاڭ گېڭ كۈرەدە ھەربىي ھازىرلىق مەكتىپى (ۋۇبېي شۆتاڭ) قۇرغان چاغدىن تارتىپ 1949 - يىلى ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئوفىتسېرلار كۇرسىغىچە بولغان 40 نەچچە يىل داۋامىدا، شىنجاڭنىڭ ھەربىي مەكتەپلىرى «ھەربىي ھازىرلىق مەكتىپى (ۋۇبېي شۆتاڭ)»، «ھەربىي ھازىرلىق بويىچە تېز يېتىشتۈرۈش مەكتىپى قوشۇمچە ئەسكەرلەر ئۆگىنىش لاگېرى»، «شىنجاڭ ھەربىي بىلىم يۇرتى (جاڭۋۇ تاڭ)»، «شىنجاڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئوفىتسېرلار مەكتىپى»، «مەركىزىي قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئوفىتسېرلار مەكتىپى 9 - شۆبىسى»، «شىنجاڭ ئوفىتسېرلار كۇرسى» دېگەنگە ئوخشاش ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈردى. بۇلارنى ئايرىم-ئايرىم ھالدا تۆۋەندىكىچە بايان قىلىمىز:

## 1 . شىڭخەي ئىنقىلابىدىن ئىلگىرى (1905—1911)

گۇاڭشۈنىڭ 31 - يىل 6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى (1905 يىل 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى) چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى لەشكىرىي ۋازارىتىنىڭ دىۋانبېگى چاڭ گېڭنى ئىلى سانغۇنى (ئىلى جياڭجۈن) قىلىپ تەيىنلىدى. چاڭ گېڭ چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش مەقسىتىدە، ھەربىي ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش ئۈچۈن كۈرەدە «ھەربىي ھازىرلىق مەكتىپى» قۇردى. بۇ شىنجاڭ تارىخىدىكى تۇنجى ھەربىي مەكتەپ. بۇنىڭغا چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى قوشۇلۇپ، گۇاڭشۈنىڭ 32 - يىلى 11 ئاينىڭ 27 - كۈنى (1906 - يىل 2- ئاينىڭ 20 - كۈنى) سابىق ۋالىي پەن شاۋشۇ قاتارلىقلار ئىگىلىۋالغان، ھېسابتىن كۆتۈرۈۋەتكەن ھەر خىل پۇللارنى شىنجاڭنىڭ ئەسكەر تەربىيىلىشى، مەكتەپ قۇرۇشى ئۈچۈن قالدۇرۇش، بۇ پۇللارنى يۇقىرىغا تاپشۇرماسلىق ھەققىدە يارلىق چۈشۈرگەنىدى (چىڭ سۇلالىسى ھەققىدىكى ئەمەلىي تەزكىرە، گۇاڭشۈ قىسمى، 554 - جىلد، 16 - بەت). يەنە گۇاڭشۈنىڭ 32 - يىلى (1906 - يىل) مەخسۇس قۇرۇقلۇق ئارمىيە تەربىيىلەشنى

باشقۇرۇش ئۈچۈن «ھەربىي مەشققە ھەيدەكچىلىك قىلىش مەھكىمىسى» تەسىس قىلىنغان. 2 - يىلى، چاڭ گېڭ ئوفىتسېر تەربىيىلەش سىستېمىسىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، ئىلىدا ئىككى يىللىق «ھەربىي ھازىرلىق بويىچە تېز پۈتتۈرۈش مەكتىپى قوشۇمچە ئەسكەرلەر ئۆگىنىش لاگېرى» ئېچىپ، ئۇنىڭغا 100 نەپەر كۇرسانت، 300 نەپەر ئەسكەر كۇرسانت قوبۇل قىلغان. كۇرسانتلار ئوقۇش تۈگەتكەندىن كېيىن تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېرلىققا قويۇلغان. ئەسكەر كۇرسانتلار تەربىيىلىنىپ چىققاندىن كېيىن ئوفىتسېرلىققا تەيىنلەنگەن. ئادەتتە ئەسكەر تەربىيىلەش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن، ياپونىيىنىڭ ئوفىتسېر تەربىيىلەش چارىسى قوللىنىلغان، بۇ چاڭ گېڭنىڭ چېگرا مۇداپىئە كۈچىنى كۈچەيتىش جەھەتتە قوللانغان مۇھىم بىر تەدبىرى. ئەينى ۋاقىتتا ياپونىيە تەۋەلىكىدىكى مەشقاۋۇل يۈەن شىياڭجىڭ (يەنە بىر ئىسمى يىڭ رۇڭ) باش مەشقاۋۇللۇققا تەكلىپ قىلىنغان. گۇاڭشۈنىڭ 33 - يىلى، لىيەن كۈي شىنجاڭغا ئۆلكە ئەمىرى قىلىپ تەيىنلىنىدۇ. ئۇ ئۆلكە مەركىزى ئۈرۈمچىدە ئۈچ يىللىق قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى باشلانغۇچ مەكتىپىدىن بىرنى ئېچىپ، ئۇنىڭدا A·B·C دەپ ئۈچ سىنىپ قۇرۇپ، ھەر بىر سىنىپقا 70 تىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغان. گۇاڭشۈنىڭ 34 - يىلى (1909 - يىل) ئۈرۈمچىدە يەنە «ئوفىتسېرلار مەكتىپى» (جياڭبيەن شۆتاڭ) تەسىس قىلغان.

شۈەنتۇڭنىڭ 3 - يىلى (1911 - يىل) ئىلى سانغۇنى گۇاڭ فۇ يېڭى ئارمىيىنىڭ گۈەندۈيى (ھازىرقى يېڭجياڭ بىلەن بارابەر، خۇبېيلىق)، ياڭ زەنشىن (ياپونىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى داشۆسىنى پۈتتۈرگەن) نى يېڭى ئارمى-



يىنى ئىدارە قىلىش، قوشۇمچە «ھەربىي ھازىرلىق مەكتىپى»نى باشقۇرۇش ئۈچۈن شېتۇڭ (ھازىرقى لۈجاڭ بىلەن بارابەر) قىلىپ قويۇشنى كۆرسەتكەن. شۈەنتۇڭنىڭ 3 - يىلى 1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى (1911 - يىل 2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى) چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى خاڭجۇ سانغۇنى جى رۇينى ئىلى سانغۇنلۇقىغا يۆتكىگەن. جى رۇي ئىنقىلابىي كۈچلەرنىڭ يېڭى ئارمىيىگە سىڭىپ كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن «ھەربىي ھازىرلىق مەكتىپى»نى تاقاپ، شىبەلەر 1 - يىڭدىن مەشقاۋۇل تاللاپ ئۆز ئالدىغا تەربىيە يۈرگۈزۈپ، ئۇنى تا شىنخەي ئىنقىلابى غەلىبە قىلغانغا قەدەر داۋاملاشتۇرغان.

## 2. ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن، شېڭ شىسەي دەۋرى (1911—1944)

شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن، ياڭ زېڭشىن شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ يېكىنمىچىلىك، قامال قىلىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ھەربىي ھازىرلىق مەكتىپى، قۇرۇقلۇق ئارمىيە باشلانغۇچ مەكتىپى، ھەربىي تەتقىقات ئورنى قاتارلىق ئاپپاراتلارنىڭ ھەممىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرىۋەتتى.

1926 - يىلى، شىخودا دۇتۇڭلۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن ۋېي جىنگو ياڭ زېڭشىنغا ئەسكەرلەرنى مەشىق قىلدۇرۇش، ئوقۇش ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش، گېزىتخانا ئېچىشتىن ئىبارەت ئۈچ تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ياڭ زېڭشىن دۆلەت ئىچى ۋەزىيىتى ۋە شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىگە نەزەر

سېلىپ، ئۈچ تەدبىرنىڭ ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى مۇستەھكەملەشكە پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۈرۈمچىدە «ھەربىي بىلىم يۇرتى» (جياڭۋۇ تاڭ) ئېچىپ، تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارنى تەربىيىلەيدى. بۇنىڭغا ياڭ زېڭشىن ئۆزى قوشۇمچە مۇدىر بولدى، لى رۇڭنى مۇئاۋىن مۇدىرلىققا تەيىنلىدى. خېبېي باۋدىڭ ھەربىي مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى جاۋ شۈەنچېڭنى ۋە ئىلى ھەربىي ھازىرلىق مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ھەربىي ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلدى. بۇنىڭدا 100 نەچچە ئوقۇغۇچى بار بولۇپ، كۆپىنچىسى ئۈرۈمچى ئەتراپىدىكى تۇرپان، پىچان، توقسۇن ناھىيىلىرىدىن كەلگەنىدى. ئۇلار ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ، بىر قىسمى تەقسىم قىلىنىپ بولغان، يەنە بىر قىسمى بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرغان پەيتتە، ياڭ زېڭشىن فەن ياۋنەن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

جىن شۇرېن ياڭ زېڭشىندىن كېيىن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ، يەنىلا ياڭ زېڭشىننىڭ كونا تۈزۈمى بويىچە ھەربىي بىلىم يۇرتىنى كېڭەيتىشكە باشلىدى. 1929 - يىلى، ئۇ «ھەربىي بىلىم يۇرتى»نى «شىنجاڭ قورۇقلۇق ئارمىيە ئوفىتسېرلار مەكتىپى» گە ئۆزگەرتىش، مەكتەپ ئورنىنى يەنىلا ئۈرۈمچى شەھىرى ئىچىدىكى سەنجاۋدى دېگەن يەرنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشتۇرۇش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى ھەمدە 1929 - يىللىق قارارنى شىنجاڭ ھەربىي مەكتىپىنىڭ بىرىنچى قارارى دەپ بەلگىلىدى. مەكتەپ مۇدىرلىقىنى جىن شۇرېن ئۆزى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى، ئەمەلىي مۇدىرلىققا ۋېي جىڭگو قويۇلدى، كېيىن چېن پىڭشۇ، چېن يى، مىڭ كېچىڭ قاتارلىقلارمۇ ئىلگىرى - كېيىن



بولۇپ ئەمەلىي مۇدىر بولدى. ھەربىي ئوقۇتقۇچىلاردىن لى گودۇڭ، چېن، جۇڭشەن ۋاڭ جۇيۇ، گاۋ جىڭنىيەنلەر بار ئىدى. جياڭ شەنجيەن ھەربىي دوختۇر ئىدى. باش ئەترەت باشلىقلىقىنى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ليۇ شەنجياڭ، خې يۈخۇا، تاۋ زىخۇڭلار ئۆتىگەنىدى. باش ئەترەت تەۋەسىگە ئۈچ تارماق ئەترەت تەسىس قىلىنىپ، تاۋ زىخۇڭ 1 - تارماق ئەترەتنىڭ باشلىقلىقىنى قوشۇمچە ئۆتىگەن، خې جىرۇڭ ياردەمچىلىك ۋەزىپىسىنى، ماجۇشيەن 2 - تارماق ئەترەتنىڭ باشلىقلىقىنى، شۇ باۋلىن 3 - تارماق ئەترەتنىڭ باشلىقلىقىنى ئۆتىگەنىدى. 1 - قاراردا قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى شىنجاڭ ئوتتۇرا دەرىجىلىك سىنىپەن مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار بولۇپ، ئۇلار جەمئىي 108 كىشى بولغانلىقتىن، لياڭشەن تېغىدىكى 108 پالۋان دەپ نامى بار ئىدى. ئوقۇش مەزگىلىدە ئىلغاش، ئۆلۈپ كېتىش سەۋەبىدىن ئاران 91 كىشى ئوقۇش پۈتتۈردى. 1931 - يىلى، ماجۇڭيىڭ قوشۇنى گەنسۇدىن قۇمۇلغا يېتىپ كېلىپ پاراكەندىچىلىك سېلىپ، جەڭ ئوتى شەرقتىكى ھەرقايسى ناھىيىلەرگە يامراپ، ئەھۋال جىددىيلىشىپ، 1 - قارارىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش تۈگەتكەنلىكى جاكالاندى، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغاندىن كېيىن، دەرھال شەرققە ئاتلىنىپ جەڭگە قاتناشتى.

2 - قارارلىق دەرس 1931 - يىلى 10 - ئايدا باشلىنىپ، ئۇنىڭغا يېڭىدىن 150 نەچچە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - قاراردا مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن جاۋتەي، لياڭ چىۋىن، ۋاڭ يوكېي، سۈن

شىجى، فۇ باۋ، لۇ شاڭچيەن، دۇ يىڭنەن قاتارلىقلار مەكتەپتە قىلىپ خىزمەت ئۆتىگەن. بۇنىڭدا ئۆلكە كۆرسىتىش دەرسلىكى، قارىغا ئېلىش دەرسلىكى، ئىچكى ئىشلار نىزامنامىسى، ئىستىھكام لاۋازىمەتى ۋە بەش چوڭ دەرسلىكتىن ئىبارەت دەرسلەر سۆزلەنگەن؛ تېخنىكا دەرسلىكى بويىچە پىيادە مەشقى، دالا جېڭى مەشقى ئېلىپ بارغان. ئوقۇغۇچىلارغا تۇرمۇش تەمىناتى ئۈچۈن پراپورشىكلىق ياكى ستارشى سېرژانتلىق ۋەزىپىسى بويىچە مائاش بېرىلگەن. ئوقۇش باشلاپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ماجۇڭيىڭ شىنجاڭغا 2- قېتىم كىردى، ما شىمىن ئۆلكە مەركىزىگە ھۇجۇم قىلماقچى بولدى. بۇنىڭ بىلەن 2- قاراردىكى ئوقۇغۇچىلار ئالدىنقى سەپكە ئاتلىنىپ جەڭگە قاتناشتى، 2- قېتىملىق قوغدىنىش ئۇرۇشىدا 20 نەچچە ئوقۇغۇچى ئۆلدى.

مىڭگونىڭ 22 - يىلى (1933 - يىل) 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئۇرۇمچىدە سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، جىن شۇرېن تەختتىن چۈشۈرۈلدى، شېڭ شىسەي ھېيلە - مىكىر بىلەن شىنجاڭنىڭ سىياسىي سەھنىسىگە يامىشىپ چىقىپ، ئۆزىنىڭ سىياسىي ھۆكۈمرانلىقىنى يۈرگۈزۈشكە باشلىدى.

شېڭ شىسەي تەختكە چىققاندىن كېيىن، 6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى شىنجاڭ قورۇقلۇق ئارمىيىسى ئوفىتسېرلىرى مەكتىپىنى يېڭىباشتىن ئاچتى ھەمدە ئۇنىڭ كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، يېڭى ئورۇنغا يۆتكىدى، مەكتەپنىڭ يېڭى ئورنى بېيمېڭنىڭ سىرتىدىكى ئەسلىدىكى دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق تەجرىبە مەيدانىنىڭ ئورنىغا بېكىتىلدى، ئەسلىدىكى تەلىم - تەربىيە پونكىتىدىن 200 نەچچە كىشى ۋە ئەسلىدىكى



2 - قاراردىن تەقسىم قىلىنماي قالغان ئوقۇغۇچىدىن 230 نەچچە كىشى تاللىنىپ يەنىلا ھەربىي مەكتەپنىڭ 2 - قارارى قىلىپ بېكىتىلدى. شېڭ شىسەي تا 1943 - يىلى شىنجاڭ قورۇقلۇق ئارمىيە ئوفىتسېرلار مەكتىپى مەركىزىي قورۇقلۇق ئارمىيىسى ئوفىتسېرلار مەكتىپى 9 - شۆبىسىگە ئۆزگەرتىلگەنگە قەدەر ئۆزى مۇدىر بولدى.

### 3. شىنجاڭ ھەربىي مەكتىپىنىڭ 3 - قارارىدىن 5 - قارارىغىچە قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

شىنجاڭ قورۇقلۇق ئارمىيە ئوفىتسېرلار مەكتىپىنىڭ 1 - قارارىنى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتتۈم. 2 - قاراردىكى ئوقۇغۇچىلار 1933 - يىلى 6 - ئايدا دەرس باشلىدى. بۇ قارار بىر چوڭ ئەترەت، ئۈچ ئوتتۇرا ئەترەت، توققۇز شۆبە ئەترەت بويىچە تەشكىللەنگەن. پىيادىلەر ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ باشلىقلىقىنى ياڭ دېشاڭ ئۆتىگەن؛ ئاتلىقلار ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ باشلىقلىقىنى چوڭ ئەترەت باشلىقى خەن يىڭيۈەن قوشۇمچە ئۆتىگەن؛ توپچىلار ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ باشلىقلىقىنى ۋۇ يۈڭخەي ئۆتىگەن. بۇ قاراردىكى ئوقۇغۇچىلار 1936 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ تەقسىم قىلىنغان.

1935 - يىلى شىنجاڭدا جاھانگىرلىككە قارشى خەلق ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى، شىنجاڭ قورۇقلۇق ئارمىيىسى ئوفىتسېرلار مەكتىپىدىمۇ جاھانگىرلىككە قارشى ھەربىي شۆبە ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى. ھەربىر ئوقۇغۇچى قەسەمياد

رەسمىيىتىنى ئۆتەش شەرت قىلىندى. قەسەم بېرىش سۆزى تۆۋەندىكىچە: ھۆكۈمەتنى سادىق ھىمايە قىلىپ، باشلىقنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنىمەن.

ھەربىي تېخنىكىلارنى ئىگىلەپ ھەربىيلىك بۇرچىمنى ئادا قىلىمەن.

ئىجتىمائىي پەنلەرنى تەتقىق قىلىپ ئىدىيەمنى قوراللاندۇرىمەن.

جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ، جاھانگىرلىككە قارشى يېڭى ئارمىيە جەڭچىسى بولىمەن.

سۆيۈمچان، سەممىي بولۇپ① بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ دۆلەتنى قۇتقۇزىمەن.

ئالتە چوڭ سىياسەتنى ئىجرا قىلىپ، ياپونغا قارشى ئارقا سەپنى مۇستەھكەملەيمەن.

ياپونغا قارشى ئۇرۇش غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ،

①شىنجاڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى ئوفىتسېرلىرى مەكتىپىنىڭ بۇرۇنقى مەكتەپ تەلىماتى: «جاپا - مۇشەققەتكە چىداش، سەممىي، ئىناق ئۆتۈش» ئىدى. 1935 - يىلى يازدا، گومىنداڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ ئەمەلدارى دېڭ ۋېنيى شىنجاڭغا زىيارەت قىلغىلى كەلگەندە، گومىنداڭ نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە ۋەكالىتەن ھەربىي مەكتەپكە بېرىپ سۆز قىلغانىدى. مەكتەپكە مەركىزىي قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى ئوفىتسېرلىرى مەكتىپىنىڭ مەكتەپ تەلىماتى بولغان «سۆيۈمچان، سەممىي بولۇش» دېگەن سۆز يېزىلغان رامكا ۋە جياڭ جيېشىنىڭ چوڭ سۈرىتىنى تەقدىم قىلغانىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شىنجاڭ ھەربىي مەكتىپىنىڭ مەكتەپ تەلىماتى: «جاپا - مۇشەققەتكە چىداش، سۆيۈمچان، سەممىي بولۇش» قا ئۆزگەرتىلگەنىدى.



ئۈچ چوڭ ۋەزىپىنى ئورۇندايمەن.

قەسەمگە خىلاپلىق قىلسام، قاتتىق جازالىنىشقا رازىمەن.

ھەربىي مەكتەپنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى ھەربىي شۆبە ئۇيۇشمىسى ۋە جاھانگىرلىككە قارشى ئارمىيە 1935 - يىلى قۇرۇلۇپ، 1 - ئاۋغۇست كۈنى ھەربىيلەر بايرىمى قىلىپ بېكىتىلدى. شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئارمىيە ۋە ھەربىي مەكتىپىنىڭ ھەرقايسى ئەترەتلىرى پۈتۈنلەي «جاھانگىرلىككە قارشى ئارمىيە» دەپ ئۆزگەرتىلدى. يەنە جاھانگىرلىككە قارشى ئارمىيە ناخشىسى توقۇلدى. جاھانگىرلىككە قارشى ئارمىيە ناخشىسىنىڭ تېكىستى مۇنداق:

جاھانگىرلىككە قارشى ئارمىيە، جاھانگىرلىككە
قارشى ئارمىيە،
بىز 1 - ئاۋغۇستا دۇنياغا كەلدۇق.
جاھانگىرلىككە قارشى تۇغنى ئېگىز كۆتۈرۈپ
باتۇرانە ئالغا باسايلى.
جاھانگىرلار يىرتقۇچلاردەك ۋەھشى بولسىمۇ،
تەڭ كېلەلمەس قان ۋە گۆش بىلەن قۇرغان قورغانغا.
قانغا قان ئېلىپ، جانغا جان،
بىز پۈكەيمىز قەيسەر بولۇپ.

جاھانگىرلىككە قارشى ئارمىيە قۇرۇلغاندىن كېيىن، «جاھانگىرلىككە قارشى ئارمىيىنىڭ 12 ماددىلىق نىزامنامىسى» ئېلان قىلىنغانىدى. ئۇنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

1. جاھانگىرلىككە قارشى ئارمىيە جاھانگىرلىككە قارشى

تۇرىدىغان، بولۇپمۇ ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ جۇڭگوغا قىلغان تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرىدىغان ئارمىيە.

2. جاھانگىرلىككە قارشى ئارمىيە فاشىست باندىتلىرىنىڭ يېڭى جاھانگىرلىك ئۇرۇشىغا قارشى تۇرىدىغان ئارمىيە.

3. جاھانگىرلىككە قارشى ئارمىيە تاجاۋۇزچىلار سىپىگە قارشى تۇرىدىغان، سوۋېت ئىتتىپاقى مەركەز قىلىنغان تىنچلىقپەرۋەرلەر سىپىنى ھىمايە قىلىدىغان ئارمىيە.

4. جاھانگىرلىككە قارشى ئارمىيە ھەققانىي ئۇرۇشنى ھىمايە قىلىدىغان، ناھەققانىي ئۇرۇشقا قارشى تۇرىدىغان ئارمىيە.

5. جاھانگىرلىككە قارشى ئارمىيە دۇنيا تىنچلىقىنى قوغدايدىغان ئارمىيە.

6. جاھانگىرلىككە قارشى ئارمىيە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مۇستەقىللىقى، ئەركىنلىكى ۋە ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا تىرىشىدىغان ئارمىيە.

7. جاھانگىرلىككە قارشى ئارمىيە خائىنلارغا، تروتسكىچى باندىتلارغا، مۇرەسسەچىلەرگە ۋە تەسلىمچىلەرگە قارشى تۇرىدىغان، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ۋە ئۇنىڭدا ئاخىرغىچە چىڭ تۇرۇشنى ھىمايە قىلىدىغان ئارمىيە.

8. جاھانگىرلىككە قارشى ئارمىيە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىكسەپنى ھىمايە قىلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىدىغان، دۆلەت قۇرۇش سىياسىتىنى ھىمايە قىلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىپ دۆلەت قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ۋەزىپىنى ئورۇندايدىغان ئارمىيە.

9. جاھانگىرلىككە قارشى ئارمىيە ئاپرېل ئىنقىلابىنى



ئىلگىرى سۈرىدىغان ئارمىيە.

10. جاھانگىرلىككە قارشى ئارمىيە ئالتە چوڭ سىياسەتنى يولغا قويغان ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەيدىغان ئارمىيە.

11. جاھانگىرلىككە قارشى ئارمىيە شىنجاڭنىڭ جۇڭگو زېمىنىغا ئەبەدىي مەنسۇپ بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان ئارمىيە.

12. جاھانگىرلىككە قارشى ئارمىيە شىنجاڭنىڭ تىنچلىقىغا، ئۈچ چوڭ ۋەزىپىنى ئورۇنداشنى تېزلىتىشكە كاپالەتلىك قىلىدىغان ئارمىيە.

بۇ، شېڭ شىسەي جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن يولغا قويغان بىر خىل يېڭىچە ئارمىيىنى تەرتىپكە سېلىش ھەرىكىتى، بۇ مەزگىلدە، ھەربىي مەكتەپتىكى جەڭچىلەرنىڭ روھى كۆتۈرەڭگۈ، ئوقۇش كەيپىياتى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان. «ھۆكۈمەتنىڭ نۆۋەتتىكى ئاساسلىق ۋەزىپىسى»، «ئالتە چوڭ سىياسەت»، «جاھانگىرلىككە قارشى بىرلىكسەپ»، «ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش توغرىسىدا» قاتارلىقلارنى ئۆگىنىش ۋە مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كاللىسى قوراللاندۇرۇلغان.

3 - قارارلىق ئوقۇغۇچىلار 1936 - يىلى كۈزدىن باشلاپ قوبۇل قىلىنغان. بۇ قارارغا 500 نەچچە كىشى قوبۇل قىلىنىپ، ئۇلار پىيادە قىسىم، ئاتلىق قىسىم، توپچى قىسىم، قۇرۇلۇش قىسمى ۋە تەمىنات - توشۇش قىسمىدىن ئىبارەت بەش ئارمىيە تۈرىگە بۆلۈنگەن، بەش ئوتتۇرا ئەترەت قىلىپ

تەشكىللىگەن. پىيادىلەر ئوتتۇرا ئەترىتىگە بەي شۇفىڭ (كېيىن لى جيەنتاڭ) باشلىق بولغان. ئاتلىق قىسىم ئىككى ئوتتۇرا ئەترەتكە بۆلۈنگەن، ئاتلىقلار 1 - ئەترىتىگە خەن يىڭيۈەن (كېيىن شى بىڭجۈن) باشلىق بولغان؛ ئاتلىقلار 2 - ئەترىتى مىللىي ئەترەت بولۇپ، ئۇنىڭغا جۇتيەنشاڭ (كېيىن ياڭ يۈمىن) باشلىق بولغان. توپچىلار ئوتتۇرا ئەترىتىگە ۋۇيىڭخەي (كېيىن ليۇجيەن) باشلىق بولغان، قۇرۇلۇش قىسمى بىلەن تەمىنات توشۇش قىسمى بىر ئەترەت قىلىنىپ، ئۇنىڭغا جاۋجيۈن باشلىق بولغان.

ھەربىي مەكتەپنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، زاپاس ئوفىتسېر يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، 3 - قاراردا ئۈچ ئالاھىدە كۇرس ئېچىلدى.

1. ئوفىتسېرلار تەلىم - تەربىيە ئەترىتى:

بۇ ئەترەت 1936 - يىلى 10 - ئايدا قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنى شېڭ شىسەي ئاساسىي قاتلام كۈچلىرىنى تولۇقلاش ئۈچۈن قۇرغان. بۇنىڭدا قىسىملاردىن 200 نەچچە بەنجاڭ پاكى ئەسكەرنى تاللاپ تەربىيىلەپ، ئۇنى بىر چوڭ ئەترەت، ئۈچ ئوتتۇرا ئەترەت قىلىپ تەشكىللىگەن. چوڭ ئەترەتكە جاڭ بىڭگۇاڭ باشلىق بولغان. مەكتەپنىڭ ئورنى شىمالىي دەرۋازىنىڭ سىرتىدىكى كونا گازارما ئورنىدا (ھازىرقى 1 - ئاۋغۇست ھەربىي كۇلۇبىنىڭ ئورنى) جايلاشتۇرۇلغان. بۇ مەكتەپنىڭ ئورنىدا يەنە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسى، يۇقىرى دەرىجىلىك تەتقىقاتچىلار كۇرسى، ھەربىي تەمىنات كۇرسى ۋە ئاتلىقلار، توپچىلار تەلىم - تەربىيە لىيەنى كۇرسى ئېچىلغانىدى.

2. ژاندارما ساقچى ئەترىتى:



بۇ ئەترەت 1936 - يىلى كۈزدە قۇرۇلۇپ، ئوفىتسېرلار تەلىم - تەربىيە ئەترىتى بىلەن بىر ۋاقىتتا دېگۈدەك ئوقۇش باشلىغان. بۇ، شېڭ شىسەي كونترولىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن قۇرغان ئەترەت. بۇنىڭغا ھەرقايسى ئورگانلاردىن تاللاپ كېلىنگەن ئوقۇغۇچىلار 70 نەچچە نەپەر بولۇپ، ئۇلاردىن 20 نەچچىسى مىللىي ئوقۇغۇچى ئىدى. بۇنىڭغا نىلىفۇ قوشۇمچە ئەترەت باشلىقى، جاڭ شىچاۋ مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى بولدى. ئۇلارنىڭ ئۆگەنگەن دەرسى قانۇنشۇناسلىق، ساقچىشۇناسلىق، جىنايى ئىشلار قانۇنى، رازۋېدكىشۇناسلىق قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

3. رۇس تىلى سىنىپى:

بۇنىڭغا 1936 - يىلى 30 نەچچە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان، بۇنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى تەرجىمان تەربىيىلەش بولۇپ، بۇ سىنىپقا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان ئوقۇغۇچى جىن لىن باشلىق بولدى.

ئۈچ قاراردىكى ئوقۇغۇچىلارنى ئىككى قېتىم شاللاش (بۇ شېڭ شىسەي 1937 - يىلدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي سۈيىقەستچىلەر قوزغىلىڭىغا قاتناشقان ئۇنسۇرلارنىڭ پەرزەنتى دەپ شاللىۋەتكەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ۋە 1937 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭدا يۈز بەرگەن ماخۇشەن، مامۇت توپىلىڭىنى باستۇرۇش ئارقىلىق، ئۇلاردىن تەقسىم قىلىنىشتا ئاران 440 نەچچىسى قالغان.

1937 - يىلى، جەنۇبىي شىنجاڭدا يۈز بەرگەن توپىلاڭنى باستۇرۇش ئۈچۈن، ھەربىي مەكتەپ شېڭ شىسەينىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، جەنۇبىي شىنجاڭ باندىت تازىلاش 5 - پارتىزان تارماق ئەترىتى تەشكىللىدى. ئۇنىڭغا ئىلمىي مۇ-

دىرى ۋاڭ جۇڭزاۋ باشلىق بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەسلىھەتچىسى شتاب باشلىقلىقىغا تەكلىپ قىلىندى. ھەرقايسى ئەترەتلەردىن 16 ياشتىن ئاشقان ئوقۇغۇچىلار ۋە خوجۇلۇق، دوختۇرلۇق قاتارلىق ئارقا سەپ خادىملىرى بولۇپ 800 دىن ئارتۇق ئادەم توپلاندى. 6 - ئاينىڭ باشلىرى، ئۇلار ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ يولغا چىقتى. پىيادە ئەسكەرلەر ئاپتوموبىل بىلەن توخسۇن ئارقىلىق خوشۇتقا بېرىپ، قارا شەھەردە توپلاندى. يەنە بىر يولدىكىلەر ئاتلىقلار بولۇپ، ئۇلار داۋانچىڭنى بويلاپ، تىيانشاندىن ئارتىلىپ ئۆتۈپ، خېجىڭ ئارقىلىق قارا شەھەرگە كېلىپ بىرلەشتى. ئىككى يولدىكى قىسىم بىرلەشكەندىن كېيىن دەرھال كورلىغا قاراپ يۈرۈش قىلدى. كورلىدىن لى جيەنتاڭ، جاۋجيۈن باشچىلىقىدىكى بىر ئاتلىقلار ئوتتۇرا ئەترىتى لوپنۇر، چەرچەننى بويلاپ قاچقۇن باندىتلارنى توسۇپ زەربە بېرىشكە ئەۋەتىلدى. يەنە بىر توپچىلار شۆبە ئەترىتى بىر تاغ زەمبىرىكى بىلەن كورلا ئايرودرومىنى مۇھاپىزەت قىلدى. ۋاڭ جۇڭزاۋ، ياۋشيۇڭ ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەلىكىدىكى شتاب باشلىقىنى ئارقا سەپتە تۇرۇپ قوماندانلىق قىلىشقا بەلگىلەپ ئەۋەتتى. قالغانلارنى ۋاڭ جۇڭزاۋ باشلاپ كۇچاغا قاراپ يۈردى. بۈگۈردىن جەنۇبقا قاراپ ئون نەچچە كىلومېتىر يۈرگەندە، ماخۇشەن، مامۇت قوشۇنى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ جەڭ قىلدى. كۇچانى قايتۇرۇۋالغان بولسىمۇ، لېكىن ماخۇشەن، مامۇت قىسىملىرىنىڭ ئەسكەر كۈچى كۈچلۈك بولغانلىقتىن، ھەربىي مەكتەپ 5 - پارتىزان تارماق ئەترىتى ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەي، ئايرودرومغا چېكىنىپ، ماخۇشەن، مامۇتلارنىڭ قورشاۋىدا قالدى. بىر ھەپتىدىن



كېيىن، ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ قوغدىشى ۋە ئاتلىق 10 - پولك پىيادىلەر يېڭى 8 - لىيەننىڭ ياردەم بېرىشى، ماسلىشىشى ئارقىسىدا مۇھاسىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، كۇچا، باي، بۈگۈر، شايار قاتارلىق بەش ناھىيىدە ماخۇشەن، مامۇت قىسىملىرى بىلەن جەڭ قىلىپ يۈردى. 12 - ئاينىڭ باشلىرى تۈپىلاڭنى تىنجىتىپ، 12 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى غەلىبە قازىنىپ قايتتى. بۇ قېتىمقى جەڭدە ھەربىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن 28 كىشى ئۆلگەن. مەكتەپكە قايتىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن ئوقۇش داۋاملاشتۇرۇلدى. ھەرقايسى ئەترەتلەردىكى ئوقۇغۇچىلار تەرتىپكە سېلىنىپ قۇرۇلۇش ئەترىتى بىلەن تەمىنات توشۇش ئەترىتى ئاتلىقلار 2 - ئەترىتى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. ئەسلىدىكى ئاتلىقلار 2 - ئەترىتى (مىللىي ئوقۇغۇچىلار ئەترىتى) ئاتلىقلار 3 - ئوتتۇرا ئەترەت قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ، بۇنىڭغا جۇگوچۈەن باشلىق بولدى. 1940 - يىلى ئالتايدا يەنە جەڭ قوزغالدى. شېڭ شىسەي جۇتيەنزۇنى ئەترەت باشلىقلىقىغا تەيىنلەپ، ۋاقىتلىق ئىككى ئاتلىقلار لىيەنى تەشكىللىدى ھەمدە تەقسىم قىلىنىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلاردىن 20 نەچچىنى تاللاپ، ئۇلارنى تۈەن دەرىجىلىك ئوفىتسېرلىققا تەيىنلىدى. ئۇلار بېيساۋو ئارقىلىق ئالتايغا قاراپ يۈرۈش قىلدى، كېيىن ئۇ تۈەن قىلىپ كېڭەيتىلدى. ئوقۇش پۈتتۈرگەن 20 نەچچە ئوقۇغۇچىدىن 17 سى جەڭدە ئۆلدى. 1940 - يىلى كۈزدە، 4 -، 5 - قارارلاردا يېڭىدىن سەپكە قاتناشقان ئوقۇغۇچىلارنى ئاساس قىلىپ، مەكتەپ تەقسىم قىلىشنى كۈتۈپ تۇرغان، 3 - قارارلاردا ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن 70 نەچچىنى تاللاپ تۈەن دەرىجىلىك ئوفىتسېرلىققا تەيىنلەپ، «مەكتەپ

تۇەنى» تەشكىللىندى، ئۇنى باش ئەترەت باشلىقى شى بىڭجۇن باشلاپ توپىلاڭچى ئوسمان قىسمىغا زەربە بەردى، بىر ئايدىن ئارتۇق زەربە بېرىش نەتىجىسىدە، ئوسمان تەسلىم بولدى، مەكتەپ تۇەنىمۇ 11 - ئاينىڭ ئوتتۇرلىرى بۇيرۇققا بىنائەن مەكتەپكە قايتتى.

3 - قاراردا ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن 60 نەچچىسى يۇقىرىدا ئېيتىلغان بىر نەچچە قېتىملىق جەڭدە ئۆلگەن.

3 - قاراردىكىلەر ئوقۇش تۈگەتكەندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىسىنىڭ تەكلىپى بىلەن، پۈتۈنلەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي ئوقۇش پىروگراممىسىنى قوللانغان، يەنى سوۋېت ئىتتىپاقى فرونزى قىزىل ئارمىيە ئونىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇش پىروگراممىسىنى قوللانغان، ئەسلىدىكى قورال - جابدۇقلارنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يېڭى قورال - جابدۇقلىرىغا ئۆزگەرتكەن. ھەتتا تاماق تۈرلىرىدىمۇ سوۋېت ئارمىيىسىنىڭكىنى قوللانغان. مەسىلەن، لىپا، كاپوسكا شورپىسى دېگەنلەرگە ئوخشاش.

4. 3 - قاراردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ پەۋقۇلئاددە كۇرسى:

پەۋقۇلئاددە كۇرس شىڭ شىسەي 3 - قاراردىكى پىيادىلەر، ئاتلىقلار ۋە توپچىلار ئوتتۇرا ئەترىتىدىن بىر تۈركۈم قابىل كۇرسانتلارنى تاللاپ، بىلىمىنى ئاشۇرۇش، تەربىيىلەش ئۈچۈن قۇرغان كۇرس. بۇ كۇرستا 100 نەچچە كۇرسانت بار بولۇپ، ئۇلارنى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن ئوقۇتقۇچىلار ئالاھىدە تەربىيىلىدى. بۇ كۇرستا رازۋېدكىچىلىق، ئاخباراتچىلىق، فوتو سۈرەتچىلىك قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلدى. يەنە پەلسەپە، جاھانگىرلىككە قارشى مىللىي بىر-



لىكسەپ قاتارلىق سىياسىي تەربىيىمۇ ئېلىپ بېرىلدى. ئۇلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن كۆپىنچىسى دۇبەن مەھكىمىسىگە ياكى سىياسىي تەلىم - تەربىيە باشقارمىسى، چېگرا مۇداپىئە ئىشلىرى باشقارمىسى قاتارلىق ئورۇنلارغا تەقسىم قىلىندى. كېيىن بۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى شىڭ شىسەي تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

4 - قاراردىكىلەر 1938 - يىلى 3 - ئايدىن كېيىن ھەربىيلىككە قاتناشقانلار ئىدى. ئۇلار جەمئىي 199 كىشى بولۇپ، پىيادىلەر، ئاتلىقلار دەپ ئىككى ئوتتۇرا ئەترەت قىلىندى. پىيادىلەر ئوتتۇرا ئەترىتىدە 108 كىشى بار بولۇپ، ئۇنىڭغا شىن يۇجى ئەترەت باشلىقى بولدى؛ ئاتلىقلار ئوتتۇرا ئەترىتىدە 91 كىشى بار بولۇپ، ئۇنىڭغا مارۇكوۋ ئەترەت باشلىقى بولدى. ئۇلارغا ئۆتۈلىدىغان ئىككى پەندە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ فرونزې قىزىل ئارمىيە ئونىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتۇش پروگراممىسى بويىچە تەربىيە ئېلىپ بارغان ھەمدە ئۇلارنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا بىرونىك، پىلىموت، خەۋەرلىشىش، سىياسىي تەلىم - تەربىيە دەپ تۆت شۆبە ئەترەت قىلىپ تەشكىللىگەن. بۇنىڭدىن باشقا يەنە رۇس تىلى كۇرسىغا 30 چە ئادەم قوبۇل قىلىپ، ئۇلار 1941 - يىلى ئوقۇشنى تاماملىغان.

5 - قارارلىق كۇرس 1939 - يىلى كۈزدە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ ئوقۇش باشلىدى. بۇ قاراردا يېڭىدىن 200 كۇرسانت قوبۇل قىلىنىپ، ئۇلار يەنىلا پىيادىلەر، ئاتلىقلار دەپ ئىككى ئەترەت قىلىنىپ، پىيادىلەر ئەترىتىگە شىن يۇجى (كېيىن لى جىڭشۇن، شۇ جۇڭجى) باشلىق بولغان؛ ئاتلىقلار ئەترىتىگە مارۇكوۋ (كېيىن تيەن يۇخەي) باشلىق

بولغان. 1941 - يىلى پىيادىلەر ئوتتۇرا ئەترىتىدىن 50 كىشى تاللاپ چىقىلىپ، ئۇلار سىياسىي تەلىم - تەربىيە بۆلۈمى قىلىپ تەشكىل قىلىنىپ، سىياسىي خىزمەت جەھەتتە تەربىيە ئېلىپ بېرىشقا بېكىتىلگەن. 1942 - يىلى 5 - قاراردىكىلەر ئوقۇش پۈتتۈرۈپ تەقسىم قىلىنغان.

شىنجاڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى ئوفىتسېرلىرى مەكتىپى 1929 - يىلىدىن باشلاپ ئاچقان 1 - قاراردىن تارتىپ 1942 - يىلىغىچە بولغان 13 يىل ئىچىدە 1285 كۇرسانتنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى.

## 4. شىنجاڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئوفىتسېرلەر مەكتىپىنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتى ۋە كادىرلار ئىشلىرى ئەھۋالى

شىنجاڭ ھەربىي مەكتىپىنىڭ ئىچكى ئاپپاراتلىرى مەكتەپ كۆلىمىنىڭ تەدرىجىي كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ كۆپىيىپ، مەكتەپ باش ئورگانى، مەكتەپ ئىشخانىسى، سوۋېت ئىتتىپاقى باش مەسلىھەتچىسى ئىشخانىسى، باش ئەترەت بۆلۈمى تەسىس قىلىنغان. 3 - قاراردىن كېيىن مەكتەپ سىياسىي بۆلۈمى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىنغان.

مەكتەپ ئىشخانىسى مەكتەپنىڭ مەمۇرىي باش ئورگىنى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىلمىي مۇدىر مەسئۇل قىلىنغان. ئۇ پۈتۈن مەكتەپنىڭ مەمۇرىي، مەشىق، كادىرلار ئىشلىرى قاتارلىق كەسپلەرگە رىياسەتچىلىك قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاستىغا ئوقۇتۇش ئىشلىرى باشقارمىسى، خوجىلىق ئىشلىرى باشقارمىسى، داۋالاش ئىشلىرى باشقارمىسى ۋە كانۋويلار ئەترە-



تى تەسىس قىلىنغان.

سوۋېت ئىتتىپاقى باش مەسلىھەتچىسى ئىشخانىسى باش مەسلىھەتچىنىڭ خىزمەت ئورگىنى بولۇپ، ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىلىق كەسپىي ئوقۇتقۇچىلارنى بىر تۇتاش باشقۇرىدۇ، ئوقۇتۇش پروگراممىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ھەيدەكچىلىك ۋە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

باش ئەترەت بۆلۈمى ئوتتۇرا ئەترەت ۋە ئوقۇغۇچىلار ئەترىتىنى (زاپاس ئوقۇغۇچىلار) باشقۇرىدۇ ۋە مەشىق قىلدۇرۇشقا ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ. ئوقۇغۇچىلار ئەترىتى 1934 - يىلى 2 - قارارلىق ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىن تاللانغان يېشى كىچىك، سالامەتلىكى تەلەپكە لايىق كەلمىگەن ئوقۇغۇچىلارنى تەشكىللەپ، زاپاس ئوقۇغۇچى قىلىنغان. كېيىن بۇنىڭغا يەنە جەمئىيەتتە ئۆي - ئوچاقسىز يۈرگەن يېتىم بالىلار، تۇرمۇشىدا قىيىنچىلىق بولۇپ ئوقۇشقا چامىسى يەتمەيدىغان ياش - ئۆسمۈرلەردىن 100 نەپەرچىسى ئارقا - ئارقىدىن يىغىۋېلىنغان. بۇ زاپاس ئوقۇغۇچىلارغا مەدەنىيەت ئۆگىتىش ئاساس قىلىنغان.

سىياسىي بۆلۈم، 1938 - يىلىنىڭ بېشىدا، مەكتەپ ئىشخانىسىدىن ئايرىلىپ چىقىپ ئايرىم تەسىس قىلىنغان بۆلۈم. ئۇ ئاساسلىقى پۈتۈن مەكتەپنىڭ سىياسىي تەربىيە ۋە ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىنى باشقۇرىدۇ. ئەينى چاغدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرى ياكى تەرەققىيپەرۋەر، ئوقۇمۇشلۇق زاتلار سىياسىي دەرس بېرىشكە تەكلىپ قىلىنىدى. مەسىلەن، ۋاڭ شۇچېن پەلسەپە سۆزلىگەن، جۇ بىڭ «سىياسىي ئىقتىساد ئىلمى» سۆزلىگەن، دىڭ فا، چېن يۈن، چېن تەنچيۇلارمۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ مەكتەپكە كېلىپ

ئىچكى ـ تاشقى ئېقىم مەسىلىلىرىنى سۆزلىگەن؛ بۇنىڭدىن باشقا يەنە جۇ چۈنخۇي، فۇ شىنۇلار ئىجتىمائىي پەن سۆزلىگەن. شېڭ يەنبىڭ، دۇ جۇڭيۈەنلەر «جەمئىيەت تەرەققىياتى تارىخى» سۆزلىگەن، خې يۇجۇ (گىلاڭ گۇاڭ) «ئالاھىدە چوڭ سىياسەت دەرسلىكى»نى سۆزلىگەن، ۋاڭ باۋچيەن «ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكا»نى سۆزلىگەن، ۋەن شەنتىڭ «جاھانگىرلىككە قارشى مىللىي بىرلىكسەپ» نى سۆزلىگەن، جاۋدەن دراما سەنئىتى ھەققىدە سۆزلىگەن. سىياسىي بۆلۈمگە يەنە كىنو قويۇش گۇرۇپپىسى ۋە ئىشتىن سىرتقى دراما ئۆمىكى تەسىس قىلىنغان. خوجىلىق ئىشلىرى باشقارمىسىغا ھەربىي ئوركېستىر تەسىس قىلىنغان.

شىنجاڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى ئوفىتسېرلىرى مەكتىپىدىكى ھەر قايسى ئورگانلارنىڭ 1933 ـ يىلىدىكى 2 ـ قارارىدىن باشلاپ 1943 ـ يىلىغىچە بولغان ئون يىل داۋامىدىكى ئاساسلىق مەسئۇللىرى تۆۋەندىكىچە:

ئىلمىي مۇدىر: نيۇيۇنىڭ، ياڭ بىگىسىن، ياڭ شۇتاڭ، جاۋ جيەنفىڭ، ۋاڭ خۇڭزاۋ، جاڭ فىڭيى، گو دىچى.

سىياسىي بۆلۈمنىڭ مۇدىرى: چۇ يۇشۇڭ، گۇەن جىنگۈەن.

باش ئەترەت باشلىقى: جاڭ يۇفېن، سۇي يۈڭچياڭ، جياۋ خۇەنتىڭ، خەن يىڭيۈەن، شى بىڭجۈن، جاڭ گۇيتىڭ.

ئوقۇغۇچىلار ئەترەت باشلىقى: شۆيىڭجۇڭ، فۇ باۋيەن، جوسەن، جاڭ بىڭگۇاڭ، جىن چۇڭسەن، سۇن جىڭسەن، دەي چۈەنجۈن.

ئوقۇتۇش ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى: يۇخۇالۇڭ، ۋەن لىڭيۇن، سۇڭ شۇجۇڭ، ياۋ چىڭجياڭ.



داۋالاش ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ماۋىنگۇاڭ، خۇرۇيى، ليۇ بىڭدى.

## 5. مەركىزىي قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى ئوفىتسېرلەر مەكتىپى 9 ـ شۆبىسى

1944 ـ يىلى، شېڭ شىسەي نىقابىنى يىرتىپ تاشلاپ، ئۆزىنى جياڭ جيېشىنىڭ قوينىغا ئاتتى. گومىنداڭ كۈچلىرى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شىنجاڭغا كىردى، شىنجاڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى ئوفىتسېرلەر مەكتىپى 9 ـ شۆبىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ تەشكىل قىلىندى. ئۇنىڭغا شېڭ شىسەي مۇدىر قىلىپ تەيىنلەندى. شېڭ شىسەي شىنجاڭدىن يۆتكەلگەندىن كېيىن، سۇڭ شىليەن ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈۋالدى. مۇئاۋىن مۇدىرلىقنى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ گۇڭ يۇ، شۇدا، تاڭ جىڭرەن، شارىچاڭ، تاڭ جىڭلار ئۆتىگەن، سىياسىي بۆلۈمنىڭ مۇدىرلىقىنى خۇاڭ سىڭۇڭ، سۇن فۇسىڭ، ليۇچې، ما دىرۇيلەر ئۆتىگەن. ئىلمىي مۇدىرلىقنى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ شى شۇجۇ، دىڭ ۋېنيۈەن، جاۋ ئەنچياڭلار ئۆتىگەن.

9 ـ شۆبە مەكتەپ قىلىپ ئۆزگەرتىلگەندە، ئەسلىدىكى شىنجاڭ ھەربىي مەكتىپى 6 ـ قارارىدىكى 120 ئوقۇغۇچى 1940 ـ يىلى 9 ـ ئايدا دەرس باشلىدى. ئۇلارنى ئاتلىقلار ئەترىتىگە 80 كىشى، رۇس تىلى سىنىپىغا 20 كىشى، مەسلىھەتچىلەر (سەنمۇلار) سىنىپىغا 20 كىشى قىلىپ بۆلدى. 6 ـ قاراردىكىلەر دەرس باشلىغاندىن كېيىن، شېڭ شىسەي

ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، 5 - قارار ۋە 6 - قاراردىكىلەردىن 38 كىشىنى تاللاپ چىقىپ، ئاۋىئاتسىيە مەكتىپىگە بېرىپ، ئۇچقۇچىلار سىنىپى ۋە بومباردىمانچىلار سىنىپىدا ئوقۇشقا ئەۋەتتى. ئوقۇغۇچىلار ئەترىتىدىن يەنە 30 چە كىشىنى تاللاپ، ئاۋىئاتسىيە مەكتىپى، مېخانىزىم سىنىپى ۋە ھاۋارايى سىنىپىدا ئوقۇشقا كىرگۈزدى. ئاۋىئاتسىيە مەكتىپىگە كىرگەن بۇ ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش تۈگەتكەندىن كېيىن، بەزىلىرى ئامېرىكىغا بېرىپ بىلىم ئاشۇرۇشقا كېپىللىك بىلەن ئەۋەتىلدى، بەزىلىرى ھازىرغىچە تەيۋەندە. بۇنىڭدىن باشقا، سىياسىي تەربىيە سىنىپى سىياسىي تەربىيە ئەترىتىگە ئۆزگەرتىلىپ، بۇنىڭغا يېڭى ئوقۇغۇچىلاردىن 60 نەچچىسى تاللاندى. سىياسىي تەربىيە ئالىدىغان بۇ ئوقۇغۇچىلارنى شېڭ شىسەي ئورۇنلاشتۇرغان. ئۇلارنىڭ ئۆگىنىدىغان دەرسلىكى «سىياسىي ئىقتىساد ئىلمى» قاتارلىقلار بولۇپ، بۇنىمۇ شېڭ شىسەي بەلگىلىگەن. 1943 - يىلى، گومىنداڭ قوشۇنى ئارقا - ئارقىدىن شىنجاڭغا كىرگىلى تۇردى. گومىنداڭنىڭ كۈچى شىنجاڭ قوراللىق ئارمىيىسى ئوفىتسېرلەر مەكتىپىگە سىڭىپ كىرىشكە باشلىدى. 1944 - يىلى، شىنجاڭ قوراللىق ئارمىيىسى ئوفىتسېرلەر مەكتىپىنىڭ نامى رەسمىي مەركىزىي قوراللىق ئارمىيىسى ئوفىتسېرلەر مەكتىپى 9 - شۆبىسىگە ئۆزگەرتىلىپ، گومىنداڭنىڭ ھەربىي مەكتەپلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى ھەمدە شىنجاڭ ھەربىي مەكتىپىنىڭ 6 - قارارى مەركىزىي قوراللىق ئارمىيىسى ئوفىتسېرلەر مەكتىپىنىڭ 18 - قارارى قىلىندى. سوۋېتچە ھەربىي مائارىپ پروگراممىسى گومىنداڭچە ھەربىي مائارىپ پروگراممىسىغا ئۆزگەرتىلدى. ئىلگىرىكى



«جاھانگىرلىككە قارشى ئارمىيىسى» شۆبە ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى؛ سىياسىي تەربىيە مەزمۇنىدىمۇ زور ئۆزگىرىش بولۇپ، «دۆلەت قۇرۇش پروگراممىسى»، «دۆلەت قۇرۇش فاڭجېنى ۋە ستراتېگىيىسى، «ئۈچ مەسىلە» دېگەنگە ئوخشاش دەرسلىكلەر ئۆتۈلىدىغان بولدى. بۇ قاراردىكىلەر 1944 - يىلى 5 - ئايدا ئوقۇش تۈگىتىپ تەقسىم قىلىندى، ئۇلارغا مەركىزىي قوراللىق ئارمىيىسى ئوفىتسېرلەر مەكتىپىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىپلومى بېرىلدى.

7 - قاراردىكىلەر 1941 - يىلى 8 - ئايدا سەپكە قاتناشقانلار بولۇپ، بۇ قارارغا 220 نەچچە كىشى قوبۇل قىلىنغان. بۇ قاراردىكىلەر پەۋقۇلئاددە (توپچىلار) ئەترەت، خەۋەرلىشىش ئەترىتى، پىيادىلەر ئەترىتى ۋە ئاتلىقلار ئەترىتىگە بۆلۈنگەن. پەۋقۇلئاددە (توپچىلار) ئەترەتكە جاڭ خۇەيبىڭ، خەۋەرلىشىش ئەترىتىگە جاۋ گۇاڭكېنىڭ، ئاتلىقلار ئەترىتىگە لى ماۋلىن، كېيىن چېن يۈەن، پىيادىلەر ئەترىتىگە شۇ جۇڭجى، كېيىن جاڭ چىيىڭ باشلىق بولغان. بۇ قاراردىكىلەر 1945 - يىلى 5 - ئايدا ئوقۇش تۈگىتىپ، مەركىزىي قوراللىق ئارمىيىسى ئوفىتسېرلەر مەكتىپىنىڭ 19 - قارارى قىلىنغان. گومىنداڭدا شىنجاڭ ھەربىي مەكتىپىنى كەمسىتىش قارىشى بولغانلىقى، يېرىم يولدا ئوقۇشتىن چېكىنگەنلەر 70 - 80 دىن چۈشمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئاران 140 كىشى ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى ئالغان.

8 - قاراردىكىلەر 1942 - يىلى 9 - ئايدا سەپكە قاتناشقانلار بولۇپ، بۇ قارارغا 244 كىشى قوبۇل قىلىنغان. بۇ قاراردىكىلەر پىيادىلەر، ئاتلىقلار ۋە توپچىلار دەپ ئۈچ ئەترەتكە بۆلۈنگەن. پىيادىلەر ئەترىتىگە جاڭ چىيىڭ،

ئاتلىقلار ئەترىتىگە لى ماۋلىن، توپچىلار ئەترىتىگە ئاۋۋال مياۋ چۈنفاڭ، كېيىن ۋاڭ يۈلىن باشلىق بولغان. بۇ قاراردىكى ئوقۇغۇچىلار قاتتىق كەمسىتىلىشكە ئۇچراپ، گومىنداڭ تەرىپىدىن ئىدىيىسى ساپ بولمىغان يات ئۇنسۇرلار، دەپ قارالغانلىقتىن، ئۈچتىن بىر قىسىم ئوقۇغۇچى يېرىم يولدا ئارقا - ئارقىدىن ئوقۇش تاشلاپ كەتكەن، 1946 - يىلى ئاران 100 نەچچە كىشى ئوقۇش تۈگىتىپ، ئۇلار مەركىزىي قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى ئوفىتسېرلەر مەكتىپىنىڭ 20 - قارارى قىلىنغان.

ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە مەكتەپتىن چېكىنىدىغانلار بەك كۆپ بولۇپ، شىنجاڭغا كىرگەن گومىنداڭ قىسىملىرىغا تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېر تولۇقلاشقا تەسىر يەتكەنلىكتىن، 9 - شۆبە مەكتەپ دائىرىلىرى چېڭدۇدىكى باش مەكتەپتە سەپكە قاتناشقان ئوقۇغۇچىلار باش ئەترىتىدىن 450 ئوقۇغۇچىنى 9 - شۆبە مەكتەپكە تەربىيىلەش ئۈچۈن ئالاھىدە يۆتكەپ كەلدى. بۇ قاراردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ (ئوتتۇرا ئەترەت باشلىقلىرىنىڭ) كۆپىنچىسى مەركىزىي قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى ئوفىتسېرلىرى مەكتىپىنىڭ 13 -، 14 - قارارلىرىنى ئوقۇپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە توپچىلار ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ باشلىقى ۋاڭ ماۋرۇڭ، جاڭ شاڭكۈن، قۇرۇلۇش قىسمى ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ باشلىقى جاڭ مۇمىڭ، خەۋەرلىشىش ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ باشلىقى لى خەنيۇ قاتارلىقلار بار.

## 6. شىنجاڭ ھەربىي مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى تولۇقلاپ تەربىيىلەش

سۈڭ شىليەن 9 - شۆبە مەكتەپنىڭ مۇدىرلىقىنى ئۆتكۈزىۋالغاندىن كېيىن، ئۇ ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭ ھەربىي



مەكتىپىنىڭ ئىلگىرىكى 6 -، 7 - قارارلىرىغا ئۆتكۈزگەن تەربىيە پروگراممىسىنى ماقۇل كۆرمىگەن، سوۋېتچە تەربىيىگە قارشى تۇرغان، مەركىزىي قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى ئوفىتسېرلىرى مەكتىپى ۋە باشقا شۆبە مەكتەپلەر بىلەن بىردەك بولۇش ئۈچۈن، ئۇ نېمىسچە تەربىيە ئۇسۇلىنى قوللانماقچى بولۇپ، شىنجاڭ ھەربىي مەكتىپىنىڭ 1 - قارارىدىن 5 - قارارىغىچە ئوقۇپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى مەركەزلەشتۈرۈپ تولۇقلاپ تەربىيىلەشنى قارار قىلدى. 1946 - يىل 2 - ئاينىڭ 20 - كۈنى مەركىزىي قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى ئوفىتسېرلەر مەكتىپى 9 - شۆبىسىدە «ئوفىتسېرلارنى تولۇقلاپ تەربىيىلەش ئەترىتى» قۇرۇلدى، بۇنىڭغا جاڭ يۈلەي ئەترەت باشلىقى، مالىن سىياسىي يېتەكچى قىلىپ تەيىنلەندى. 1947 - يىل 1 - ئاينىڭ 20 - كۈنى يەنە 2 - قارارى باشلاندى، بۇنىڭغا جاڭ شاڭكۈي ئەترەت باشلىقى بولدى. ئەسلىدىكى شىنجاڭ ھەربىي مەكتىپىنىڭ 1 - قارارىدىن 5 - قارارىغىچە ئوقۇپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ھەممىسى دېگۈدەك بىر قېتىم تولۇقلاپ تەربىيىلىنىپ، يەنە كوللېكتىپ ھالدا گومىنداڭغا ئەزا بولدى. ئەسلىدىكى شىنجاڭ ھەربىي مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن بۇ ئوقۇغۇچىلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا مەركىزىي قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى ئوفىتسېرلەر مەكتىپىنىڭ 8 -، 11 -، 15 - ۋە 16 - قارارى قىلىنىپ، گومىنداڭ مەركىزىي ھەربىي مەكتىپى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىندى.

## 7. شىنجاڭ ئوفىتسېرلار كۇرسى

1947 - يىلىنىڭ ئاخىرى، مەركىزىي قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى ئوفىتسېرلەر مەكتىپى 9 - شۆبىسى قايتا تەشكىل قىلىنىپ،

9 - شۆبە مەكتەپنىڭ قۇرۇلمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، شىنجاڭ ئوفىتسېرلار كۇرسى قىلىپ تەشكىللەندى. كۇرس مۇدىرلىقىغا ليۇ شاۋفەن تەيىنلەندى. بۇ ھەربىي كۇرسنىڭ ۋەزىپىسى تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارنى نۆۋەت بويىچە تەربىيىلەشنى ئاساس قىلىش، يەنى ئەسكەرلىكتىن كېلىپ چىققان تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارنى تولۇقلاپ تەربىيىلەش بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە بەزى ۋاقىتلىق، قىسقا مۇددەتلىك كۇرسلار ئۇيۇشتۇرۇلدى. مەسىلەن، ھاۋادىكى نىشان بىلەن ئالاقىلىشىش كۇرسى دېگەنگە ئوخشاش. يېڭىدىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنمىدى. شۇ ۋاقىتقا قەدەر، 9 - شۆبە مەكتەپ 1000 ئوقۇغۇچى يېتىشتۈردى.

1948 - يىلى، تاۋسىيۇ ھەربىي كۇرسنى قايتا رەتلەش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى، ليۇ شاۋفەن ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىپ، شەرققە قايتتى. ۋىن شىڭچياۋ ئىلمىي مۇدىرلىققا يۆتكەپ كېلىندى، ئوفىتسېرلار ئەترىتى قۇرۇلۇپ، تەربىيىلەنگەندىن كېيىن ئوفىتسېرلىققا تولۇقلاندى. شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇش ھارپىسىدا، ئوفىتسېرلار كۇرسى جايلارنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاش، ھەقىقەتكە قايتىشقا قارشى ئۇنسۇرلارنىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش جەھەتلەردە مۇھىم رول ئوينىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، شىنجاڭ ھەربىي مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن بىر مۇنچىلىرى 1949 - يىللىرى يەر ئاستى ئىلغار تەشكىلات بولغان «كۈرەشچىلەر جەمئىيىتى»، «ئاۋانگارتلار جەمئىيىتى» قاتارلىق تەشكىلاتلارغا قاتنىشىپ، يېڭى جۇڭگونى بارلىققا كەلتۈرۈش ۋە شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىش يولىدا ئۆز كۈچلىرىنى تۆھپە قىلدى.



## 8. دالا لاگېرىدىكى مەشىق توغرىسىدا

بۇ يەردە يەنە ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى دالا لاگېرىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. 1938 - يىلى ياز پەسلىدە، ھەربىي مەكتەپ دالا مەشقى ئېلىپ بېرىپ، ئەمەلىي جەڭ قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشنى قارار قىلدى. دالا لاگېرى سەندۇڭبېيىنىڭ جەنۇبىدىكى ئىككى كىلومېتىرچە كېلىدىغان يەردە بولۇپ، بۇ يەر تۆت تەرىپىنى تاغ قورشىغان، ئارقا تەرىپى سۇلۇق، ئورمانلار بۈكباراقسان، ياۋا گۈل - گىياھلار بىلەن تولغان، ھاۋاسى ساپ، مەنزىرىسى كىشىگە ياقىدىغان جاي ئىدى. دالا لاگېرى رايونى ئىچىگە چېدىرلار چاسا شەكلىدە جايلاشقانىدى. جەنۇبىي تەرىپىدە مەشىق ئېلىپ بارغىلى بولىدىغان كەڭ ئوتلاق بار ئىدى. غەربىي تەرىپىدە مەنزىرىسى گۈزەل قارىياغاچلىق بار ئىدى، جەنۇبىي تاغ جىلغىسىدا خۇشخۇيەنچى كۆلى بار ئىدى. بۇ يەر قىسمىغا دالا لاگېرى قىلىنىدىغان كۆڭۈلدىكىدەك يەر ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ھەر يىلى ياز پەسلىدە بۇ يەردە تانكا بىلەن سۇ كېچىش مەشقى، ئات بىلەن سۇ كېچىش مانېۋىرى قاتارلىق تېخنىكىلىق پەنلەر تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلاتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئوقۇتقۇچىلىرى ئۆزلىرى تانكا ھەيدەپ ئۈلگە كۆرسىتىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قوماندانلىق قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈردى. ھازىر، دالا لاگېرى قىلىنغان جاي ئۈرۈمچىدىكى دەم ئېلىپ كۆڭۈل ئاچىدىغان يەر بولۇپ قالدى.

بۇ ماقالىنى مەن، زېن جاۋتەي، جۇ خېيۈەن، ۋاڭ زىدوڭ، چېن باۋخۇا قاتارلىق يولداشلارنىڭ ئورتاقلىشىشى بىلەن ئەسلەپ، رەتلەپ - يېزىپ چىققان.

پولات مۆمىن تەرجىمىسى

K 45/5V 6269

(٢٢)

| 借 者 | 借期 | 还期 | 借 者 | 借期 | 还期 |
| --- | --- | --- | --- | --- | --- |
| | / | / | | / | / |

| 分 类 编 号 | |
| --- | --- |
| K 45 | 5V |
| 登记号 6269 | |

读者注意

1. 爱护公共图书切勿任意卷折和涂写，损坏或遗失照章赔偿。
2. 请在借书期限前送还以便他人阅读请赐予合作。

成1106-1

责任编辑：哈力克·沙克
阿布利孜·穆罕默德·沙依拉米

新疆文史资料选辑(22)(维吾尔文)
中国人民政治协商会议新疆维吾尔自治区
委员会文史资料研究委员会编

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市建中路54号)
新疆新华书店发行 新疆新华印刷三厂印刷
787×1092毫米 32开本 8.625印张
1988年9月第1版 1988年9月第1次印刷
印数：1——5,700

ISBN 7-228-00724-7/K·61 定价：1.15元
(内部发行)